ئابدۇۋەلى ئەلى

# بەدۆلەت — بارسا كەلمەس يول

تارىخي قىسسە

(2 - كىتاب)

شىنجاڭ ئۈنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: پاللاخۇن ئەۋلاخۇن
ئاخىرقى تەكشۈرگۈچى: ئىمامھەسەن ئىبراھىم
مەسئۇل كوررېكتورى: تۇنسايىم ساۋۇت

بەدۆلەت — بارسا كەلمەس يول (2)
ئابدۇۋەلى ئەلى
•
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى №14، پ: 830046)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 850×1168، 1/32، باسما تاۋىقى: 9.5
1997 - يىل 1 - ئاي 1 - نەشرى
1997 - يىل 3 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 10350
ISBN7—5631—0840—8/Z·151
باھاسى: 23.00 يۈەن

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب جانان لوڭقا ........................ 1

ئىككىنچى باب «سەن قەيەرلىك، سەن نەلىك؟»...... 16

ئۈچىنچى باب خانلىق مەدرىسىسى..................... 39

تۆتىنچى باب «پوچى خوجام» ........................ 57

بەشىنچى باب شۈي شۆگۈك......................... 84

ئالتىنچى باب تۆھمەت قۇربانلىرى.................... 105

يەتتىنچى باب ئەنگلىيە ئەلچىلىرى بەدۆلەتنىڭ ھۇزۇرىدا ...................... 128

سەككىزىنچى باب قەدىرى كېچىسى..................... 154

توققۇزىنچى باب «ئالتەيۈزچاقىرىملىق جىددىي پەرمان»... 176

ئونىنچى باب «قوي پادا ـ پادا، ئىت بىرە ـ بىرە»... 199

ئون بىرىنچى باب تابۇشلۇك بېگىم ........................ 218

ئون ئىككىنچى باب «بارسا كەلمەس يول»................. 239

ئون ئۈچىنچى باب كوروپاتكىن كورلىدا.................. 259

ئون تۆتىنچى باب تازبۇلاقتىكى بۆرە ئويۇنى.......... 279

## بىرىنچى باب

# جانان لوڭقا

«چۆپنى خار قىلما،
كۆزۈڭگە سانجىلىدۇ.»

— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

مىلادى 1870 - يىلى باھار پەسلى.

تۆشۈك دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدا، بورا سايىۋەنلىك، قەشقەر ماتاسىدىن قىلىنغان چېدىرلىق ئاشپۇزۇللار ۋە سودىسى قايناپ تۇرغان چايخانىلار ئادەملەر بىلەن لىق تولۇپ كېتىشكەنىدى. تۈمەن دەرياسىنى بويلاپ دۆلەتباغ تەرەپكە كەتكەن يولنىڭ ياقىسىدىكى سايازلىق، چوڭقۇرلۇقلاردا ھەزرەتنىڭ① سۈيۈق ئۈمىچىغا تويماي، خۇددى ئاچ ئەرۋاھلاردەك بولۇپ قالغان، قورايدەك ئىنچىكە ئاۋارە دىۋانىلەر قاتار ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلار خۇددى شۇ يەرنىڭ ئۆزى- دىن ئۈنۈپ چىقىۋاتقاندەك ۋە خۇددى شۇ يەرنىڭ ئۆزىدە ئاس- تاغىنا يەرنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىۋاتقاندەك. گاھ پەيدا

① ھەزرەت — ئاپپاق خوجا مازىرى.

بولۇشاتتى، گاھ كۆزدىن غايىب بولۇشاتتى.

— ھەقدوست! بالاگەردان نەخشبەندە پىرىم،— دەپ زارلىدى بىر دىۋانە ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر يولۇچىنى كۆرۈپ.

بازارنىڭ بىر چېتىدىكى بوشلۇقتا بىرمۇنچە ئادەملەر ئولىشىۋالغانىدى. ناغرىلارنىڭ قاتتىق دۇمبۇرلەشلىرى، جەزكانايلارنىڭ ھۆركىرەشلىرى ۋە سۇنايلارنىڭ قاتتىق چىرىلداشلىرى ئىچىدە قىزىقچىلار، نەيرەڭۋاز - ھەييارلار، يىلان ئوينا تقۇچىلار، ئۇسسۇلچىلار، دارۋازلار كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چىقىرىپ ئۆز ھۈنەرلىرىنى كۆرسىتىۋاتاتتى. بىر چەتتە بىر توپ كىشىلەر ئىت تالاشتۇرۇۋاتاتتى. قوچقارچىلارنىڭ قوچقارلىرى قەيسەرلىك بىلەن ۋە جاھىللارچە ئۈسۈشۈپ ئېلىشماقتا ئىدى. تۈرلۈك شېۋىلەردە سۆزلىشىۋاتقان ئادەملەر ئۈستىدىكى ئاقۇچ مانانلىق ئاسماندا، ياپىلاق، تۇتۇق، نۇرسىز ۋە قىزىرىپ كەتكەن قۇياش مىخلاپ قويغاندەك مىدىرلىماي تۇراتتى. ھەممە يەر چاڭ - توپا ئىدى، ئۆلۈك توپا شامالدا ئۇچۇپ، چىش ئارىسىدا غىچىرلايتتى، بۇرۇنلارغا، كۆزلەرگە، قۇلاقلارغا كىرىپ كېتەتتى.

ناھايىتى ئېگىز باغلانغان دار ئۈستىدە، قولىغا بادرا تەڭشەك ئالغان، ئۇچىسىغا پەرىجە يېپىنىۋالغان ۋە شامالدىن كۆپۈپ تۇرغان كەڭ قىزىل شەلپەر ئىشتان كىيگەن، ياكار، دىقماق بىر ئادەم بىر تال چىلىك تارتىلغان ئۇزۇن ئارقان ئۈستىدە ئالدىغا ـ ئېگىزگە قاراپ سىلجىماقتا ئىدى. ئارقان ئاسمانپەلەك قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئىككى ئېگىز تۈۋرۈككە چىڭ تارتىلىپ، بىرقانچە يېرىدىن ئارقانلار بىلەن يەرگە مەھكەم قىلىپ بېكىتىپ قويۇلغانىدى. ھېلىقى دارۋاز ئارقان ئۈستىدە گاھ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇۋالاتتى، گاھ ئېگىلەتتى، گاھ قولىدىكى بادرا تەڭشەكنى يۇقىرىغا ئېتىۋېتىپ، شۇ ئارىلىقتا بىلىگە ئالدى تەرىپىدىن باغلانغان كىچىك بەل دۇمبىقىغا ئۇرۇۋېلىشقىمۇ

ئۇلگۇرۇپ، يەنە ئۇنى تۇتۇۋالاتتى. تۇيۇقسىز، كىشلەر ئارىسىدا «ۋاي!» دەپ ئەندىكىپ چىرقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. دارىنىڭ ئۇستىدىن بىر قارا نەرسە پۇلاڭلاپ يەرگە چۇشۇپ كېلىۋاتاتتى. كىشلەرنىڭ يۇرىكى «قارتتىدە» قىلىپ كەتتى-دە، بۇ پاجىئەنى كۆرۇشكە چىدىماي، كۆزلىرىنى يۇمۇۋېلىشتى.

— ھەي، قىيامەتنىڭ كۇچۇكى! ئادەمنى قورقۇتۇپ ئۆلتۇرەيلا دېدىڭۇ! — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى كىشلەر ئارىسىدىن. كىشلەر دار ئۇستىگە قارىۋېدى، ھېلىقى دىقماق دارۋاز دارىنىڭ ئۇستىدە كۇلۇپ قاراپ تۇراتتى. ئۇ دارىنىڭ بىر چېتىدىكى تۇۋرۇكنىڭ بېشىغا چىققاندا، ئۆزىنى يەرگە قارىتىپ تاشلىۋەتكەندى. كىشلەر ئۇنى داردىن يىقىلىپ چۇشتى دەپ قېلىشقاندا، ئۇ يەنە چاققانلىق بىلەن پۇتىنى دارىنىڭ ئارقىنىغا يۆگۇۋېلىشقا ئۇلگۇرگەندى. ئۇچىسىدىكى پەرىجىسىنى بولسا ئەتەي يەرگە تاشلىۋەتكەندى. پەستە ئالىمان گۇرۇلدەپ كېتىشتى. تەر پۇرىقى ۋە ئاشپۇزۇللاردىن چىقىۋاتقان ئۆتكۇر ياغ ھىدى سىڭگەن چاڭ پۇرقىراپ ئاسمانغا كۆتۇرۇلمەكتە ئىدى. پەقەت ئارقاننىڭ ئىنچىكە ھەمدە لىڭشىپ تۇرغان تارى بىلەنلا ئەجەلدىن يىراقتا تۇرغان دارۋاز بولسا، ئاسمان بوشلۇقىدا تەنھا ھالدا شامالغا ھەمراھ بولۇپ تۇراتتى......

ئۇزاق ئۆتمۇشتىكى يىللاردا، ئالتە شەھەر تەۋەسىدىكى ھەربىر شەھەرنىڭ ئۆز نامى بولغاندىن تاشقىرى، يەنە تۇرلۇك سۇپەتلىرىنى بىلدۇرىدىغان ناملىرىمۇ بار ئىدى. مەسىلەن، قەشقەر ئۆزىنىڭ ئەڭ قەدىمىيلىكى ۋە شەھەرلەر ئىچىدە مەشھۇرلۇقى بىلەن تەنتەنىلىك ھالدا «شەھىرى بۇزرۇك» دەپ ئاتالغان بولسا، يەكەن ئادەملىرىنىڭ خۇلق - مىجەزىنىڭ بىچارە سۇپەتلىكى بىلەن «غېرىبانە يەكەن» دەپ ئاتالغانىدى؛

خوتەن ئۆزىدىكى پەرھىزكارلارنىڭ تولىلىقى ۋە بۇ يەردە قەتلىئام قىلىنغان ئەھلى پازىل، سالىھلارنىڭ نۇرغۇنلۇقى بىلەن «شەھىدانە خوتەن» دەپ ئاتالغانىدى؛ كۇچا ئەھلى پېئىل ئېتىبارى جەھەتتىن بىر نىيەت - بىر ئىتتىپاق، ئۆلپەتلىكى زىيادە خەلق بولغانلىقى ئۈچۈن «غازىيانە كۇچا» دەپ ئاتالغان بولسا، تۇرپان ئەسھابۇل كەھف① نىڭ مازارگاھىغا مۇناسىۋەتلىك ھالدا، «ئەزىزانە تۇرپان» دەپ ئاتالغانىدى.

مەرىكىلەرنىڭ كۆپلۈكى، سەيلىلىرى ۋە باراۋەتلىرىنىڭ بىرىنىڭ كەينىدىن بىرىنىڭ ئۇلىشىپ كېلىدىغانلىقى، ئادەملىرىنىڭ بىغەم، بىپەرۋالىقى ۋە تۇرمۇش كەچۈرۈشىنىڭ ئاسانلىقى بويىچە پۈتۈن ئالتە شەھەر ھۆدۇتلۇقىدا قەشقەر بىلەن ھېچقانداق بىر شەھەر تەڭلىشەلمەيتتى. بىراق، بەدۆلەتنىڭ زامانىسىدا، قەشقەر روھسىزلىنىپ، ئەمىر ئىسلامنىڭ ئېغىر زۇلۇم - سېلىقلىرى ئاستىدا ھالسىراپ قالغانىدى.

ھېيت - ئايەملەر كونا ئادەت بويىچە ئۆتكۈزۈلەتتى. چايخانىلارنىڭ ئالدىدا كاناپچىلار كۇچىنىپ كانايلىرىنى ۋە بۇرغىلىرىنى چېلىشاتتى. ناغرىچىلار ئۆز ئۇستىلىقلىرىنى كۆرسىتىشەتتى. بازارلاردا قىزىقچىلار غىلجىڭلىشاتتى. ئەمما، ھازىرقى ھېيت - ئايەملەر ئاۋۋالقىدەك قىزىمايتتى، خۇشال - خۇراملىقمۇ قايناپ تۇرماس بولۇپ قالغانىدى.

شۇ چاغدىكى ئەھلى پازىللارنىڭ تەبىر بېرىشىچە، بۇ

---

① ئەسھابۇل كەھف — تۇرپاندىكى بىر مازارنىڭ نامى، مەشھۇر زىيارەتگاھ. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى: «غاردىكى ئادەم» دېگەن بولىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، قەدىمكى زاماندا ئەلدە تۆۋپىق - دىيانەت كۆتۈرۈلۈپ، زۇلۇم - سىتەم ئېشىپ كەتكەنلىكتىن، ئالتە يىگىت ۋە بىر ئىت بۇ غارغا كىرىۋاپتۇ ۋە ئۇ يەردە ئۇخلاپ قاپتۇ. ئۇلار ئويغىنىپ قارىسا، ئارىدىن ئۈچ يۈز يىل ئۆتۈپ كەتكەنمىش. بۇ ئەسلىدە غەربىي ئاسىيادا پەيدا بولغان بىر رىۋايەت بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، غارنىڭ ئورنىنى تۇرپاندا دەپ چۈشەندۈرۈشكەن.

زامانلار «مۇسۇلمان ئاۋات» بولسىمۇ، بىراق، بۇنداق تەنتەنىلىك تەبىرلەرنى بۇزۇپ قويىدىغان ئىشلارمۇ يوق ئەمەس ئىدى. ئەمىر ئىسلام مۇسۇلمان، بەگلەرمۇ مۇسۇلمان، پۇقرائىي - پەقىرلەرمۇ مۇسۇلمان، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھەممە كىشىنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشىمۇ مۇسۇلمانچە ئىدى. ئوغرىلىق قىلغانلارنىڭ قولى ئىسلام شەرىئىتى بويىچە كېسىلەتتى ۋە ياكى ئۇلار دارغا ئېسىلاتتى. زىناخورلار چالما - كېسەك قىلىناتتى. ئىچكىلىككە بېرىلگەن كىشىلەرگە شەرىئەتنىڭ قىرىق دەررىسى ئۇرۇلاتتى. رەئىسلەر مۇلازىملىرىغا دەررە كۆتۈرگۈزۈپ، نامازسىزلارنى، سەللىسىز يۈرگەنلەرنى، يۈزىگە چۈمبەل تارتمىغان خوتۇنلارنى تەپتىش قىلاتتى، پەرھىزنى بىلمىگەنلەرنى ئۇرغۇزاتتى. قائىدە - يوسۇن شۇنچىلىك نازۇك بولۇپ تۇرۇپمۇ، كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرى ئارقىسىدىن تېشىلىپ، ماللىرى ئوغرىلىنىۋېرەتتى. ئوغرى - قاراقچىلار ئۆز تىرىكچىلىكلىرى ئارقىسىدىن قالمايتتى. چالما - كېسەك قىلىنىدىغانغا زىناخورلارمۇ ئېشىپ - تېشىپ تۇراتتى. پۈتۈن ئۆمرىدە پېشانىسى سەجدە كۆرمىگەنلەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. ئەمما، پەرھىزنىڭ باش تەرىپىدىن تۆت - بەش كەلىمە ئايەتنى دۇدۇقلىماي ئوقۇپ بېرىش — ھەركىمنىڭ قولىدىن كېلەتتى. كۆپ كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىدە مەي - شاراب، بوزلار خۇمرىلاپ قايناپ ياتسا، ئىككىنچى تەرەپتە رەسمىي يوسۇندا ئىچىملىك ساتىدىغان شوپاڭخانىلارمۇ يوق ئەمەس ئىدى.

قەشقەردە يېڭى خانىقالار، يېڭى مېچىتلەر قۇرۇلۇۋاتاتتى. مازارگاھلار يېڭىلىنىپ، تۇغلىرى يېڭىدىن قادىلىۋاتاتتى. قەشقەرگە ھەر تەرەپتىن موللا - ئىشان، سوپى - ئاشىقلار كېلىشمەكتە ئىدى. دەرۋەقە، موللا - ئىشان، ئۆلىما - پازىللار ئۈچۈن بىرلا يول بار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ، بەدۆلەت — ئاتالىق غازىنىڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، تاپاۋىتى كۆپ قازىلىق مەنسىپىنى قولغا كىرگۈزۈش، ساراي ئۆلىماسىغا ئايلىنىپ، ھۆكۈمدارلارنىڭ ھەر خىل ئىشلىرىغا پەتىۋا بېرىش ئىدى.

بىر كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى، بەدۆلەت قولىدا مەي تولدۇرۇلغان بىللۇر قەدەھ بىلەن ئۆز خانىسىدا شىركەيپ بولۇپ ئولتۇراتتى.

ئۇنىڭ ئارامىغا كىمدۇر بىرى پۇتلىكاشاڭ بولدى.

— ئەمىر ئىسلام جانابىي ئالىيلىرى، كوچا تەرەپتىن پەۋقۇلئاددە خەۋەر كەلدى.

بەدۆلەت ئالدىراج دادخاھنىڭ سىلىق ئاۋازىنى تونۇدى — يۇ، ئەمما ئۇنىڭغا ئۆرۈلۈپ قارىغۇسى كەلمىدى:

— نىمە خەۋەر بولسا، چوڭ بەگ بەچچىگە① ئېيتىۋېرىڭ!

— تەتەي ئاغىچا مېنى سىزگە ئەۋەتتى ئەمىرئىسلام جانابىي ئالىيلىرى!

بەدۆلەت ئەمدى ئالدىراج دادخاھقا ئۆرۈلۈپ قارىدى. ئۇنىڭ يېنىپ — يېنىپ قىلغان تەكرار تەزىملىرىمۇ، پەستىكى چىشلىرى چۈشۈپ كەتكەن كەمتۈك ئاغزىنىڭ تەبەسسۇممۇ مۇشۇ تاپتا بەدۆلەتنىڭ كۆزىگە تولىمۇ سەت كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى.

— جانابىي دادخاھ، بىزنى نېمىشقا ئارام ئالغىلى قويمايسىز؟

— ئەمىر ئىسلام! سەلتەنەتىڭىز خەۋپ ئاستىدا! مەن شۇنىڭ ئۈچۈن ئارامىڭىزنى بۇزۇشقا جۈرئەت قىلدىم!

— يەنە قانداق خەۋپ؟ چوڭ بەگ بەچچە قايەردە؟

— تەتەي ئاغىچا بىلەن بىللە جانابىي ئالىينى كۈتمەكتە.

بەدۆلەت ئۇنىڭ كەيپىنى بۇزغانلىقىدىن ئاچچىقى كېلىپ، قولىدىكى بىللۇر قەدەھنى مەي بىلەن قوشۇپ مەرمەر تامغا ئېتىپ ئۇرۇپ چۇل — چۇل قىلىۋەتتى.

كېيىن، سەمرىگەن يوغان گەۋدىسىنى چايقىغان ھالدا تاشقىرىغا چىقتى.

ئەينەك سارايىنىڭ ئىشكى ئالدىدا، ئەللىك ياشلاردىكى،

① چوڭ بەگ بەچچە — ياقۇپبەگنىڭ چوڭ ئوغلى بەگقۇلىبەگنىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى.

دۆڭ قاپاق، بۇدۇر ساقاللىق بىر ئەمىر لەشكەر قول قوشتۇرۇپ بېشىنى ئېگىپ تۇرۇپتۇ. بەگ بەچچە — بەگقۇلبەگ ئۆينىڭ تۆرىدىكى شاھنىشىن ئالدىدا تۇراتتى. بۇ چاغدا ئۆينىڭ تۆرىدە تىك تۇرغان تەتەي ئاغىچىنىڭ يۈزى غەزەپتىنمۇ ياكى قورق-قانلىقتىنمۇ تاتىرىپ كەتكەنىدى:

— سەئىدىم، سىز ئەيش - ئىشرەت بىلەن بەندىسىز. دۈشمەننىڭ سەلتەنىتىڭىزنىڭ بوسۇغىسىغىلا كېلىپ قالغانلىقىدىن بىخەۋەرسىز!

بەدۆلەتنىڭ ئۈرۈمچى، تۇرپان ئەتراپلىرىنى بېسىپ ياتقان داۋۇت خەلىپىنىڭ تۇرپاندىن قوشۇن تارتىپ كېلىپ، ئۇنىڭ شەرقىي چېگرىسىغا تەھدىت سېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋىرى بار ئىدى. كورلىغا كىچىك بەگ بەچچە — ھەققۇلبەگنى ئەمرۇل ئۇمرا① قىلىپ تەيىنلىگەندىن كېيىن، كۈنچىقىش تەرەپلىرىنىڭ مۇھارىبىيە② ئىشلىرىدىن خاتىرجەم بولۇپ، قەشقەردە خاتىرجەم تاماشاسىنى قىلىپ ياتقانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن تەتەي ئاغىچىغا گۆلەيدى:

— يەنە نېمە ۋەھىمە؟

— سەئىدىم، بىزگە ئىشەنمىسىڭىز، مانا ئەمىر لەشكەر جامەدار دادخاھ جانابلىرىدىن سوراڭ. ئەمرۇل ئۇمرا ئۇنى ئاقسۇدىن ھۇزۇرىڭىزغا ياردەم تەلەپ قىلىپ ئەۋەتىپتۇ. تۇڭگا-نىيلار كىچىك بەگ بەچچىدىن كورلىنى تارتىۋېلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئىلگىرىلەپ كېلىپ كۇچانىمۇ بېسىۋاپتۇدەك. ئەمدى ئۇلار بۇ تەرەپلەرگىمۇ يۈرۈش قىلماقچى بولۇپ تەييارلىنىۋېتىپتۇدەك!

— ئىشەنمەيمەن! — دەپ بەدۆلەت قول قوشتۇرۇپ تۇرغان جامەدار دادخاھقا تىكىلدى.

— ئەمىر ئىسلام جانابىي ئالىيلىرى! بۇ بەتبەخت تۇڭگا-

---

① ئەمرۇل ئۇمرا — باش قوماندان.
② مۇھارىبىيە — ئۇرۇشقا ئائىت ئىشلار.

نىلار لەۋزىدە تۇرۇشمىدى. ئۇلار ئەھد - پەيمانغا خىلاپلىق قىلىشىپ، شەبخۇن ئۇرۇپ، كورلىنى بىر كېچىدىلا بېسىۋېلىشتى. چاپ - چاپ ئىچىدىن ئەمرۇل ئۇمرا جانابلىرىنى ئارانلا ئاجرىتىپ چىقالىدۇق. مانا بۇ ئەمرۇل ئۇمرانىڭ سىلىگە يازغان مەكتۇپى.

ئۇ ھەققۇلىبەگنىڭ بەدۆلەتكە يازغان خېتىنى قوش قوللاپ ئۇنىڭغا سۇندى.

سەۋر قاچىسى تولۇپ ئارانلا تۇرغان بەدۆلەت ئۇنىڭ قولىدىن خەتنى يۇلۇپ ئالدى. خەتتە مۇنۇلار يېزىلغانىدى:

«... ئانھەزرىتىمگە سالامدىن سۇڭرە، شۇل ئىش مەلۇم بولغايكىم، قوزا پەسلىدە تۇرپان تەرەپتىن لەنشىڭ يەنشەي دېگەن بىرى ئۇرۇمچى تۇڭگانىيلىرىدىن يىگىرمە مىڭ لەشكەرگە باش بولۇپ، كورلا تەۋەسىدە پەيدا بولدى. ئەمىر لەشكەر ئاۋغان خەير مۇھەممەت توپچىدار جانابىي ئالىيلىرىنىڭ بەرگەن تۇز - تامىقىغا خىيانەت قىلىپ، ئاسىيلىق دۇمبىقىنى ئاشكارا چالدى ۋە يۈز ئۆرۈپ تۇڭگانىيلار تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ بەتبەخت قورقماي ۋە ئەيمەنمەي، تۇڭگانىيلارنى جەڭ - جېدەلگە تەرغىپ قىلىپ ۋە كۈشكۈرتۈپ، تولا زىيانلىق ھەرىكەتلەرنى قىلدى. كۆپ قېتىم تۇڭگانىيلارنى باشلاپ كېلىپ شەبخۇن ئۇرۇپ، يىگىتلىرىمىزنى ھەددى - ھېسابسىز زىيان - زەخمەتكە مۇپتىلا قىلدى. بىز ئالدىراشچىلىقتا توپ - زەمبىرەكلەرگە ئاق تەڭگە، چاقا پۇللارنى سېلىپ ئېتىپ، تۇڭگانىي پاراكەندىلەرنىڭ بىرمۇنچىسىنى يوقلۇق ھارۋىسىغا سېلىپ، ئۇ ئالەمگە جۆنەتتۇق. شۇنداق بولسىمۇ بەتبەخت تۇڭگانىيلار رويى زېمىننى قاپلىغان چېكەتكىدەك يوپۇرۇلۇپ كېلىۋەردى .... مۇبادا، جانابىي ئالىيلىرى بۇ قازاغا ئامال قىلمىسا، بىزلەر قانداق تاقابىل تۇرۇشنى بىلمىدۇق ...»

بەدۆلەت كۇچانى تەسەررۇپىغا ئالغاندىن كېيىن، داۋۇت

خەلىپىنى سۈرۈپ ئۈششاقتالغا بارغاندا، تۈڭگانىيلار بىلەن ئەھدەپەيمان قىلىشىپ، داۋۇت خەلىپە ئۈششاقتالنىڭ شەرقىدىكى جايلارغا، بەدۆلەت ئۈششاقتالنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارغا ئۆز ھۆكۈمىنى يۈرگۈزىدىغان، ئۈششاقتالنى پاسىل قىلىشىدىغان بولۇپ، ھاجى مىرزا بېشىنى كورلىدا بىر زاكاتخانا سېلىشقا، مىربابا دادخاھنى ئۈششاقتال بىلەن چۇقۇدا چوڭ ئىككى قاراۋۇلخانا بەرپا قىلىشقا تەيىنلىگەنىدى. بۇ جايلاردا قورغان سوقتۇرۇپ، قاراۋۇلبېگى بىلەن يىگىتلەرنى توختاتقانىدى.

بەدۆلەت جامەدار دادخاھتىن بەزى تەپسىلاتلارنى سورىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئىجازەت بەردى، بەگ بەچچىمۇ ئىجازەت ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

— سەئىدىم، قېنى چايغا مەرھەمەت!— دېدى تەتەي ئاغىچا خونچىلىق جانان چىنىدىكى خۇش پۇراق دەملەنگەن چاينى بەدۆلەتنىڭ ئالدىغا قويغاندىن كېيىن،— سىزدەك ساھىب دۆلەتى ئەيش - ئىشرەت بىلەن مەغۇل بولۇپ كەتسە، ئاقىۋەتنىڭ نېمە بىلەن نەتىجىلىنىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟

— گۈلۈم، ئەندىشە قىلمەڭىز، بىز خەۋپنىڭ بېلىنى ئۈشتۈغۈچىلىك ماغدۇرغا ئېگىمىز.

— شۇنداق، سەئىدىم، بۇنىڭغا ئىشەنچىم كامىل. بىراق، «تارىختىكى خانىدانلار شۆھرەت تاپتى ئازغىنا، گۈللەندى شىجائەتتىن، مۇنقەرز بولدى ئىشرەتتىن» دېگەن ھېكمەتنى ئاڭلىمىغانمىدىڭىز؟ سىز ئەيش - ئىشرەت ئۈچۈنلا ساھىب دۆلەتى بولغانمىدىڭىز؟

— بىز بۇ پاراكەندە زېمىندا يۇرتدارچىلىق تىزگىنىنى قولىمىزدا تۇتقاندىلا، بۈيۈك ئىشلارنى كۆزلەپ قويغانىمىز. مۇشۇ ئۇلۇغ مەقسەت يولىدا قان كېچىپ جەڭ قىلدۇق. ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، پاراكەندە ئەل تىنچىپ، قوزىلار بۆرىنىڭ ئەمچىكىدىن سۈت ئەمگۈدەك، كەكلىك بىلەن قارچىغا

بىر ئۆۋدا ياشىغۇدەك دەرىجىدە ئادالەت ئورنىدى، ئەمىنلىك
جارى بولدى. بىزنىڭ بۈيۈك مەقسەتلىرىمىزنىڭ ئىشقا ئېشى-
شىغا بىر ئۇچۇم پاراكەندە تۇڭگانىيلار ھەرگىز توسالغۇ بولال-
مايدۇ،— دەپ جاۋاب بەردى بەدۆلەت چىنىدىكى چاينى
ئوتلاپ تۇرۇپ.

— ئۇيغۇرلاردا: «دۈشمەننىڭ چۈمۈلىدەك بولسىمۇ، سەن
ئۇنى كىچىك چاغلىما» دېگەن بىر قەدىمكى تەمسىل بار،—
دېدى تەتەي ئاغىچا بەدۆلەتكە مەنىسىنى قاراپ قويغاندىن
كېيىن. — ۋەلىيلەر يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىدا ئەزەلدىن كىچىك
ئىشلاردىن چوڭ ئىشلارنىڭ سىماسىنى كۆرۈپ كەلگەن. سە-
نىدىم، بۈيۈك سانالغان ئىشلار ھامان ئاددىي، باشقىلارنىڭ
نەزىرىگە ئىلىنمايدىغان، ئەمما ۋاز كەچكىلى بولمايدىغان ئىش-
لارنىڭ ئارىسىدا تۇرغان بولىد ...

بەدۆلەت تەئەججۈپ نەزىرى بىلەن تەتەي ئاغىچىغا
تىكىلدى.

— قەدىمكى زاماندا بىر كىشى دۇكاندىن نەپىس ياسال-
غان بىر جانان لوڭقا سېتىۋاپتۇ. دۇكان ئىگىسى ھېلىقى لوڭ-
قىنى بىر ساندۇققا قاچىلاپ، ئەتراپىنى ئەسكى - تۈسكى
لاتا - مازلار بىلەن تولدۇرۇپ، لوڭقىنى مىدىرلىمايدىغان
قىلىپ بېرىپتۇ ۋە «ئەمدى ھەرقانچە ئېگىز يەردىن تاشلىسى-
ڭىزمۇ، ساندۇقنىڭ ئىچىدىكى لوڭقا زادى سۇنمايدۇ» دەپتۇ.
ھېلىقى ئادەم ئىچىدە: «مېنىڭ پۇللۇق لوڭقىنى بىر پۇلغا يارى-
مايدىغان ئەسكى ساندۇققا سېلىپ قويۇپ، زادى سۇنمايدۇ،
دەۋاتقىنىنى كۆرۈڭ بۇنىڭ!» دەپ ئويلاپتۇ - يۇ، ئەمما، ئۇندىمەپ-
تۇ. ئۇ لوڭقا قاچىلانغان ساندۇقنى كۆتۈرگەن پېتى دۇكاندىن
چىقىپ بىر دەم مېڭىپتۇ، ئاندىن لوڭقىنى ساندۇقتىن چىقىرى-
ۋېلىپ، ھېلىقى ئەسكى ساندۇقنى تاشلىۋېتىپتۇ - دە، قولىدىكى
جانان لوڭقىنىڭ كۆركەملىكىدىن پەخىرلىنىپ مېڭىپتۇ. كېتىۋې-

تىپ، يولدا تۇرغان بىر تاشنى كۆرمەي پۇتلىشىپ يىقىلىپتىكەن، قولىدىكى لوڭقا ھېلىقى تاشقا تېگىپ چۇل - چۇل بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىگىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغانلىقىغا ئۆكۈنۈپ، كۆپ پۇشايمانلارنى قىلىپتۇ. ئەمما، قانچە پۇشايمان قىلغان بىلەنمۇ، ئىش ئورنىغا كەلمەيدۇ - دە! «ئىست، — دەپتۇ شۇ چاغدا ئۇ، — جانان لوڭقا ئۈچۈن ئۇنى چېقىلىپ كېتىشتىن ساقلايدىغان ھېلىقى ئەسكى ساندۇق ئوخشاشلا قىممەتلىك ئىكەنغۇ؟ مەن كەم ئەقىل نېمىشقا بۇنى ئويلاپ يەتمىدىم؟» سەلتەنەت ئىشىمۇ شۇنىڭ مىسالىدىندۇر، — دېدى تەتەي ئاغىچا بەدۆلەتنىڭ جىمىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، — سەئىدىم، ساھىب دۆلەتتى ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ تېخىمۇ شۇنداق ...

تەتەي ئاغىچىنىڭ كېيىنكى سۆزلىرى بەدۆلەتنى چوڭقۇر ئويغا سېلىپ قويدى. دېمىسىمۇ، راشىدىن خاننى يىخىشتۇرۇپ، ئۇرۇمچى تۇڭگانىيلىرى بىلەن سۈلھىگە كەلگەندىن بۇيان، ئەيش - ئىشرەت بەدۆلەت ئۈچۈن مۇھىم، بەلكى ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان چوڭ ئىش بولۇپ قالغانىدى. ئۇ، پۈتۈن يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىنى بەگ بەچچە — بەگقۇلبەگكە تاشلاپ قويدى. چۈنكى، بۇ يۈكسەك سەلتەنەت بەدۆلەتنىڭ ھوقۇق - ھەشمىتىنى پەلەككە يەتكۈزدى. شۇڭا، بۇرۇنقىدەك تەشۋىش، ئەندىشە، غەم - غۇسسە ئۇنىڭ خىيالىغىمۇ كىرمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئالتە شەھەر ھۆددۇتلۇقىدىكى پۈتكۈل يۇرت - ئايماقلار ئۇنىڭغا تەۋە بولدى. بەلكى راشىدىن خان خوجا ۋە ھاجى پادىشاھدەك بۈيۈك خوجىلارمۇ ئۇنىڭ قولىدا يوقلۇق شارابىنى ئىچىپ، ئۇلارنىڭ ۋىلايەتلىرى ئۇنىڭ ھۆكۈمىگە بويسۇندى. پەلەك ئۇنىڭ ئۈستىدە دۆلەت شامىنى ياندۇردى، پۈتكۈل ئالتە شەھەر تەۋەسى ئۇنىڭ ئۈچۈن قارارگاھ بولدى. جىمى باشباشتاقلار ئۇنىڭ ئەمرىگە بويسۇندى. ئالتە شەھەرنىڭ ھاكىمـ

بەگلىرى ئۇنىڭغا چاكار بولۇشنى قوبۇل كۆردى. بەدۆلەت
بارلىق هاكىمبەگلەرگە مەنسەپ ـ تاج بېرىپ، ھەممىسىگە باج ـ
خىراج تەيىنلىدى. جاھان ئىچىدە شۇ تەرىقىدە قائىدە ـ يو-
سۇنلارنى تۈزۈپ چىقتى. تامام هاكىمبەگلەر ئۇنىڭغا باج ـ
خىراج تاپشۇرۇشنى قوبۇل قىلغاندىن سىرت، بەدۆلەت-
نىڭ قارارگاھىغا بېرىشتىن مەھرۇم بولۇپ، ئۇنىڭ خىزمىتىنى
قىلىشقا موھتاج بولۇپ قالمايلى دەپ، ھەر ھەپتىدە ئۆزلىرى
توپلىغان خەزىنىلىرىنى قەشقەرگە يوللاپ تۇراتتى. بۇنداق
قىلىشنى بارلىق مەنسەپدارلار ئۆزلىرى ئۈچۈن شەرەپ ۋە شاد-
لىق دەپ بىلىشەتتى. ھەرقانداق بىر شەھەرنىڭ هاكىمبەگلىرىگە
ئەتىۋارلىق تۆھپىلەر، مەسىلەن ئالايلۇق، قىممەتباھا سەنسەن جۇۋىلار،
مۇشكى ـ ئەنبەر، ئىشقىلىپ ئالتە شەھەر تەۋەسىدە ئاز ئۇچراي-
دىغان نەرسە ـ كېرەكلەر يولۇقۇپ قالسا، بۇنداق تۆھپە
ئەلۋەتتە بەدۆلەتكە مەنسۇپ قىلىناتتى ـ دە، ئۇنىڭ دۆلەتخانى-
سىغا تولۇقى بىلەن تاپشۇرۇلۇشى شەرت ئىدى. بۇ تۆھپىلەرنىڭ
كۆپ ياكى ئاز بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسى بەدۆلەتنىڭ
خەزىنە ئىمارىتىگە ئۆتەتتى. بۇ هاكىمبەگلەر چىرايلىق قىز ـ
چوكانلارنىمۇ بەدۆلەتكە يوللاپ تۇراتتى.

بىر كۈنى، بەدۆلەت ئۆزىنىڭ ھەمسۆھبەتلىرىدىن① ئاتاق-
لىق مۇغەننەچى مۇھەممەت موللام②، مۇقامچى ھېلىم ساتار،
داڭلىق داپەندە سېلىملارنى ھەرەمخانىسىغا چىللىدى. ئۇ كۈنى-

① ھەمسۆھبەت ــ ياقۇپبەگنىڭ ھۇزۇرىدا ئۇنىڭ بىلەن تاماق ـ
غىزادا بىللە بولىدىغان بىرقانچە دائىملىق مېھمانلىرى بولاتتى. بۇلار «ھەم-
سۆھبەت»دەپ ئاتىلاتتى.

② مۇھەممەت موللام ــ ئەسلى قەشقەرلىق، ئىلى مۇقامچىلىرىنىڭ
پېشۋاسى كارۇشاڭ ئاخۇنۇم دېگەن كىشى شۇ. بۇ ھورمەتلىك زات ھەققىدە
ئاتاقلىق خەلق ناخشىچىسى ئابدۇۋەلىجارۇللايۇۋنىڭ تەرجىمھالى: «يىللار
شۇنداق ئۆتكەن» دېگەن ئەسەردە مەلۇمات بېرىلگەن.

دىگى بەزمە تۈن نىسپىگىچە داۋام قىلدى. بەدۆلەت ئىگىزدە — شاھنىشىندە ئولتۇراتتى. مۇھەممەت موللام قاتارلىق سازەندىلەر پەستە — سول تەرەپتە ئولتۇرۇپ «چەببىيات مۇقامى»نى چېلىشتى. ساز — مۇقاملار ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەندە، ئوتتۇز ئۈچ ئۇسسۇلچى قىز ئۈچ قاتار بولۇپ ئۇسسۇلغا چۈشتى ....

بەزمە ئاخىر تامام بولدى. مۇھەممەت موللاملار سارايدا قونۇپ قېلىشتى. ئۇلار ئۇخلىماقچى بولۇپ تۇرۇشقىنىدا، ئۈن تۆت — ئون بەشلەردە بار بىر مەھرەم بەچچە ئۇلار ياتقان ھۇجرىغا كىرىپ، ئۇياق — بۇياققا قاراپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. بۇ چىرايلىق، خۇشرۇي بىر غۇلام ئىدى.

— موللىكا، بۇ نائىنساب بەگ مۇشۇ غۇلامىنىمۇ ساق قويمايدىغان ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى مۇقامچى ھېلىم ئەتراپىغا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن.

— بۇ بەچچىغەر بۇنداق نارەسىدە بالا ئۇ ياقتا تۇرسۇن، توغرا كەلگەندە، ئىت — توڭگۇزدىنمۇ يانمايدۇ دېسىلە، — دېدى سېلىم داپەندە ئۇنىڭغا جۆر بولۇپ.

— بەدۆلەتنىڭ سۆيۈملۈك خاتۇنى — تەتەي ئاغىچىسى ۋە نۇرغۇن خاس ئايىملىرى، كۆڭۈل ئاچىدىغان قىرىق قىزلىرى بار تۇرۇپ، يەنە بەچچىۋازلىقمۇ قىلارمۇ؟

— ھەي، ئۇنىڭ نەرىسىمۇ مۇسۇلمان دېگىلى بولسۇن؟...

— خەپ — شۈك! — دېدى مەھەممەت موللا كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى لېۋىگە تەگكۈزۈپ، تالادا تىۋىش ئاڭلىنىۋاتقانىدى.

ئەتىسى، ئۇلار ناماز بامداتنى ئۆتەپ بولۇشۇپ، ئادەت بويىچە مېچىت سەھنىسىدە بەدۆلەتكە سالام بېرىپ كۆرۈنۈش قىلىشتى. ئاندىن ئەتىگەنلىك ناشتىغا ئولتۇرۇشتى. بەدۆلەتنىڭ بىر مەھرىمى كىرىپ داستىخان سېلىپ، چاينى تەييارلاپ قويغاندىن كېيىن چىقىپ كەتتى. بىر پەستىن كېيىن، بەدۆلەت كىرىپ ئۇلار بىلەن ئاۋۋالقىدەكلا پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرۇشتى.

بىر چاغلاردا بەدۆلەت مۇھەممەت موللامدىن ئەللىك سەر ئالتۇن ئالغانىكەن، شۇ ئىش ئۇنىڭ يادىغا كېلىپ قالغانمۇ، قوينىدىن بىر كاللەك ئالتۇننى چىقاردى:

— موللا مۇھەممەت، سىزگە ئەللىك سەر ئالتۇن قەرزدار ئىدۇق، ئەسلىدە ئەللىك سەرنىڭ ھەممىسىنى بىرەيلى دەپ ئويلىشىۋېدۇق. كىچە نىياز ھېكىمبەگدىن ئوتتۇز ئۈچ سەر ئالتۇن كەلگەنىكەن، ھازىرچە مۇشۇنى ئېلىپ تۇرسىڭىز. قالغان ئون يەتتە سەرنى يەنە بېرۇرمىز،— دەپ ھېلىقى ئالتۇننى موللامغا سۇندى.

مۇھەممەت موللام ئورنىدىن تۇرۇپ بەدۆلەتكە قوللۇق بىلدۈرگەندىن كېيىن، ئالتۇننى ئالماقچى بولۇپ قولىنى ئۇزۇتۇۋېدى، بەدۆلەت ئالتۇننى قويۇپ بەرمەي چىڭ تۇتۇپ تۇرۇۋالدى. شۇنداق قىلىپ ھېلىقى ئالتۇننىڭ بىر ئۇچى بەدۆلەتنىڭ قولىدا، بىر ئۇچى مۇھەممەت موللامنىڭ قولىدا بىر پەس تۇرۇپ قېلىشتى.

— ئادەمنىڭ تىلى ۋە دىلى بىر - بىرىگە مۇۋاپىق بولسا، نېمە بولىدۇ؟— دەپ سورىدى بەدۆلەت مۇھەممەت موللامغا تىكىلىپ تۇرۇپ.

— سادىق، يەنى راستكۆي بولىدۇ،— دەپ جاۋاب بەردى مۇھەممەت موللام.

— ئەگەر مۇخالىپ بولسا نېمە بولىدۇ؟

— مۇناپىق بولىدۇ!

بىز ياشلىقىمىزدا ھەرنە پوق يېسەك يېگەندۇرمىز، ئەمما، يېشىمىز ھالا بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ھېلىقى ئەر - ئوغۇل ئەمەس، ھەتتا نىكاھسىز خوتۇنىڭمۇ ئېتىكىنى ئاچقىنىمىز يوق. نەچچە خاتۇن ۋە بىر مۇنچە كېنىزەكلىرىمىز بار. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى شەرىئەتكە مۇۋاپىق ئەھد نىكاھىمىزغا ئېلىپ، تەمەننات بېرىپ، تەربىيىلەپ كەلمەكتىمىز. ئىنشائاللا، بىز مۇسۇل-

يامان، سىزلەرنىڭ گۇمان قىلغىنىڭىزدەك يامان سۆز، يامان
تۆھمەتلەردىن پاك ۋە يىراقتىمىز!

بەدۆلەتنىڭ سۆزىنىڭ ئايىقى چۇشەر - چۇشمەي، مۇھەم-
مەت موللامنىڭ ۋۇجۇدىدا جان قالمىدى، لاغ - لاغ تىترەپ
قولىدىكى ئالتۇننى قويۇپ بەردى، ئالتۇن يەرگە چۇشۇپ كەتتى.
بەدۆلەت سۆزىنى تۈگىتىپلا، خوشمۇ دېمەستىن چىقىپ كەتتى.

مۇھەممەت موللام، سېلىم ساتارچى ۋە ھېلىم داپەندىلەر
بىر هازاغىچە پاراڭ سېلىشماي جىم - جىم ئولتۇرۇپ كېتىشتى.
ئۇلار قورقىنىدىن سوغۇق تەرلەپ كېتىشكەنىدى.

ئۇلار: «سىز دېمىسىڭىز، مەن ئېيتماس ئىدىم، سىز خوش
دەپ بەرمىسىڭىز، مەن سۆزلىمەس ئىدىم» دېيىشىپ، بىر مەھەل
بىر - بىرىگە تاپا - تەنە قىلىشقاندىن كېيىن، توۋا - ئىس-
تىغپار ئوقۇشۇپ، بۇنىڭدىن كېيىن ياقۇببەگنىڭ ھەققىدە ھەر-
گىز پاراڭ قىلىشماسلىققا ئەھد - پەيمانلار ئىچىشىپ، ئاران
چىقىپ كېتىشتى. شۇ كۇنى كېچىسى مۇھەممەت موللام ئۇچتۇر-
پان يولى ئارقىلىق ئىلىغا بارماقچى بولۇپ، ئۆيىدىن بېشىنى
ئېلىپ چىقىپ كەتتى. سېلىم ساتارچى بىلەن ھېلىم داپەندە
مۇھەممەت موللامنىڭ «قېچىپ كېتەيلى» دېگەن گېپىگە
كىرمىگەنلىكتىن، ئاز ئۆتمەي بەدۆلەت تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ
ھەپسىگە تاشلاندى.

## ئىككىنچى باب

# «سەن قەيەرلىك، سەن نەلىك؟»

**كىمكى مىللەتنى پارچىلاپ، ئىچكى نىزاھ پەيدا قىلسا، ئۇنىڭغا تەڭرىنىڭ لەنىتى ياغدۇ.**

مىلادى 1870 - يىل 8 - ئاينىڭ 26 - كۈنى.

تاڭ سەھەر پۈتۈن شەھەرگە شادلىق بېغىشلىدى. كېچە-
لىرى سەت ھەم شۈبھىلىك كۆرۈنگەن جايلاردا ھازىر كۆلكە
جەۋلان قىلاتتى. كۆزنى قاماشتۇرىدىغان قۇياش نۇرى ئۆيلەر-
نىڭ دېرىزە مەرەپلىرىدە ئۇسسۇلغا چۈشۈپ، پەردە ۋە چىمىل-
دىقلاردىن ئۆتۈپ، شېرىن ئۇيقۇدا ياتقان كىشلەرنىڭ كۆزلى-
رىگە چۈشۈپ غىدىقلايتتى، ھەتتا ئۇلارنىڭ چۈشلىرىگە كىرىپ،
تۈن قاراڭغۇلۇقىنى تارقىتىۋېتەتتى. قەپەسلەردىكى قۇشلار گەرچە
قاپقاراڭغۇ قىلىپ چۈمكەپ قويۇلغان بولسىمۇ، تاڭ سەھەرنىڭ
يېتىپ كەلگەنلىكىنى سېزىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ كىچىككىنە
ئۆيلىرىدە تىپىرلاشقا باشلىدى. كۆزلىرى پارقىراپ تۇرغان
چاشقانلار ئەمدى ئۇۋۇلىرىغا قايتىشىپ، بىر يەرگە جەم بولۇپ
تۈگۈلۈپ يېتىشتى. تۈكلىرى پارقىراپ تۇرىدىغان مۈشۈكمۇ

ئۇۋلىماقچى بولغان ئوۋلىرىنى خىيالىدىن بىردەم بولسىمۇ نېرى قىلدى – دە، يەردە زوڭزىيىپ ئولتۇرغىنىچە، كۆزلىرىنى پۇرۇشتۇرۇپ، ئىشىكنىڭ قىسىلچاقلىرىدىن قىسىلىپ كىرىۋاتقان قۇياش نۇرىغا قارىدى ھەمدە ئۇنىڭ تالاغا چىقىپ، ئاپتاپتا ياتقۇسى كېلىپ كەتتى. ئاتخانىدىكى ئاتلارمۇ ئوقۇرنىڭ كەينىدە تىنچ ھالەتتە ئۆرە تۇرغان پېتىچە دەرەخلەرنىڭ شىلدىرلاۋاتقان يوپۇرماقلىرىدىن كۆزلىرىنى ئۈزمەي قاراپ قېلىشتى. ئاقسارايىنىڭ يەر ئاستىدىكى زىندانلىرىدا يېتىۋاتقان مەھبۇسلارمۇ قاق ئۇستىغان بولۇپ قالغان قول – پۇتلىرىنى سوزۇپ، ھاۋا ئىسسىق كۈنلىرىمۇ زادى ئىسسىمايدىغان بۇ تىرىكلەر گۆرىنى ھەدەپ تىللىغىلى تۇردى. باغدىكى تۈن ئۇيقۇسىدىن ئويغانغان گۈللەر يېقىملىق كۆزلىرىنى تەستە ئېچىشتى – دە، باشلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، كۈندۈزگە نەزەر سېلىشتى، ھەممىلا جايغا مەۋجۇداتلارنى يارىتقۇچى قۇياش نۇرى يامراپ چۈشكەنىدى.

ئاقسارايىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى بىلەن چارباغ ئەزەلدىن كىشىنى بۇنداق مەپتۇن قىلمىغانىدى. باش كۈز كۈنلىرىدە، بۈيۈك زېمىن ھاياتىنىڭ ئەۋلاد قالدۇرۇپ مېۋە بېرىشىدىن ۋە خۇش پۇراق چېچىۋاتقان گۈل – گىياھلارنىڭ ئېچىلىپ يايرىشىدىن زېرىكىۋاتقان چاغدا، باغ ھەقىقەتەنمۇ كىشىنىڭ كۆڭلىگە ياقاتتى. رەڭگارەڭ گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن، مېۋىلىك دەرەخلەر مەي بولۇپ پىشىپ كەتكەن خىلمۇ خىل مېۋىلەر دەستىدىن شېخىنى كۆتۈرەلمەي كەتكەنىدى. كەڭ زېمىندا بۇ رەڭلەردىن گويا ھەشەمەتلىك زىلچا – گىلەم ھاسىل بولغانىدى.

تەبىئەت باھار كۈنلىرى تولىمۇ زىبا، تولىمۇ لېۋەن ۋە تولىمۇ شاد – خۇرام بولۇپ، خۇددى يىگىتىنى كۈتۈپ زارىقىپ كەتكەن سۇمبۇل چاچلىق قىزغا ئوخشاپ قالغان بولسا، ئەمدىلىكتە يازدىكى چوكان – سىكىلەك ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈپ تولغان،

ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەۋاتقان، سۇمبۇل چاچلىرىغا ئالتۇندىن چاچتەڭگىلەر ئاسقان، سول مەڭزىگە زۇمرەت رەڭلىك خال چەككەن يېقىملىق بىر نازىنىنغا ئوخشاپ قالغانىدى. كوكاتلار ئېگىز ئۆسكەن، مەخمەلگۈللەر ئەمدىلىكتە كۆزى خۇمارلاشقان مەھبۇبتەك مۇھەببەتتىن مەستخۇش بولۇپ، چىملىقتا ناھايىتى ئاز نەزەر تاشلايدىغان بولۇپ قالغانىدى.

بەدۆلەتنىڭ ئەمرۇل – ئۇمرالىرى، بەگ – بېگاتلىرى، ئەمىر لەشكەرلىرى ئاقساراي ئالدىدا جەم بولۇشۇپ بەدۆلەتنىڭ ئەينەكلىك سارايغا چىقىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشاتتى. ئۇنىڭ نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى ھېچكىم چۈشەنمەيتتى. ئەمما، بۈگۈن ئاقسارايدا بەدۆلەتنىڭ ھۇزۇرىدا پەۋقۇلئاددە بىر ھادىسە بولۇۋاتقانلىقىنى سەزگەن ئەمىر لەشكەرلەر، ھاكىمبەگلەر ۋە مۆتىۋەرلەر ھەربىي – مۈلكىي ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يېتىپ كېلىشكەنىدى، ئۇلار ئەينەكلىك سارايىنىڭ ئالدىدىكى باغ ئىچىدە ئىككى – ئۈچتىن بولۇپ ئايلىنىپ يۈرۈشەتتى. قەشقەرنىڭ ھاكىمبېگى ئالاشبىي دادخاھ، يەكەننىڭ ھاكىمبېگى مۇھەممەت يۈنۈسجان شىغاۋۇل، كۇچانىڭ ھاكىمبېگى نارمۇھەممەت پەرۋانىچى، ئاقسۇنىڭ ھاكىمبېگى موللا جىيەن مىرزا باشى، ئۈچتۇرپاننىڭ ھاكىمبېگى ھېكىمخان تۆرەملەر قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كېتىشكەنىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بەدۆلەتنىڭ باش مىرزىسى، قەشقەرلىق مۆھىددىن مەخسۇم مىرزا پەرسەخمۇ① بار ئىدى. ئۇنىڭ بېشىدىكى يىپەك سەللىسى سىپتا ئورالغان، كالتە يەڭلىك يىپەك چاپىنى ئۆزىگە تولىمۇ ياراشقانىدى. ئۇنىڭغا پاراڭ خۇش ياقمىدى بولغاي، توپ ئىچىدىن بىلىندۇرمەي سۇغۇرۇلۇپ چىقتى – دە، باغنى ئايلانماقچى بولۇپ ماڭدى. ئۇ

① مۆھىددىن مىرزا پەرسەخ — قەشقەرلىق ھاجى ئەلەم ئاخۇننىڭ ئوغلى، ئۇ قەشقەردىن تۇرپانغىچە بولغان يوللارنى ئۆلچەپ تاش قويۇپ چىققانلىقتىن «مىرزا پەرسەخ» دەپ ئاتالغان.

بىر دوقمۇشتا خوتەننىڭ ھاكىمبېگى نىياز ھېكىمبەگ بىلەن دۈقۇرۇشۇپ قالدى. ئۇلار بىر - بىرىنىڭ ئۆجۈر - بۇجۇرىنى ئوبدان بىلىشكەنلىكتىن، بىر يەرگە جەم بولۇپ قالسا، بىر - بىرىنى گەپتە ئىلىۋالماي تۇرالمايتتى. شۇڭا، نىياز ھېكىمبەگ مىرزا پەرسەخكە ئاۋۋال چېقىلدى:

— ھە، جانابىي مىرزا، ئاخۇنلىرىڭىزنى ئۇچرىتالماي، ئىچىڭىز پۇشۇپ كەتتىمۇ؟

— ھېكىمبەگ جانابلىرى، سىلىچۇ؟ سىلىمۇ شۇ ئاخۇنلارنى تاپالماي يۈرەمدىلا؟

ئەتراپتىكى ئەنجانلىق ئەمرۇل - ئۇمرالار ۋە بەگ - بېگاتلار بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ياقتۇرغانلىقتىن قاقاقلاپ كۈلۈشتى. نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئاچچىقى غۇژژىدە كەلدى - دە:

— بىزچۇ، جانابىي ئالىيلىرىنىڭ ئۆز يۇرتلۇقلىرى ھېسابلىنىمىز. تۇتسا سېپى، چاقىرسا ئىتى بار بەگلەردىنمىز! سىز ئاخۇنلارغا قايناتسا قېنىمىز قېتىلمايدۇ! — دەپ دوق قىلدى ئۇ مىرزا پەرسەخكە.

نىياز ھېكىمبەگ كىچىكىدىنلا مانجۇ مەنسەپدارلىرىنىڭ ئۆيىدە مالاي بولۇپ ئىشلەپ كەلگەچكە، خۇددى ھەدىس شەرىپتە «سۆھبەت تەسىر قىلىدۇ» دەپ كۆرسىتىلگەندەك، مانجۇلارنىڭ خۇي - پەيلى، مىجەز - خۇلقى بىلەن تەربىيىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەندى ھەمدە قەدەممۇ قەدەم يۇقىرى ئۆرلەپ، يەكەننىڭ تۆتىنچى دەرىجىلىك ئىشىكئاغىسى بولغانىدى. ئۇ يەنە يۇقىرى ئۆرلەش تەمەسىدە بولۇپ يۈرگىنىدە، ئالتە شەھەر تەرەپلىرىدە مالىمانچىلىق يۈز بېرىپ، ئۇنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىنى كۆپۈككە ئايلاندۇرۇپ قويدى. كېيىن ئۇ مىڭ تەسلىكتە ئابدۇراھمان ھەزرەتنىڭ خىزمىتىگە ئورۇنلاشتى. تۇڭگانىيلارنىڭمۇ خىزمىتىنى قىلدى. كۇچالىق خوجاملار كەلگەندە ئۇلارغىمۇ خىزمەتكار ۋە پەرمانچى

بولدى. ياقۇببەگ يېڭىدىن باش كۆتۈرگەندە، قوشبېگىنىڭمۇ خىزمىتىنى قىلىپ، ھەرقايسى تەرەپلەر بىلەن ياخشى چىقىشىپ ئۆتتى. ئۇلار بىلەن ئاشكارا ياكى مەخپىي ئالاقىلەرنى قىلىپ تۇردى. ئاخىرىدا، ئۇ ياقۇببەگنىڭ يەكەننى تارتىۋېلىشىغا ياردەم قىلىپ، زور تۆھپە ــ خىزمەتلەرنى كۆرسەتتى. بەدۆلەت ئۇنى ياقتۇرۇپ قېلىپ، ئالتە شەھەر بويىچە باي ۋىلايەتلەرنىڭ بىرى بولغان خوتەنگە ھاكىمبەگ قىلىپ تەيىنلىدى. شۇڭا، كىشىلەر ئۇنى «خىيانەت يولى بىلەن مەنسەپ تاپقان بىقارار ساقلاندى!» دەپ تىللىشاتتى.

مىرزا پەرسەخ نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئۇيالماستىن ئۆزىنى ئەنجانلىق دەۋالغانلىقىنى ئاڭلاپ سۆزىنى چاقچاققا ئايلاندۇردى:

ــ جانابىي نىياز ھېكىمبەگ، ئاخۇنلار بىلەن ئەنجانلىقلار ئەسلىدىن تېگى بىر خەلقمۇ؟ ئاخۇن بولساق بولغاندۇرمىز، ئۇنىڭ نېمە يامىنى بار؟

ــ مۇغەمبەرلىك قىلماڭ! ئەنجانلىق باشقا، ئاخۇنلار باشقا!

نىياز ھېكىمبەگنىڭ يامان غەرەزلىكى قوزغاتقۇلۇقى نەتىجىسىدە، ئەنجانلىق بەگلەر مۆھىددىن مەخسۇم مىرزا پەرسەخكە گۆلەيگىلى باشلىدى.

ــ جانابىي نىياز ھېكىمبەگ، سىلى كەپنى چالغۇتمىسىلا! قەشقەرلىق، ئەنجانلىق، ئۇيغۇر، قىرغىز، ئۆزبېك، قازاق ئۇلۇسلىرىنىڭ ھەممىسى تۈركىي ئۇلۇسلاردىندۇر! بىز ھەممىمىز بىر ئاتىنىڭ باللىرىمىز. يېرىمىز بىر، تارىخىمىز بىر. ھەدىس شەرىپتە: «يەقەللۇللەھۇ جەللە ۋە ئەززە ئىنىنەلى جۇندەن سەممەيتۇھۇ مۇتتۇركە ۋە ئەسكەنتۇ ھۇمۇل مەشرىقە فەئىزە غەزىبتۇ ئەلەقەۋمىن سەللەتتۇ ھۇم ئەلەيھىم!»① دېيىلگەن.

① «ئۇلۇغ تەڭرىم شۇنداق دەپ ئېيتقانكى: مېنىڭ بىر تائىپە قوشۇنۇم بار. ئۇلارنى مەن تۈرك دەپ ئاتىدىم، ئۇلارنى كۈنچىقىشقا قويدۇم. بىرەر قوۋمغا غەزەپلەنسەم، تۈركلەرنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئەۋەتىمەن!»

مەھمۇد قەشقەرىمۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا: «ئۇلارغا تەڭرى ئۆزى ئات قويغان. ئۇلارنى يەر يۈزىنىڭ ئەڭ ئېگىز، ئەڭ ھاۋالىق جايلىرىغا ئورۇنلاشتۇرغان ۋە «ئۆز قوشۇنۇم» دېگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تۈركلەر كۆركەم، يېقىملىق، ئوچۇق چىراي، ئەدەبلىك، قېرىلارنى ھۆرمەتلەيدىغان، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدىغان، ئاددىي - ساددا، كەمتەر، دادىل، مەرد ۋە شۇنىڭغا ئوخشايدىغان سان - ساناقسىز پەزىلەتلەرگە ئىگە» ① دەپ يازغانىدى. ئانەھەزرىتىمنىڭ قەشقەر توغرىسىدا يازغان غەزەللىرىمۇ بارغۇ؟

— ئەمىر ئىسلام جانابىي ئالىيلىرى ئۇ مۇبارەك بېيىتلىرىنى ئۆزبېك تىلىدا يازغان، — دەپ لوقما سالدى نىياز ھېكىمبەگ چىداپ تۇرالماي، — ئۇيغۇر تىلىدا يازغان ئەمەس!

— لېكىن تۈركىي تىللىق شائىرلارنىڭ ھەممىسى خۇددى مۇشۇ تىلدا نەزمە - بېيىت يازغانغۇ؟ بۇ ئەدەبىي تىلنى كىم ئۆزبېكنىڭ، ئۇيغۇرنىڭ دەپ بۆلۈپ بېرىپتىكەن؟ ھەتتا، مىرزا ھەيدەر كوراگانىنىڭ «تارىخىي رەشىدى» دېگەن ئەسىرىدە: «ئاتىسى ئۇيغۇر باخشىلىرىدىن بولغان غىياسىددىن كىچىكنىڭ ئوغلى ئەلىشىر» دەپ تىلغا ئېلىنغان نەۋائىي ھەزرەتلىرىمۇ ئۆزىنىڭ بۈيۈك ئەسەرلىرىنى دەل ھەرقايسىڭىزلار ئېتىراپ قىلغىلى ئۇنۇمايۋاتقان ئاشۇ تىلدا يازغانغۇ؟ ئۇ زاتى مۇبارەكنىڭ تەخەللۇسىمۇ «نەۋائىي»② غۇ؟ ھازىر بىزمۇ دەل ئاشۇ تىلدا سۆزلىشىۋاتىمىز. دېمەك، ئۇيغۇر تىلىمۇ، ئۆزبېك تىلىمۇ ئەسلىدە بىر تىل. نىھايەت، تىلىمىز بىر بولغانىكەن، دىلىمىز

---

① «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 - توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 - يىل نەشرى، 457 - بەت.

② «نەۋائىي» — ئەلىشىر نەۋائىنىڭ تۈركىي تىلدا يازغان ئەسەرلىرىدە قوللىنىدىغان ئەدەبىي تەخەللۇسى ئىدى.

بىر بولسا، نېمىسى يامانكەن؟ ئەسلىدە ئالتە شەھەر خەلقى بىر خەلق ئىدى. ئەمما نەمەنگانلىق لەنىتى تەپرىقىچى خوجىلار بىر ئوبدان خەلقىنى «ئاق تاغلىق، قارا تاغلىق»، «قەشقەرلىق، خوتەنلىك، كۇچالىق، ئاقسۇلۇق، تۇرپانلىق»دەپ پارچىلاپ، تېرىقتەك چېچىپ تاشلاشتى. ئەسلىدە كۈنچىقىشتىن كۈنپېتىشقا قەدەر بولغان بىپايان زېمىن ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن ھەممىمىزگە ئورتاق مىراس قالغان بولسىمۇ، ئەمما، «سەن نەلىك، سەن قەيەرلىك؟» دېيىشىپ، نىزاپەتچىلىك قىلىشۋەرگەنلىكىمىزدىن، خۇددى ھەبەشنىڭ چېچىدەك تارىلىپ كەتتۇق. ھالا بۈگۈن ئاتالىق غازى، ئەمىر ئىسلام، بەدۆلەت جانابىي ئالىيلىرى تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بىلەن غوۋغا قايىنغان بۇ ئەلنى بىرلەشتۈردى. ئىلاھىم، ھەزرىتى جانابىي ئالىيلىرىنىڭ ئۆمرى خىزىردەك، تۆھپىسى رەسۇلۇللادەك بولغاي!

مۆھىددىن مەخسۇم مىرزا پەرسەخنىڭ بۇ دېگەنلىرىگە ئەمدى ھېچكىم ئېتىراز بىلدۈرەلمەي قالدى. مۇنازىرىدە نىياز ھېكىمبەگ بىلەن ئەنجانلىق بەگلەرنى ئۈستىلىق بىلەن يەڭگەن مىرزا پەرسەخ ئەينەكلىك سارايغا كىرىپ كەتتى.

ئەينەكلىك سارايىنىڭ ئىشىكىدە ئالتۇن ھاسىلىق، ئۈستىگە زەرباب تون كىيگەن ھۆدەيچى كۆرۈنگەندە، ئاقسارايىنىڭ ئالدىدا بەدۆلەتنىڭ قوبۇلىنى كۈتۈپ تۇرۇشقان ھەربىي - مۈلكىي ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى گۇرىدە ئىشىك تۈۋىگە ئولاشتى. بەدۆلەت شاھىنشىنغا سېلىنغان كىمخاب كۆرپە ئۈستىگە چازا قۇرۇپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان شەيخۇلئىسلام ئەھمەت خوجا قۇرئاندىن قىسقا بىر ئايەتنى ئوقۇپ، ئەمىر ئىسلام جانابىي ئالىيلىرىغا ئالىي تىلەكلەرنى بىلدۈردى. ھۆدەيچى ھەربىي - مۈلكىي ئەمەلدارلارنى مەنسەپ دەرىجىسى بويىچە توپ - توپى بىلەن شاھىنشىنغا كىرگۈزۈپ، ئۇلارنىڭ نام - ئەمەلى، تۆھپە - خىزمەتلىرىنى

ۋە ئۇلار ئېلىپ كەلگەن تارتۇق - سوۋغاتلارنى ئېيتىپ بىر -
بىرلەپ ئاتاپ چىقتى ھەمدە: «ئەمىر ئىسلام جانابىي ئالىيلىرى-
نىڭ ھەققىدە ئاللاتائالاغا دۇئا قىلىپ سالام بەرگىلى كەلدى!»
دېدى. بۇ چاغدا شىغاۋۇل دەرھال تۆۋەنكى ئىشىككە باردى - دە:
— سالام بېرىڭلار!— دەپ ۋارقىرىدى.
بۇ چاغدا، پۈتۈن ئەكابىر - ئەشرەپلەر، بەگ - بېگات-
لار سەجدە قىلغاندەك، گىلەم ئۈستىدە تىزلىرىنى پۈكۈپ
باشلىرىنى تۆۋەن ئېگىپ، ئەمىر ئىسلامنىڭ ھۆرمىتىگە تەزىم
قىلىشتى.
بەدۆلەت ئەركانلىرىنىڭ مۇنداق باش ئېگىپ سالام
بېرىشلىرىگە جاۋاب قايتۇرۇشنى ئۆزىنىڭ مەرتىۋىسىگە لايىق
ئەمەس، دەپ ھېسابلىدىمۇ - قانداق، ئۈنچىقماي جىم ئولتۇرات-
تى. ئەركانلار «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!» دېگەندە، «ۋەئەلەيكۇم
ئەسسالام!» دەپ بەدۆلەتكە ۋەكالەتەن سالامئاغىسى جاۋاب
قايتۇردى. ئاندىن شەيخۇلئىسلام ھەممىنىڭ نامىدىن جانابىي
ئەمىر ئىسلام ئالىيلىرىنىڭ تېنىنىڭ سالامەت بولۇشىنى، بەخت -
سائادىتىنىڭ قارۇندىن يۇقىرى بولۇشىنى، قوشۇنلىرىنىڭ
مەڭگۇ نۇسرەت قۇچۇشىنى تىلەپ، ئۇزۇندىن - ئۇزۇن دۇئا
قىلدى. ئۇنىڭ دۇئاسى تۈگىگەندە، سالامئاغىسى: «جانابىي
ئالىيلىرى جايى راھەت ① رۇخسەت قىلدىلەر!» دەپ ئېلان
قىلدى. ئەمىرۇل - ئۇمرالار، بەگ - بېگاتلار ئارىسىدا ئۇ يەردىن -
بۇ يەردىن يۆتەلگەن ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى.
سالام مۇراسىمى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ھۆدەيچى ئۇلارنى
ئەمىر ئىسلامنىڭ دۆلەت داستىخىنىغا باشلىدى. «دۆلەت داستىخىنى»
دېگىنى — بەدۆلەت نامىدىن دۆلەت ئەركانلىرىغا تارتىلىدىغان
پولو ئىدى. ھۆدەيچى ئۇلارنى ئەينەكلىك زالغا باشلاپ

① جايى راھەت رۇخسەت قىلدى — ئازادە ئولتۇرۇڭلار، دېگەن
مەنىدە.

ئاجىزەڭىزدىن كۆرە، سىزگە ئاياندۇر، سەئىدىم.

— ......

مىرزا ئەھمەت قۇشبېگى بۇرۇنقى خانلار زامانىدا تاشكەنتنىڭ قۇشبېگى بولغان ئادەم ئىدى. قوقاندىن قەشقەرگە كەلگەنلەرنىڭ ئىچىدە بۇ كىشىدەك كاتتا ۋە چوڭ ئەمەلدار يوق ئىدى. بەدۆلەت بۇ كىشىنى ئەمىر لەشكەرلىككە تەيىنلىگەن بولسىمۇ، ئەمما، ئەندىشە قىلىپ، ئۇنى تەقىپ ئاستىدا تۇتۇپ، ھېچ ئىشقا قويماي كېلىۋاتقانىدى. ئۇ لەشكەركەشلىكتە ۋە ئۇرۇش ئىلمىدە خېلى تونۇلغان باھادىر كىشى ئىدى.

تەتەي ئاغىچا شاھىنشىندىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، شەيخۇلئىسلام، چوڭ بەگ بەچچە بەگقۇلىبەگ، ئەمىرۇل ئۇمرا — كىچىك بەگبەچچە ھەققۇلىبەگ، ئالدىراج دادخاھ، ئالاشبېي دادخاھ، مۇھەممەت يۇنۇسجان شىغاۋۇل، نارمۇھەممەت پەرۋانىچى، ھېكىمخان تۆرەم ۋە نىياز ھېكىمبەگلەر بەدۆلەتنىڭ ھۇزۇرىغا بىر - بىرلەپ ئېلىپ كىرىلدى.

بىرىنچى بولۇپ بەگقۇلىبەگ كىرىپ كەلدى. ئۇ بەدۆلەتكە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى، ئەمما، بەدۆلەتتىن سەل ئېگىز ئىدى. بەگقۇلىبەگ ئاتىسىغا تەزىم قىلدى - دە، ئۇششاق قەدەم بىلەن بېرىپ، ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن ئورۇن ئالدى. ئۇنىڭ كەينىدىن ھەققۇلىبەگ كىردى ۋە ئۇمۇ ئېگىلىپ سالام قىلغاندىن كېيىن، مەغرۇر قەدەم تاشلاپ بەدۆلەتنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ سول تەرىپىدە ئولتۇردى. ھەققۇلىبەگ بەدۆلەتكە ئوخشاش قارا پىشماق، بەستلىك ئىدى. ئۇنىڭ جەڭلەردە كۆزى پىشىپ، سۆڭىكى قاتقانىدى. قالغانلار بەدۆلەتنىڭ ئىشارىتى بىلەن ئوڭ ۋە سول تەرەپتىن ئورۇن ئېلىشتى.

ھەممە سۈكۈت ئىچىدە ئولتۇراتتى. نىھايەت بەدۆلەت تامىقىنى قىرىپ:

— شەۋكەتلىك بەگلەر! — دېدى ھەربىر سۆزىنى سالماقلىق بىلەن تەلەپپۇز قىلىپ، — سىزلەرنى كېڭەشكە چاقىرماقتىن مەقسەت بىر شۇم خەۋەرنى يەتكۈزمەكتۇر. ئىنسابسىز تۇڭگانىيلار لەۋزىدە تۇرماي، شەرقتە چېگرىمىزنى بۇزۇپ ئۆتتۈپتۇ! ھازىر كۇچانى بېسىۋېلىپ، دارۇ سەلتەنىتىمىز — قەشقەرگە خىرىس قىلىپ تۇرۇپتۇ!...

بەدۆلەت بۇ سۆزلەرنىڭ كېڭەشتىكىلەرگە قانداق تەسىر قىلغانلىقىنى بىلمەكچى بولۇپ، ئۇلارغا يەنە بىرمۇ بىر قاراپ چىقتى. لېكىن كۆزىنى ھېچكىمنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچراشتۇرالمىدى. چۈنكى، ئەمرۇل ئۇمىرا، بەگ - بېگاتلارنىڭ ھەممىسى باشلىرىنى تۆۋەن سېلىشىپ جىم ئولتۇرۇشاتتى.

— تۇڭگانىيلار بىزنىڭ چۇقۇ ۋە كورلىدىكى قوشۇنلىرىمىزنىڭ قارشىلىقىنى سۇندۇرۇپ تاشلاپ، ئۇدۇل باستۇرۇپ كېلىۋەرگەن! ئەجەبا، شۇ بەتبەختلەرنىڭ ھۇجۇمىنى سۇندۇرۇپ، نەيزىلىرىنى ئوشتۇيالايدىغان بىر باھادۇر چىقمىسا - ھە؟

ھېچكىمدىن سادا چىقمىدى. بەدۆلەت كىنايىلىك كۈلۈمسىرەپ:

— ھەممىلەنگە مەلۇم بولۇپ قالسۇنكى، — دېدى، — تۇڭگانىيلارنىڭ لەشكىرى يىگىرمە مىڭدىن ئاشىدۇ...

— بەگ بەچچە، سىز قانداق مەسلىھەت بېرۇرسىزكىن؟ — دەپ سورىدى بەدۆلەت شاققىدە ئوڭ تەرىپىگە بۇرۇلۇپ.

بەگقۇلىبەگ چاققانلىق بىلەن ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ باش ئەگدى:

— ئانھەزرىتىم نېمىنى لازىم كۆرسە، بىز شۇنىڭغا تەييار.

— ئەمرۇل ئۇمىرا؟

ھەققۇلىبەگ قولىنى مەيدىسىگە قويۇپ:

— ۋەلىئەھد ئالىيلىرى ھەق گەپنى قىلدى. ھۆكۈمىڭىزگە بويسۇنىمىز ئۇلۇغ ئەمىر ئىسلام!

— جانابىي ھېكىمخان تۆرەم! سىز قانداق مەسلىھەت بېرۈرسىز؟

— خاھىشىم شۇلكىم، ھەقتائالادىن مەدەت تىلەپ، جەڭ قىلۇرمىز!

باشقىلاردىن سادا چىقمىدى. شەيخۇلئىسلام ئورنىدىن قوزغىلىپ قويدىيۇ، ئۈندىمىدى.

بەدۆلەت شىددەت بىلەن قول شىلتىپ:

— كېڭەش تامام! — دېدى، — قوشۇنلار ئاتلىنىشقا ھازىرلانسۇن. ئەمرۇل ئۇمەرا ئابدۇللا ئەمىرلەشكەر، ھېكىمخان تۆرەملەر بىلەن بىللە چاپاۋۇل قوشۇنلارنى باشلاپ بۈگۈنلا ئاقسۇ تامان ماڭسۇن! بىز قوشۇنلارنى ئېلىپ ئارقىدىن ماڭىمىز! سىزلەرگە رۇخسەت زاتى شەرىپلەر...

بۇ كۈنلەردە، تۇڭگانىيلار كۇچادا بۇلاڭ - تالاڭ ئېلىپ بېرىپ، تىنچ پۇقرالارنى قاقشىتىپ ھېچ ھالىنى قويمىغانىدى. ئۇلار مۇسۇلمانچىلىق دائىرىسىدىن تاشقىرى بولغان قاباھەت ئىشلار-نى ئۆزلىرىگە راۋا بىلىشتى. بەدۆلەتنىڭ زور قوشۇن باشلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان تۇڭگانىيلار ئەمدىلىكتە ساراسىمە ئىچىگە چۈشۈپ قېلىشتى - دە، تۇرپان تەرەپكە چېكىنىمەكچى بولۇشتى.

بىر كۈنى كېچىسى، ئويۇقسىزدىن قاتتىق بوران چىقىپ، قارا يامغۇر چېلەكلەپ قۇيۇۋەتتى. قاتتىق ياغقان يامغۇر گويا غايەت زور شارقىراتمىغا ئوخشاش، غەربىي شىمالدىكى تاغ تەرەپتىن ۋادا تەرەپكە سۈرۈلۈپ، يەر - جاھاننى قاپساپ كەلگىلى تۇردى. گۈلدۈرماما پەسلەپ كەتكەن بولۇتلار ئارىسىدا گۈلدۈرلەيتتى ۋە قۇلاقلارنى يېرىۋەتكۈدەك ئىترەيتتى. ئارسلاپ

قاراڭغۇ ئاسماننى يېرىپ ئۆتۈۋاتقان چاقماقنىڭ كۆز-
نى قاماشتۇرىدىغان كۆكۈچ نۇرىدا، دەريا ياقىسىدىكى ئىرغاڭ-
لاۋاتقان قومۇشلار قېتىپ قېلىشقاندەك كۆرۈنەتتى. چاقماق بىر-
دىنلا ئۆچكەندە، ئاسمان بىلەن يەر يەنىلا قوشۇلۇپ كەتكەندەك
بولاتتى. چەكسىز قاراڭغۇلۇق ھەممە نەرسىنى يۇتۇپ كەتكە-
نىدى. ئۇدۇل تەرەپتىن ئادەم كۆلەڭگۈسى كۆرۈنمەيتتى. تۆت
ئەتراپتا باشقا سادالار ئاڭلانمايتتى. قۇلاقنى ۋاڭشىتىپ تىترى-
تىۋاتقان گۈلدۈرماما ساداسى بىلەن يامغۇرنىڭ شارىلدىغان
ئاۋازىدىن باشقا، ھېچقانداق سادا يوق ئىدى.

زولۇقنى يەپ بالدۇرلا يولغا چىققان تۇڭگانىيلارنىڭ
تۇرشاۋۇل قىسمى كۆچا كۆۋرۈكىگە چىقىشقا باشلىغاندا، تاڭ
قاراڭغۇسى تېخى تارقالمىغانىدى. يامغۇر تاغلارغىمۇ قاتتىق
ياغقان بولسا كېرەك، ساينىڭ سۈيى بارغانسېرى ئۇلغايماقتا ئىدى.

ئالدىدا كېتىۋاتقان ئاتلىق چارلىغۇچىلار ئۇنچىۋالا كۆپ
ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇلار كۆۋرۈكتىن شالاڭ سەپلەر بىلەن
ئۆتۈپ كەتتى. كونىراپ قالغان كۆۋرۈكنىڭ چىرىگەن ياغاچ-
لىرى ھەر ھالدا بۇنچىلىك ئېغىرلىققا بەرداشلىق بېرەلىدى.

ئەمما، ئۇلاردىن كېيىن كېلىۋاتقان تۇڭگانىيلار ناھايىتى
كۆپ ئىدى. ھەربىر تۇڭگان پەنسادنىڭ نەۋكەرلىرى ئۆزلىرىگە
قاراشلىق يۈكلەرنى تۆگىلەرگە ئارتىپ ۋە ھارۋىلارغا بېسىپ
كەلمەكتە ئىدى. قارا قۇشقاچتەك ھېسابسىز قوشۇن ئاتلىرى،
تۆگىلىرى ۋە ھارۋىلىرى بىلەن يامغۇرلۇق تاڭدا قاپقارا سەل-
گە ئوخشاپ، كۆۋرۈكنى لىق تولغۇزۇپ كېلىشىۋاتاتتى. كۆۋ-
رۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئەبگا ئاتنىڭ ئالدى ئىككى پۇتى
كۆۋرۈكنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كەتتى. ئات مەيدىسى بىلەن
يىقىلدى، پۇتلىرىنى تارتىۋالالماي تىپىرلاشقا باشلىدى. ئېگەردە
ئولتۇرغان تۇڭگانىي ئاتنىڭ بېشىدىن ھالقىپ باشقا ئاتلارنىڭ ئاياغ
ئاستىغا ئۇچۇپ چۈشتى ۋە ھېسابسىز تۇياقلار ئاستىدا قېلىپ،

يەنجىلىپ كېتىشىنى سېزىپ، داد - پەرياد سېلىپ ۋارقىرىدى.
ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئىختىيارسىز تىزگىنلىرىنى تارتىشتى،
بەزى ئاتلار قورقۇپ ئارقىسىغا شوخشىدى.

ئارقىدىكىلەر بولسا ھېچ نەرسىدىن خەۋەرسىز دەۋرەپ
كەلمەكتە ئىدى. بىردەمدە كۆۋرۈكنىڭ ئوتتۇرىسى ھەددىدىن
زىيادە تىقمۇ تىقماق بولۇپ كەتتى. كۆۋرۈكنىڭ توغرا ياغاچ-
لىرى توساتتىن غاچىلداپ سۇندى. كەپلىشىپ قالغان ئۇنلىغان
ئاتلار، ئادەملەر كۆۋرۈك ياغاچلىرىغا قوشۇلۇپ، سۇغا گۇمۇرۇ-
لۇپ چۈشتى. تېشىپ تۇرغان ساينىڭ سۈيى غۇلاپ چۈشكەن-
لەرنى لەپەڭشىتىپ ئېقىتىپ كەتتى. كۆۋرۈك ئۈستىدە قالغانلار
جان ھەلەكچىلىكىدە، ئارقىغا بۇرۇلۇپ قاچماقچى بولۇشتى.
ئەمما، ئارقىدىن داۋاملىق ئاتلىقلار، ھارۋىلار ۋە تۆگىلەر كۆچ-
كۈندەك باستۇرۇپ كەلمەكتە ئىدى. تۇڭگانىيلارنىڭ ئەمىر لەش-
كىرى ئالدى تەرەپتە نېمە ھادىسە بولغانلىقىدىن بىخەۋەر،
پەنسادلىرى بىلەن ساينىڭ نېرىقى چېتىدە تۇرۇپ قوشۇننى
كۆۋرۈك تەرەپكە ماڭدۇرماقتا ئىدى. لېكىن، كۆۋرۈك ئوتتۇر-
سىدىن كۆتۈرۈلگەن قىيا - چىيالار بارغانسېرى ئۇلغىيىپ
باراتتى. ۋەھىمىگە چۈشكەن قوشۇن بىردىنلا ئۆزىنى ئارقىغا
تاشلىدى. ئەمما، قالايمىقانچىلىقتا كۆۋرۈككە سىغماي، ئات -
ئۇلاغلىرى بىلەن سۇغا ئۇجمىدەك تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

كۆۋرۈك قاناتلىرىنىڭ نۇرغۇنلىغان جايى سۇنغاچقا،
ئۇلارنىڭ غۇلاپ چۈشۈشى تېخىمۇ ئاسانلىشىۋاتاتتى. تەرتىپى
بۇزۇلغان ھارۋىلار بىر - بىرىنى ئىتتىرىشىپ، كۆۋرۈكنىڭ ساق
تۇرغان قاناتلىرىنىمۇ قاراسلىتىپ سۇندۇرۇپ غۇلىماقتا ئىدى.
چاۋۇشلار يولدا ئۇچرىغان تىرىك جانلارنىڭ ھەممىسىنى قام-
چىلاپ ئۆتسە، بەزى بەگلەر قىلىچ يالىڭاچلاپ، قالايمىقانچى-
لىقنى تىغ بىلەن باسماقچى بولۇشاتتى. ئەمما، قۇرتتەك مىغ -
مىغ بولۇپ قايناۋاتقان تۇڭگانىيلار كۆۋرۈككە شۇنداق كەپلى-

شىپ قالغان ئىدىكى، ئۇلارغا چاۋۇشلارنىڭ قىلىچ ۋە قامچىلىرى كار قىلمايتتى. تۆگىلەر بۆرقىرىشاتتى، ئادەملەر ۋارقىرىشاتتى، قاتتىق قورقۇپ كەتكەن خالايىق تىغ كۆتۈرگەن چاۋۇشلارنىڭ ئۆزلىرىنى ئات - ئۇلاغلىرى بىلەن سۈرۈپ بېرىپ كۆۋرۈكتىن دومىلىتىۋەتتى.

قىرغاقتىكىلەر سۇدا ئېقىپ كېتىۋاتقانلارنى قۇتقۇزماقچى بولۇپ، قومۇشلارنى شىلدىرلىتىپ سۇغا يېقىن كېلىۋېدى، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ پاتقاققا پېتىپ قېلىشقا باشلىدى. كېيىن ئارقىدا قالغانلىرى ئارغامچا تاشلاپ ئۇلارنىڭ ئۈچ - تۆتىنى ئاران تەسلىكتە قۇتقۇزۇۋالدى، باشقىلىرىنى قومۇشلۇق ئىچىدە پاتقاق تارتىپ كەتتى.

سۇغا ئۇلاپ چۈشكەنلەرنىڭ چۆككىنى چۆكۈپ ئۆلدى. سۇ ئۈزۈشنى بىلىدىغانلىرى ئاتلارنىڭ بويىنىغا ئېسىلىشىپ قومۇشلۇق قىرغاققا چىققاي دەپ قالغاندا، پاتقاققا پېتىپ قېلىشتى. سېسىق پاتقاقلىق ئەجدىھاغا ئايلىنىپ، ئادەمنىمۇ، ئاتنىمۇ ئايىقىدىن پەسكە تارتاتتى. ئاتلار جان ئاچچىقىدا سىلكىنىپ كىشنىشەتتى. ئادەملەرنىڭ قوللىرى قومۇشلاردىن تېلىنىپ كېتىۋاتاتتى، ئۇلار داد سالاتتى. ئەمما، ئۇلار قىمىرلىغانسېرى، قارا پاتقاق ئۇلارنى تېخىمۇ تۆۋەنگە دەم تارتاتتى. بۇ ئادەملەر جىق ئازابلار بىلەن جان بېرىشىۋاتاتتى.

ئۆتتۈرىسى سۇنۇپ كەتكەن كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىدە، ئاغدۇرۇلغان هارۋىلار، يىقىلغان ئات ۋە تۆگىلەر ئارىسىدا نۇرغۇن نەۋكەرلەرنىڭ دەسسىلىپ مىجىقى چىققان ئۆلۈكلىرى يېتىپ قېلىشتى. تۇڭگانىيلارنىڭ شۇ بىر-ئىككى ئاش پىشىمى ئۆتكۈچە بولغان ئارىلىقتا بەرگەن تالاپەتلىرى ئۇلارنىڭ كورلىنى بېسىۋېلىپ، كۇچاغا تېگىش قىلغان ۋاقىتتىن بۇيانقى بارلىق تالاپەتلىرىدىن كۆپرەك ۋە دەهشەتلىكرەك بولدى. شۇنچە ئادەمنىڭ مىسلىسىز قىينىلىشتا جان بەرگەنلىكىنى كۆرگەن تۇڭگا-

نىيلار مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن بەتتەررەك ئىسەنكىرەپ، روھـ
سىزلىنىپ كېتىشتى.

ئەمرۇل ئۇمرا ھەققۇلىبەگ ئابدۇللا ئەمىرلەشكەر ۋە ھېكىمـ
خان تۆرەملەر بىلەن بىللە چاپاۋۇل قىسىملارنى باشلاپ ئاقـ
سۇغا قاراپ ئاتلىنىپ ئىككى كۈن ئۆتكەندە،بەدۆلەت سەككىز ئەمىرـ
لەشكەرگە سەككىزدىن پەنساد ۋە ھەربىر پەنسادقا بەشتىن
يۈزبېشى تەيىن قىلىپ، ئۆزىگە خاس مەھرەم. ياساۋۇللار
بىلەن دەپتەرگە ئېلىنغان ئوتتۇز ئىككى مىڭ يىگىت، سەرۋاز ـ
جانباز قاتارلىق مۇكەممەل قوراللانغان زور قوشۇننى باشلاپ
ئاقسۇ تەرەپكە قاراپ ئاتلاندى. قۇشچى، پىلتىرچى ۋە بازارچىلار
بۇلارنىڭ سانىغا كىرمەيتتى. ھەربىر پەنساد باشلاپ ماڭغان
قوشۇننىڭ ئارىلىقىدا، قەلەندەرلەر ۋە بىكارچىلار توپ ـ
توپ بولۇپ، ئەلەم ـ بايراقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ،
قوشۇنلارنىڭ كەينىدىن پىيادە ياكى ئاتلىق يۈرەتتى. چۈشكۈن
قىلغان مەنزىللەردە ئۇلار دائىم چەت، ياقا جايلارغا
چۈشەتتى. ھەركۈنى ئەتىگەندە قوشۇنلارنىڭ ئىچىگە كىرىپ
ئارىلاپ: «ھەقدوست، بالاگەردان، نەقشبەندە پىرىم، تۇۋا
گۇناھنى يەر، سەدىقە بالانى... خۇدا ھەققى بىرنەرسە بېرىڭـ
لار!» دەپ تىلەيتتى. نەزىر ـ سەدىقىلىرىنى ئېلىپ،
ئۆز قارارگاھلىرىغا قايتىپ، ئاقساقال ـ بوۋىلىرىنىڭ ئەمر ـ
ئىتائىتىدە بولاتتى. بەدۆلەت قوشۇندىكىلەرگە كىيىم تارقاتقاندا،
بۇلارغىمۇ كۆلا ـ جەندە، كاشكۇل، ھاسا، تەڭگە ـ تىللالارنى
بەخش قىلىپ، ئۆز لايىقىدا ياخشى مۇئامىلە قىلىپ، ئۇلارنىڭ
دۇئالىرىنى ئالاتتى ۋە ئۇلارنى مىننەتدار قىلاتتى.

بەدۆلەت قوشۇن يۈرۈشلىرىدە، چېدىر ـ بارگاھلىرىنى
تىكىدىغان جايغا ئىككى كۈن ئىلگىرىلا رەستە ـ بازار قىلدۇـ
رۇپ، گۆش ـ ياغ، گۈرۈچ، سامان ـ بوغۇز، نان ـ توقاچ،

ئۈتتۈن ـ خەشەك ۋە ھەر خىل كۆكتات، مېۋە، ھالۋا، يەل ـ يېمىش، قەندالەت، ھەر خىل مەجۇن①، مۇراببا، خۇش كەيپ دورىلار قاتارلىق شەھەرلەردە ئاسان تېپىلمايدىغان نەرسىلەرنى كەلتۈرۈپ، تەييار قىلدۇرۇپ تۇراتتى. مەيلى يۇرت ئىچى بولسۇن ياكى چۆل ـ جەزىرىدە بولسۇن، بۇ ئەھۋال ھامان مۇشۇنداق بولۇپ تۇراتتى. ھەر زامان ۋە ھەرقانداق سەپەرگە ئاتلانسا، بىللە ماڭىدىغان ئەل لىك ھارۋىدا مەخسۇس تىللا، ئاق تەڭگە، كۈمۈش ۋە يەنە ئەللىك ھارۋىدا قىزىل پۇل، چاقا پۇل، ئىككى يۈز نار تۆگىدە ھەر خىل خەسە تون، جۇۋا ـ تەلپەك، شىم ـ ئۆتۈك، ئىككى يۈز تۆگىدە تولۇق ۋە مۇكەممەل ئېگەر ـ توقۇم قاتارلىق ئات جابدۇقلىرى، ئېگەر ـ جابدۇقلىرى تولۇق بەش يۈز ئات ۋە بەش يۈز يايداق ئات بولۇپ جەمئىي مىڭ دانە زاپاس ئاتنى بىللە ئېلىپ ماڭاتتى. نەچچە ھارۋىدا سېمىز ھېسار قويلىرى، نەچچە ھارۋىدا توخۇ ـ تۇخۇم، نەچچە ھارۋىدا قوي يېغى، سۇ يېغى، نەچچە ھارۋىدا كۈلال تونۇر، نەچچە ھارۋىدا كەتمەن، پالتا، چوت، چىراغ، شامدان ۋە نەچچە ھارۋىدا چوڭ ـ كىچىك يامىداق سۈپۈرگە ھازىر ئىدى. بەش يۈزدىن ئارتۇق سۇچى ـ مەشكاپچىلار تۇلۇملارغا سۇ تولدۇرۇپ ئاتلىق ئېلىپ يۈرەر ئىدى. مەيلى كۆلدە بولسۇن ياكى چۆلدە بولسۇن، ياكى بىر جايدا تۇرغاندا ۋە ياكى سەپەردە بولسۇن، تۇلۇملاردىن زادى سۇ ئۆكسۈمەيتتى. ئاشخانىلار ئىككى قاتاردىن بولۇپ، ھەركۈنى بىر قاتىرىغا نۆۋەت كېلەتتى. ھەر كۈنى ئەتىگەندە چوڭلار باشلىق ھەممەيلەننىڭ ئالدىغا يېغى قايماق بىلەن ناشتىلىق شىرە چاي، يۇمشاق ۋە ئىسسىق نان، گۈلچە توقاچ، قەنت ـ گېزەك، لەززەتلىك ھالۋا، رىشالە، تەمى شېرىن شويلا، شوۋا

① مەجۇن — بەقۇۋۋەت دورىلارنىڭ ئومۇمىي نامى.

گۈرۈچ قاتارلىق تاماقلار بىلەن پاكىزە خۇش پۇراق چايلارنى
ئىلىپ چىقىشاتتى. ھەر مەنزىلگە يەتكەندە، ئاشپەز - تەبباخ-
لىرى نەچچە كاتتا قازاندا پولۇ ۋە سۇيۇقئاشلارنى تەييارلاپ
تۇراتتى. ھازىر بولغان چوڭ - كىچىك ئەمىرلەشكەرلەر، ئەمرا-
ئىلار، پەنساد، ياساۋۇل، مەھرەم قاتارلىقلارغا بارغان ھامان
تەك باراۋەر ئاش تارتىلاتتى.
يۇرۇشلەردە، قوشۇن كەچكە يېقىن يۇرۇشنى تېزلىتەتتى.
توختاپ دەم ئالىدىغان كۆپكۆك چۆپلۈك مەنزىلگە يېقىنلاپ
قالغانلىقىنى، قىسقىغىنا ۋاقىت بولسىمۇ، پۇت - قولىنى سوزۇپ
ئىغىناپ يېتىۋېلىشنى ئادەم تۇرماق ھايۋانمۇ بىلسە كېرەك.
بۇنداق چاغلاردا كۈن بويى پۇتىنى ئاران سۆرەپ كېلىۋاتقان
ئات - تۆگىلەر بىردىنلا جانلىنىپ تېتىكلىشىپ كېتىشەتتى.
ھەربىر ئەمىرلەشكەر ئۆزى باشلاپ ماڭغان قوشۇن
يولغا چىقماستىن ئىلگىرى، تاڭ سەھەردە بىر توپ سالتاڭ
ئاتلىق چارلىغۇچىلارنى ئاتلاندۇرۇپ ماڭغۇزۇۋېتەتتى. ئۇلار قو-
نۇشقا ئەپلىك بولغان، سۇ - چۆپى مول بولغان يەرلەرنى
تاللايتتى. قوشۇن يېقىنلاپ كەلگەندە، ئۇلار دۆڭ - تۆپىلىك-
لەرگە چىقىپ، تۇماق - تەلپەكلىرىنى پۇلاڭلىتىپ بەلگە بېرەتتى.
بۇنى كۆرگەن پۈتۈن قوشۇن شۇ تەرەپكە قاراپ ماڭاتتى.
مەنزىل - قونالغۇلارغا كەلگەندىن كېيىن، دەرھال تۆگى-
لەردىكى ئېغىر تېڭىقلار چۈشۈرۈلەتتى. ئاتلار ھارۋىلاردىن چى-
ىرىلاتتى. ئاندىن ئات - تۆگىلەرنى دالىغا ھەيدىشەتتى. ئۇ
يەردە ئۇلار تاڭ ئاتقۇچە بەخىرامان ئوتلاپ، قورسىقىنى تويغۇ-
زۇشاتتى. يول يۈرگەندە، ئايرىم تۆگىلەرگە تېڭىلغان، يۇلغۇن، قا-
راغاندا قاتارلىق ئوتۇنلار ئارتىلاتتى. بۇ ئوتۇنلار ھەربىر قونالغۇدا
چېپىلىپ ئالدىن تەييارلىنىپ قويۇلاتتى. ئوتۇنلار تۆگىدىن
چۈشۈرۈلۈشى بىلەنلا، ئەمىرلەشكەرنىڭ ئاشپەز - تەبباخلىرى
ئوچاقلارغا ئوت يېقىپ، چوڭ - چوڭ داش قازانلارنى ئاساتتى،
ئاندىن گۆشلۈك پولۇ، شويلىلارنى ئېتىشكە باشلايتتى.

شۇنداق قىلىپ، بەدۆلەت لەشكىرى قىيامەت، ئەس - ئەسەلەر بىلەن كېلىپ، ئاقسۇدىكى سارىيىغا چۈشكۈن قىلدى. كۇچادىكى تۇڭگانىيلارنىڭ چېكىنىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ غەزەپ ئوتلىرى خېلى پەسەيدى.

بەدۆلەت ئابدۇللا ئەمىرلەشكەرنى چاپاۋۇل قىلىپ تۇرپان، ئۈرۈمچى تەرەپلەرگە ماڭغۇزغاندىن كېيىن، ئۆزىمۇ ھايالشىمايلا، ئۈرۈمچى تۇڭگانىيلىرى بىلەن سوقۇشۇشقا ماڭدى.

مىلادى 1870 - يىل 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى (ھىجرىيە 1287 - يىلى ماھى رەجەپنىڭ 14 - كۈنى). بەدۆلەتنىڭ قوشۇنلىرى دەقيانۇسنىڭ شەھىرى① دېگەن يەرگە يېتىپ كېلىپ ئورۇنلاشتى ۋە سەفەر - خەندەكلەرنى ياساپ پۇرسەت كۈتۈپ ياتتى. بۇ يەر خۇڭمياۋزى بىلەن ئوتتۇز چاقىرىم كېلەتتى.

مۇشۇ كۈنلەردە قار يېغىپ كېتىپ، قاتتىق سوغۇق چۈشۈپ كەتتى. بۇ سوغۇقتا، بىرمۇنچە بازارچى، پىلتىرچى، سوكا - سالتاڭ بىكارچىلار توڭلاپ ئۆلدى. بەدۆلەتنىڭ قوشۇنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاندا، نەنسەنلىك شۈ شۆگۈڭ② ئىنىسى ما شويە بىلەن بىللە بەش مىڭ دانە قوي، بەش يۈز ئات، بەش يۈز كالا، نەچچە تۆگىگە يۈكلەنگەن ئاش - ئوزۇق، نەچچە

① دەقيانۇسنىڭ شەھىرى — ئۈرۈمچىنىڭ شەرقى - جەنۇبىدىكى ئۇلانباي قەدىمكى شەھىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ شەھەر يەنە «رومچە»، «چاقپەلەكتام» دەپمۇ ئاتالغان.

② شۇشۆگوڭ (徐学功) — ئۈرۈمچىلىك خەنزۇ. 1864 - يىلى خويزۇلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشقا قاتناشقان. كېيىن، بەدۆلەتنىڭ ئەمىرلەشكەرلىرىدىن بىرى بولغان ۋە ئۇنىڭ قوشۇنىنى ئاشلىق، كۆمۈر بىلەن تەمىنلىگەن.

يۈز ھارۋىدا كۆمۈر راسلاپ، تولۇپ قوراللانغان ئىككى يېرىم مىڭ لەشكەرنى باشلاپ كېلىپ بەدۆلەتكە قوشۇلدى. قاتتىق قىش - قورۇمدا قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان بەدۆلەتنىڭ قوشۇنلىرى ئۈچۈن بۇ ھەقىقەتەنمۇ «قارا سوغۇقتا ئوتۇن يەتكۈزۈپ بەرگەن» لىك بولدى.

11 - ئاينىڭ 27 - كۈنى كېچىدە، ئۈرۈمچى تۇڭگانىيلىرىنىڭ چوڭى داۋۇت خەلىپە لورىنجىيانىڭ بىرقانچە مىڭ ئەسكىرى بەدۆلەتنىڭ قوشۇنىغا شەبىخۇن ئۇرۇش ئۈچۈن، ھېچقانداق شەپىسىزلا خۇڭمىياۋزىدىن چىقىپ كەلدى. شۇ كۈنى كېچە قاتتىق تۇتەك بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاي قاراڭغۇسى بولغانلىقتىن، ئەتراپ قازاننىڭ كۈيىسىدەك قاپقاراڭغۇ بولۇپ، يەر - جاھاننى تۇن زۇلمىتى قاپلاپ كەتكەنىدى. داۋۇت خەلىپە لورىنجيانىڭ ئەسكەرلىرى بەدۆلەتنىڭ قارارگاھىغا بىر تاش چامىسىدا يېقىنلاپ كەلگەندە، يولدىن ئېزىپ كېتىپ، باشقا ئېغىزغا كىرىپ قالدى - دە، ئېگىز - پەس دەسسەپ، سەرگەردان بولۇپ، ئاران ئوتتۇز چاقىرىم كېلىدىغان مۇساپىنى بىر كېچىدىمۇ بېسىپ تۈگىتەلمەي، ئاخىرى تاڭ ئېتىپ كەتتى. تۇڭگانىيلارنىڭ بۇ قەستى سېزىپ قېلىندى - دە، ئىككى ئوتتۇرىدا ئېتىشىۋازلىق باشلىنىپ كەتتى. جەڭ شۇنداق قاتتىق بولدىكى، بۇنى بىر - ئىككى جۈملە سۆز بىلەن تەرىپلەپ بەرمەك قىيىن ئىدى. داۋۇت خەلىپىنىڭ ئەسكەرلىرى ھەممىسى دېگۈدەك پىيادە ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قاتتىق سوغۇقتا ئۇلار تېخىمۇ قىيىن ھالغا چۈشۈپ قالدى. ئۇلار مىڭبىر تەسلىكتە ئېگىز بىر تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولالىغان بولسىمۇ، ئەمما، بەدۆلەتنىڭ ئەسكەرلىرى ئۇلارنى تۆۋەندە تۇرۇپ ئوققا تۇتتى، تۇڭگانىيلارنىڭ ئۆلۈكلىرى تاغدىن دوملاپ چۈشۈشكە باشلىدى. يىگىت - سەرۋازلار تۇڭگانىيلارنىڭ ئۆلۈكلىرىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن دالدا ۋە خوقتا قىلىپ، ئۇلارنى

تىخىمۇ شىددەت بىلەن ئوقىا تۇتتى. ئاخىرى، نۇسرەت قول
باغلاپ، غەلىبە بەدۆلەتنىڭ قوشۇنلىرىغا كۈلۈپ چىراي ئاچتى.
ئەسلىدە خوگمياۋزىدىن چىقىشقان تۇڭگانىيلار: «بىزـ
مىز ـ دە، ئالىمىز. ئەنجانلىقلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئات ـ ئۇلاغلىـ
رىنى، قورال ـ جابدۇقلىرىنى، ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرىنى
ئولجا، ئۆزلىرىنى ئەسىر ئېلىپ يانىمىز» دېگەن خام خىـ
ياللارنى قىلىشىپ كېلىشكەنىكەن. ئۇلار ئاخىرى مەغلۇپ بولۇپ
بەدەر قوپۇپ خوگمياۋزىغا قاچقىلى تۇردى. بەدۆلەتنىڭ يىگىت ـ
سەرۋازلىرى ئۇلارنى قوغلاپ كېتىپ بارسا، ئالدىغا ساپلا ئون ـ
ئون ئىككى ياشلاردىكى بىرقانچە مىڭ تۇڭگان بالىلىرى ئۇچراشقا
باشلىدى. ئۇلارنىڭ قولىدا بىر ـ ئىككىدىن ئارغامچا بار ئىدى.
سورىسا، ئۇلار دادىلىرى ئولجا ئالماقچى بولغان ئاتلارنى باغـ
لاپ مىنىپ كەلگىلى چىققان بالىلار ئىكەن. ئەسلىدە تۇڭگانىيـ
لار ئاتلىنىشتىن ئىلگىرى، «ئەتە ئەتىگەندە ئولجا ئاتلارنى باغلىـ
غىلى ئارغامچا ئېلىپ ئالدىمىزغا چىقىڭلار!» دەپ، گەپنىڭ يوغىـ
نىنى قىلىپ يولغا چىقىشقانىكەن......
تۇڭگانىيلارنىڭ ئۆلگىنى ئۆلۈپ تىرىك قالغانلىرى ئاران
خوگمياۋزىغا كىرىۋېلىپ ئامان قالدى. ئۇزاق ئۆتمەي، داۋۇت
خەلىپە لورىنجىيا بەدۆلەتنىڭ ئالدىغا توققۇزدىن توققۇز يامبۇ
ۋە شۇنداق مىقداردا ئالتۇن ـ كۈمۈش، جانان چىنە، خاڭدەن
تاۋار، خوش پۇراق كۆك چاي ۋە باشقا بىبىجىڭدىن چىقىدىغان
قىممەت باھا ئېسىل ماللارنى كۆتۈرتۈپ ئەلچى چىقارتتى ۋە:
«داپاشا باشلىق نۇسرەت سۈپەت ئىسلام قوشۇنلىرى خوگمياۋـ
زىغا كىرمىسە، بىزنىڭ ئۇلۇغ ـ ئۇششاقلىرىمىز يامان قورقۇپ
كەتتى. بىز ئەمىر ئىسلام جانابىي ئالىيلىرىنىڭ ئەمىر ـ ئىتاـ
ئىتىدىن چىقمىساق، ئەگەر شۇل زاتى مۇبارەك بىزگە نېمىنى
يارلىق قىلسا، بىزمۇ ئۇنى بەجانىدىل قوبۇل كۆرۈپ، خىزمەتـ
كارچىلىقىنى بەجا كەلتۈرسەك» دەپ، ئەھد ـ خەت سۇندى. بەدۆـ

لەت بۇنىڭغا دەرھال رازى بولۇپ، كۇپايە دەپ ئامانىنامە بەردى ۋە داۋۇت خەلىپە لورىنجيانى ئۈرۈمچىگە دايەنشەي قىلىپ تەيىنلىدى، قولىغا ئالاھىدە يارلىق نىشان - ئالىي شانلارنى بېرىپ، ئۈرۈمچىگە قاراشلىق قۇتۇبى، گۇمۇدى① فۇكاڭ، جىمسار، گۇچۇڭ ۋە ماناس قاتارلىق ئالتە شەھەرنى ھەممە تەۋەلىكى بىلەن ئۇنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇردى. ماناس — بەدۆلەتنىڭ ئەڭ شىمالدىكى چېگرىسى بولۇپ قالدى.

بەدۆلەت داۋۇت خەلىپە لورىنجيانىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، زەينۇلئابىدىن مەخدۇم مىرزاباشىنى سالامئاغىسى قىلىپ ئۈرۈمچىدە قالدۇردى. ئۈچ ئايدىن كېيىن، بەدۆلەت قوشۇنلىرىنى ئېلىپ، خۇشال - خۇراملىق بىلەن، مەنزىلمۇ مەنزىل يۈرۈپ، ياندۇرقى يىلىنىڭ ھەمەل پەسلىدە، ئىككىنچى دارۇسەلتەنەت — كورلىغا قايتىپ كەلدى. بۇ چاغدا تارىخ 1871 - يىل (ھىجرىيە 1288 - يىل) بولغانىدى.

---

① گۇمۇدى — سىچۈەن.

# ئۈچىنچى باب

# خانلىق مەدرىسىسى

**زالىم بىلەن مۇتتەھەمدىكى بىلىم — مەست كىشىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇلغان ئۆتكۈر قىلىچ.**

مىلادى 1871 - يىلى باھار.

بۇ يىل قەشقەردە باھار كېچىكىپ كەلدى.

ھەمەل ئېيىنىڭ ئاخىرقى ھەپتىلىرى ھاۋا ئوچۇق ئەمما ئىنتايىن سوغۇق بولدى. كۈندۈزلىرى قۇياشنىڭ نۇرىدا قار - مۇزلار ئاندا - مۇندا ئېرىگەندەك قىلغان بىلەن كېچىلىرى سوغۇق بولاتتى. تېخى ئاينىڭ بېشىدا ھەممە يەر قار بىلەن قاپلانغانىدى. ئەمما، ئەگىز مەۋسۇمىدا بىردىنلا ئىللىق شامال چىقىپ، يەر - جاھاننى قارا بۇلۇت قاپلاپ، ئۈچ - كېچە كۈندۈز يامغۇر ياغدى. پەيشەنبە كۈنى شامال بىردىنلا توختاپ، خۇددى تەبىئەت دۇنياسىدا يۈز بەرگەن بۇ ئۆزگىرىشلەرنى يوشۇرۇۋاتقاندەك، يەر - جاھاننى سېرىق تۇمان قاپلاپ كەتتى. ئەنە شۇ تۇمان ئىچىدە تۈمەن دەرياسىدا سۇلار شاۋقۇن سېلىپ ئاقماقتا. مۇزلار پارچىلىنىپ، شورمەل بولۇشۇپ سۇ ئۈستىدە لەيلىمەكتە، سېرىق

لاي سۇلار بۇژغۇن هاسىل قىلىپ ئۆركەشلىمەكتە ئىدى. ساق-
مۇ ساق بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن يېتىپ كەلگەن بىرىنچى
كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى تۇمان شاپپىدە تارقالدى. قارا بۇلۇتلار
ئۇششاق پارچىلارغا بۆلۈنۈپ كەتتى، ھاۋا ئېچىلدى. ئەتىگىنى
قۇياش پارلاپ كۆتۈرۈلۈشى بىلەن، سۇ يۈزىنى قاپلىغان نېپىز
مۇزلار دەرھاللا ئېرىدى. ئىللىق ھاۋا ئويغانغان يەردىن كۆتۈ-
رۈلگەن ھور تەپتىدىن تىترەشكە باشلىدى. بۇلتۇرقى ئوت -
چۆپلەر قايتىدىن كۆكەردى. يېڭى بىخ سۈرۈپ چىققان كوكات-
لار ئىنچىكە يوپۇرماق چىقاردى. پىيىزەك ۋە قامچىتوتلارنىڭ
غوللىرى، مەجنۇنتاللارنىڭ يۇمران شاخلىرىمۇ ئۇزۇقلىنىپ
تولۇشقا باشلىدى. ماماكاپلارنىڭ ساپسېرىق گۈللىرىنى ئەگىپ
ئۈچۈپ يۈرگەن ھەرىسى تىنىماي ۋىڭىلداشقا باشلىدى.
قۇشقاچلار چۇرۇقلىشىپ ناخشا ئېيتىشماقتا ئىدى. نەدىندۇر
قىرغاۋۇللارنىڭ ئەلەملىك چىللىشى ئاڭلانماقتا ئىدى. تۇرنا ۋە
ھاڭگىرىتلار ئاسماندا ئېگىز ئۇچۇپ، باھاردىن دېرەك بېرىپ
چىرقىرىشاتتى. كونا تۈكلىرىنى تاشلاشقا باشلىغان، يېڭى تۈك-
لىرى دېگەندەك ئۆسۈپ چىقمىغان ئېشەكلەر ئېتىزلىقلاردا
ھاڭرىشاتتى. پۇتلىرى ئەگرى قوزىلار تۈك تاشلىغان، ئورۇقلاپ
قوۋۇرغىلىرى پۇلتىيىپ چىقىپ قالغان ھەم توختىماي مەرەۋات-
قان ئانىلىرىنىڭ يېنىدا سەكرەشمەكتە ئىدى. كەپىنىز، زېرەك
باللار يالىڭاياق پۇتلىرىنىڭ ئىزلىرىنى قالدۇرۇپ، شەھەرنىڭ
توپىلىق يوللىرىدا چېپىشاتتى. تۈمەن بويىدا كىر يۇيۇۋاتقان
دېھقان ئاياللىرىنىڭ خۇش خۇي پاراڭلىرى ۋە دېھقانلارنىڭ
قورۇلىرىدا بۇقۇسا - بويۇنتۇرۇقلارنى ئوڭشاۋاتقاندا ئۇرغان پالتا -
كەكە سادالىرى ئاڭلىناتتى. ھەقىقىي باھار يېتىپ كەلگەنىدى.
قەشقەرخانلىق مەدرىسىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە رەستە بويلاپ
ئۇزۇنىغا سوزۇلغان ئېگىز خىش قورۇلۇشلار بار ئىدى.
تالىپلارنىڭ زور كۆپچىلىكى ناھايىتى نامرات ۋە ھالى

خاراب ئىدى. قىش كۈنلىرى ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا دېگۈدەك ئۇچىلىرىغا يالاڭ چاپان كىيىشىپ، كەشنى يالاڭلا سېپىپ يۈرۈشەتتى. مەيلى قانداق جۇدۇن كۈن بولمىسۇن، مەيلى بوران چىقسۇن، مەيلى قار - يامغۇر ياغسۇن، يېڭى تالىپلار ھەر كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى ساۋاقلىرىنى مەدرىسىنىڭ سەيناسىدىكى تاش سارايدا يادلايتتى. كونا تالىپلار بولسا، ساۋاقلىرىنى ھېلىقى پاكار، تار ۋە قاراڭغۇ ھۇجرىلارنىڭ ئىچىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشۇپ ئوقۇشاتتى.

خانلىق مەدرىسىنىڭ بىرقانچە ئونلىغان مۇدەررىسلىرى بار ئىدى. بۇ مۇدەررىسلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بىرنەچچىدىن خۇسۇسىي ھۇجرىلىرى بولاتتى. بۇنداق خۇسۇسىي ھۇجرىلىرى بار مۇدەررىسلەر ئۆزلىرىنى باشقىلاردىن چوڭ تۇتۇپ يۈرۈشەتتى. ئۇلار تولىمۇ تەكەببۇر ۋە ھالى ئۇستۇن ئىدى. ئالدىدا بىر - بىرىنى تولىمۇ سىپايىلىك بىلەن ھۆرمەتلەشسىمۇ، لېكىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرەرى مەدرىستىن كېتىپ قالغۇدەك بولسا، قالغانلىرى دەرھال ئۇنىڭ غەيۋىتىنى باشلايتتى.

مۇدەررىسلەر ئارىسىدا داۋاملىق تالاش - تارتىشلار بولۇپ تۇراتتى. بۇنداق تالاش - تارتىشلار نوقۇل ئىلىم ئۈستىدىكى بەس - مۇنازىرە بولسىغۇ بىر يولى ئىدى، ئەمما ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نادانلىقىنى، قوپاللىقىنى ۋە بىلىمسىزلىكىنى ئاشكارىلاپ، بىر - بىرىنى تولىمۇ سەت تىللار بىلەن تىللىشاتتى، ھەقىقەتنىڭ ئۆزى تەرەپتە ئىكەنلىكىنى تولىمۇ توڭلۇق ۋە قوپاللىق بىلەن ئىسپاتلاشقا ئۇرۇناتتى. شۇڭا، بۇنداق بىمەززە تالاش - تارتىشلاردىن جاق تويغان بىرى خانلىق مەدرىسىنىڭ تۆۋرۈكىگە:

«داردىلئۇلۇم نىزامى:
شاھۇ گاداي باراۋەر.

مىڭ مەخسۇمىڭ بىر چاقا،
پەزلى كىبرەك بۇرادەر!»

دەپ، پىچاق بىلەن ئويۇپ يېزىپ قويغانىدى.

خانلىق مەدرىسىدە ئەرەب، پارس تىللىرى، فىقھە①، مەنتىقە، ناتىقلىق، تەرەت ئېلىش قائىدىلىرى، روزا تۇتۇش، ناماز چۈشۈرۈش ۋە ھەج پەرھىزلىرىنى ئادا قىلىشقا ئائىت بىلىملەر، زاكات بېرىش، ئېلىش - سېتىش تەرتىپلىرى، نىكاھ قىلىش ۋە نىكاھتىن ئاجرىشىش قائىدىلىرى، شەرىئەتنىڭ باشقا يوليورۇقلىرى، يۇرتدارچىلىق قائىدىلىرىگە ئائىت بىلىملەر دەرس قىلىنىپ ئۆتۈلەتتى. ئارىفمېتىكا ياكى ئەدەبىيات ئۆگىنىشنى خالايدىغانلار ئۆزلىرى ئوقۇيتتى. چۈنكى، بۇ پەنلەر قەشقەر مەدرىسلىرىدە مەجبۇرىي تۈردە ئوقۇيدىغان دەرس ھېسابلانمايتتى. ئانا تىل بولسا زادىلا ئوقۇتۇلمايتتى، ئۇنى ھەر كىم ئۆزىنىڭ خالىغىنىچە تۇرمۇشتىن ياكى كىتابتىن ئۆگىنىپ ئۆزلەشتۈرۈۋالاتتى.

ساۋاق ئېلىشقا يىغىلغان تالىپلار مۇدەررىسنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ قاتار ئولتۇرۇشاتتى. ئەگەر ھۇجرا تار بولۇپ، تالىپلار كۆپ بولسا، قاسقانىغا تىزغان مانتىدەك بىر - بىرىگە يېقىن سىقىلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. ھەربىر گۇرۇپپىنىڭ ئۆز ئالدىغا بىردىن خەلپىتى بولاتتى. خەلپەتلەر تەكشۈرۈلىدىغان كىتابلاردىن مىساللارنى ئۈنلۈك ئوقۇپ بېرىشكە مەسئۇل ئىدى.

تالىپلار ھەممىسى ئولتۇرۇشۇپ بولۇپ تەخ بولۇپ تۇرۇش قاندا، مۇدەررىس: «قېنى ئوقۇ!» دەپ ئىشارەت قىلاتتى.

خەلپەت كىتابتىن بىر كەلىمە ئەرەبچە ياكى پارسچە سۆزنى ئوقۇپ بېرەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن مۇدەررىس خەلپەت

① فىقھە — مۇسۇلمان قانۇنشۇناسلىقى، شەرىئەت ئەھكاملىرىنى تۈزۈش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىسلام تىئولوگىيىسىنىڭ بىر ساھەسى.

ئوقۇغان ئەرەبچە ياكى پارسچە سۆزنى ئانا تىلدا شەرھىلەپ چۈشەندۈرەتتى. مۇدەررىس سۆزدىن توختىغاندىن كېيىن، پىكرى بارلار ئۆز پىكرىنى بايان قىلىشقا ھوقۇقلۇق بولاتتى. بۇنداق بەس – مۇنازىرىگە پەقەت ياخشى بىلىدىغان، بىلىمدان تالىپلارلا ئەمەس. شۇنداقلا بۇ مەسىلىدە ھېچبىر خەۋىرى بولمىغان تالىپلارمۇ قىزغىن قاتنىشاتتى. كېيىنكىلىرى ئۆزلىرىنى بىلىملىك قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن، باشقا تالىپلاردىن قاتتىقراق ۋارقىراپ، بەس – مۇنازىرىگە كىرىشىپ كېتەتتى. بۇنداق مۇنازىرىلەر كۆپىنچە ھاللاردا مەمەدانىلىققا سەۋەبچى بولاتتى. قىياس قىلماق تەس ئەمەسكى، بۇنداق بەس – مۇنازىرىلەردە كىمنىڭ ئاۋازى قاتتىقراق چىقسىلا، شۇ گەپ – سۆزسىز يېڭىپ چىقاتتى.

قەشقەر خانلىق مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسلىرىنىڭ بىرىنىڭ نامى موللا مۇھەممەت شېرىپ خەلپىتىم ① دەپ ئاتىلاتتى.

بىر كۈنى ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا ساۋاق ئېلىۋاتقان تالىپلار گۇرۇپپىسىنىڭ بىرىدە «چاھارپاي ئاسمانى» دېگەن ئىسىم توغرۇلۇق بەس – مۇنازىرە يۈز بەردى. تالىپلار بۇ ئىسىمغا ئانا تىلدىن تەبىر ئىزدىدى. بەزى تالىپلار: «چاھار — تۆت، پايە — پۇت، ئاسمان – كۆك» دەپ تەبىر بېرىشتى. يەنە بەزىلىرى شۇنىڭغا يېقىنلىشىپ كېتىدىغان سۆزلەر بىلەن تەبىر بېرىشتى. ئەمما، ھېچكىمنىڭ بەرگەن تەبىرىگە قايىل بولماي، مۇنازىرە ساقىمۇ ساق چۈشكىچە داۋام قىلدى.

---

① موللا مۇھەممەت شېرىپ خەلپىتىم (1809 — 1894) — قەشقەرلىق ئاتاقلىق مائارىپچى، ئەللامە بولۇپ، قەشقەر مەدرىسلىرىدە ئاتمىش يىل مۇدەررىسلىك قىلغان زات ئىدى. ئۇنىڭ قولىدا ئىلىم تەھسىل قىلغان تالىپلارنىڭ ئىچىدە ئۈچ يۈزدەك كىشى خەتمەكەردىسلىك لاياقىتىگە ئىگە بولۇپ، دەرس بېرىشكە ئىرشاتنامە ئالغانىدى.

بەس - مۇنازىرە قىلىشىۋاتقانلارنىڭ سۆزلىرىنى ئۈنچىقماستىن تىڭشاپ ئولتۇرغان تالىپلارنىڭ بىرى دەرسنىڭ ئاخىرىدا مۇدەررىس موللا مۇھەممەت شېرىپ خەلپىتىمدىن:

— شۇنداقتىمۇ، «تۆت پۇتى ئاسماندا» دېگەن نېمە ئۇ؟— دەپ سورىدى ئەجەبلىنىپ.

مۇدەررىس ئۇنىڭ سوئالىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى - دە، تالىپلارنى جىم بولۇشقا ئۈندىدى، ئاندىن:

— بۇرۇنقى چاغلاردا،— دەپ سۆز باشلىدى ئۇ سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن،— بىر دېھقان بىتاپ بولۇپ قاپتۇ. ئۇ شەھەردىكى ئۇستا بىر تېۋىپنىڭ ئالدىغا كۆرۈنگىلى كەپتۇ. تېۋىپ كېسەلنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ بىر ھازادىن كېيىن، «تەپ بولۇپ قاپسىز. بۇنىڭ داۋاسى ئاسان» دەپ، بىر قەغەزگە: «داۋايى مۇشكىدىن بىر مىسقال، ئېگىردىن بىر سەر، سۆرۈنجاندىن يېرىم سەر، چاھارپاي ئاسماندىن بىر سەر...» دەپ بىر مۇنچە دورىلارنىڭ ئىسمىلىكىنى يېزىپ، سەكسەن خالتىدىن ① مەن يېزىپ بەرگەن ئىسمىلىك بويىچە ئۆلچەپ سوقتۇرۇپ، كۈنلۈكى ئۈچ ۋاختىن كاپ ئېتىپ يەپ بەرسىڭىز، ھايال قالمايلا ساقىيىپ كېتىسىز!»، دەپتۇ. ھېلىقى دېھقان: «ئىنشائاللا، دېگىنىڭىزدەك بولسۇن!» دەپ چىقىپ كېتىپتۇ. «سەكسەن خالتا» دا باشقا دورىلارنىڭ ھەممىسى بار ئىكەنۇ، بىرلا «چاھارپاي ئاسمانى» دېگەن دورا تۈگەپ كەتكەنىكەن. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى دېھقان دورىنى ئالالماي كېتىپتۇ. كېسىلى ئېغىرلىشىپ كېتىپ قازا قىلىپ كېتىپتۇ. بىر كۈنلەردە ھېلىقى دېھقاننىڭ بالىسى بازارغا كىرگەندە تېۋىپقا ئۇچراپ قاپتۇ. تېۋىپ بالىدىن «دادىڭىز مەن يېزىپ بەرگەن دورىنى يەپ ساقايغاندۇ؟» دەپ سوراپتىكەن، ھېلىقى بالا:

① سەكسەن خالتا — دورا يايمىسى، ئاپتېكا.

— يوقسۇ، «چاھارپاي ئاسمانى» دېگەن دورا پۈتمەي، ئۆلۈپ كەتتى. سىز يېزىپ بەرگەن دورىنى ئىچەلمەي كۆزى ئوچۇق كەتتى ئەمەسمۇ رەھمەتلىك دادامنىڭ! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— ۋاي ئىست! — دەپتۇ ھېلىقى تېۋىپ بالىنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ، — «چاھارپاي ئاسمانى» دېگەن ئوغرى تىككەن ئەمەسمۇ! ئاشۇنىمۇ تاپالمىدىڭلارمۇ؟...

مۇنازىرىدە، تالىپلار ئۈنلىرى پۈتۈپ، ھېرىپ قېلىشقاندا، مۇدەررىس قولىنى كۆتۈرۈپ، ئۇلارنى خەپ - شۈك بولۇشقا ئۈندەيتتى. ساۋاق ۋاقتى تۈگىگەن بولسا، شۇنىڭ بىلەن شۇ كۈنلۈك دەرس تۈگىگەن بولاتتى. ئەگەر ۋاقىت تۈگىمىگەن بولسا، خەلپەتنى كىتابتىن يەنە بىر سۆزنى ئوقۇ، دەپ ئىشارەت قىلاتتى.

قەشقەر خانلىق مەدرىسىنى تاماملاپ چىققان بەزى ئادەملەر يېتۈك ئالىم بولۇپ يېتىشىپ چىققانىدى. مەسىلەن، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى ئابدۇرېھىم نىزارى، ئىمىر ھۈسەيىن سەبۇرى، گۇمنام، خىسلىتى ۋە سابىرئاخۇن بىننى ئابدۇقادىر ناقىس قاتارلىق مەشھۇر نامايەندىلەر دەل مۇشۇ مەدرىسىدە ئىلىم تەھسىل قىلىشقانىدى. دەرھەقىقەت، شورلۇق، چۆل يەرلەردە ئۆسۈپ مېۋە بەرگەن مېۋىلىك دەرەخكە ئوخشاش، ئۇنداق ئادەملەر ناھايىتى ئاز بولىدى. ئۇلارنىڭ بىلىملىرى مەدرىستىكى مەنىسىز ئوقۇشتىن ياكى مەنىسىز بەس - مۇنازىرىدىن ھاسىل بولغان بولماستىن، بەلكى ئۇلار ئۆز بىلىمىنى ئۆزلىرىنىڭ قابىلىيەتلىكى، ئىجتىھات - تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ۋە ھىممىتى ئارقىلىق ئالغانىدى.

لېكىن، بۇ ئادەملەر ئومۇمىي توپتىن ئاجرىلىپ چىققان ۋە ئايرىم تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما شۇ مەزگىللەردە كۆپچىلىك ئادەملەر شۇ توپقا ئىنتىلەتتى. چۈنكى، ئۇلار قەشقەردىكى مەد-

رىسلەرنىڭ بىرىدە مۇدەررىس بولۇپ ئىشلەشنى، ئۆز ئەتراپلىرىغا تالىپ - شاگىرتلارنى توپلاشنى مەقسەت قىلاتتى. بۇ تالىپلارنىڭ ئارىسىدا بۇنداق بەس - مۇنازىرىلەرنى ۋە مۇدەررىسلىرى بەرگەن ساۋاقلارنى چۈشەنمەيدىغانلىرى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن، ئۇلار ھەمساۋاقلىرى بىلەن ۋارقىرىشىپ، تالاش - تارتىش قىلىش ئارقىلىق ئاتاقلىق مۇدەررىس دېگەن نام - شۆھرەتكە ئىگە بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇ زاماندا، ئۇلامالار ئۈچۈن يەنە بىر يول بار ئىدى، ئۇ بولسىمۇ، ئاتالىق غازىنىڭ خىزمىتىگە كىرىش، تاپاۋىتى كۆپ قازى - قۇززاتلىق مەنسىپىنى قولغا كىرگۈزۈش، ئاندىن پەيدىنپەي ئەمىر ئىسلامنىڭ سارايى ئۇلىماسىغا ئايلىنىپ، ھۆكۈمدارلارنىڭ ھەر خىل ئىشلىرىغا پەتىۋالار چىقىرىپ بېرىپ، شۆھرەت تېپىش ئىدى.

موللا مۇھەممەت شېرىپ خەلپىتىمنىڭ يارامىلىق شاگىرتلىرىدىن بولۇپ سانىلىدىغان موللا ئابدۇل ۋاھىد قارى قەشقەر خانلىق مەدرىسىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ تونۇشتۇرۇشى بويىچە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ھاكىمبېگى نىياز ھېكىمبەگنىڭ ھۇزۇرىدا خىزمەتچى بولۇپ ئىشلەشكە باردى. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، بىر كۈنى نىياز ھېكىمبەگ ئۇنى ئۆز ھۇزۇرىغا چاقىرتتى، ئۇنىڭدىن مەدرىستە قانچە يىل ئوقۇغانلىقىنى سورىدى، ئۇنىڭدىن كېيىن:

— بىزنىڭ ھۇزۇرىمىزدا خىزمەت قىلىسەن، دەيدىكەنسىز، — دېدى ئۇ، — بۇ يەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى بىلەن تونۇشۇشىڭىزغا توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، خوتەنلىكلەرنىڭ خۇي - پەيلىنى ياخشى ئۆگىنىپ، ئۆزىڭىزنىڭ مىجەز - خۇلقىنى ئۆزگەرتىشىڭىز لازىم بولىدۇ. جانابىي بەدۆلەت ھەر بىرىمىزنىڭ تۆھپە - ئەجرىمىزگە قاراپ، ھەر دەرىجىلىك مەنسەپلەرنى بېرىپ، ئۈچىمىزغا تونلار ياپتى. شۇڭا، بىز خىزمەتلىرىمىزدە ئۇ جانابىي ئالىينى ھەر ۋاقىت خۇش قىلىشقا

ئىنتىلىشىمىز لازىم. شۇنىڭغا ئوخشاشلا، بىزمۇ ئۆزىمىزنىڭ خىزمەتچىلىرىمىزنى ئۇلارنىڭ ھەۋەسكارلىقىغا قاراپ باھالايمىز. باسقان ھەربىر مۆھۈر ئۈچۈن پۇقرالاردىن نۇرغۇن ھەق ـ نېسىۋە ئۈندۈرۈۋالالايدىغانلارلا، دەۋا قىلىپ كەلگەنلەردىن سېلىقنى نۇرغۇن ئېلىپ، ئۇنىڭ ئالتە ئۈلۈشىنى جانابىي بەدۆلەتكە، ئۈچ ئۈلۈشىنى بىزگە، قالغان بىر ئۈلۈشىنى ئۆزىگە قالدۇرالايدىغانلارلا خىزمەتنى ياخشى ئىشلىيەلەيدۇ. مۇبادا سىزمۇ خىزمەتنى مۇشۇنداق ئىشلىيەلىسىڭىز، ئۇ ھالدا بىزمۇ سىزنى يۇقىرى باھالايمىز ـ دە. جانابىي ئالىيىنىڭ كۆزىگە ياخشى كۆرۈنىسىز. بىر ئاتنىڭ ئورنىغا ئىككى ئات مۇكاپات ئالالايسىز، بىر توننىڭ ئورنىغا ئىككى تون كىيەلەيسىز. باياشاتچىلىق ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرىسىز!

موللا ئابدۇل ۋاھىد قارى نىياز ھېكىمبەگنىڭ ھۇزۇرىدا بىر مەزگىل زاكاتچى بولۇپ خىزمەت قىلغاندىن كېيىن، «دادامنى ھەجگە ئاپىرىپ، ئىككى ھەرەم سۈننىتىنى ئادا قىلىپ كەلسەم!» دەپ خىزمەتتىن بوشاندى ـ دە، ئۆز يۇرتى يېڭىسار شەھىرىگە يېنىپ كېلىۋالدى. بۇ يەردە ئوت كۆچۈرۈش ـ ئوقۇش، دەم سېلىش ۋە پېرىخۇنلۇق قىلىش ھەمدە ئۆلگەنلەرنىڭ روھىغا ئاتاپ خەتمە ـ قۇرئان ئوقۇشتەك روھانىيلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى. دادىسى موللا مۇسا بوۋاي ئوغلىنى بۇ ئىشتىن ھەرقانچە قىلىپمۇ توسۇيالمىدى.

بىر كۈنى، بىر تونۇشى موللا ئابدۇل ۋاھىد قارىدىن مۇنداق دەپ سورىدى:

ـ تەقسىر، سىلە مائاش ـ تەمىناتى ئوبدان يۇرتدارچىلىق ئىشىنى تاشلاپ قويۇپ، نېمىشقا بۇنداق جىنكەشلىك كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىسىلا؟ جىنكەشلىك قىلىشتىن كىرىدىغان تاپاۋەت كۆپمۇ ـ يە؟ مەنسەپدارلارغا خىزمەت قىلىش بايلىق بېرىدىغان ۋە ھۆرمەت ـ ئىناۋەت تاپىدىغان ئىش ئىدىغۇ؟

يۇرتىنىڭ بەرگىنىگە تەلمۈرۈپ، خەقنىڭ قولىغا قاراپ يۈرگەندىن ئۇ ياخشىراق ئەمەسمۇ؟

— ئىلگىرى باشقا كىشىلەرمۇ ماڭا مۇشۇنداق دېگەن، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، — «سىز نېمىشقا ئوقۇيسىز؟ قانچە ئوقۇسىڭىزمۇ بەرىبىر سىزگە قازى - قۇززاتلىق تەگمەيدىغۇ؟» دېيىشەتتى. مەن ئۇلارغا: «پادىدىن ئايرىلىپ قالغان موزايىنى بۆرە يەيدۇ. مەن كالا بولالمايمەن، بىراق، كالىلارنىڭ ئارىسىدا يۈرگەن موزايىنى بۆرە يېمەيدىغانلىقىنى بىلىمەن» دەپ جاۋاب بەرگەنىدىم. «چۆچۈرە ئىچىشتىن مەقسەت گۆش يېيىش» قۇ؟ ئادەم قانداقلا كەسىپ بىلەن شۇغۇللانمىسۇن، بىر مەقسەتنى، يەنى بىر پارچە ناننى ئوڭاي تېپىپ يېيىشنىڭ يولىنى ئىزدەيدۇ. ئەمەلدار - مەنسەپدارلار يۇرتدارچىلىق تىزگىنىنى ئۆز قولىدا مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن، پۇقرالارغا زورلۇق ئىشلىتىشىدۇ. بىراق، ئۇلارنىڭ كۆرۈنۈشىلا ئادەملەردە قورقۇنچ پەيدا قىلالايدۇ، ئەمما، ئادەملەر كۆڭلىدە ئۇلاردىن نەپرەتلىنىدىغان بولىدۇ، — ئۇ ئەتراپىغا بىر قاردۇەتكەندىن كېيىن، سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى:

— پۇقرالار خۇسۇسەن بەدۆلەت — ئەمىر ئىسلامغا قارىغانىدىمۇ ئۇنىڭ زاكاتچىلىرىنى، دىۋانبەگىلىرىنى ۋە هاكىمبەگلىرىنى يامان كۆرۈشىدۇ. چۈنكى، بەدۆلەتنىڭ پۇقرالارنى زار - زار قاقشىتىپ، ناهايىتى ئېغىر چىلىقتا دۇچار قىلىدىغان بارلىق ئەمىر - پەرمانلىرى ئەنە شۇ خىزمەتچىلىرى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. خەلق ئۇلارغا قورققىنىدىن بېقىنغان هالەتتىمۇ، ئەگەردە بۇ زاكاتچىنىڭ، بۇ دىۋانبېگىنىڭ ۋە بۇ هاكىمبەگنىڭ هاياتىدا بىرەر ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، كەشى توغرىلىنىپ قالسۇنچۇ، ئۇ چاغدا بۇنداق خىزمەتچىنىڭ هالىغا ۋاي! بۇنداق ئادەملەر هېچقانداق رەهىم - شەپقەتكە ۋە ئەپۇغا ئېرىشەلمەيدۇ. چۈنكى، «خالىق كەچۈرگىنى بىلەن خەلق كەچۈرمەيدۇ!» مەن

نىياز ھېكىمبەگنىڭ ھۇزۇرىدا زاكاتچى بولغان ھاياتىمدىن بۇنى ياخشى بىلىپ قالدىم.

ئۇ كۈلۈپ قويغاندىن كېيىن، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— قۇرئان ئوقۇش، ئايەت ئوقۇپ دەم سېلىش بولسا، دەسمايە كەتمەيدىغان ئوڭاي كەسىپ. راست، روھانىيلارمۇ ئەمىر ئىسلامنىڭ خىزمەتچىلىرىگە ئوخشاشلا يەنە شۇ پۇقرانى بۇلاپ - تالايدۇ. لېكىن، ئۇلار سەزدۈرمەستىن، نازۇك، سىلىق ۋە يۇمشاق، ئەپچىل چارىلەر بىلەن بۇلايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئادەملەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋېلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ. ھەتتا بۇلانغان بۇ نادان خەلق ئۆزلىرىنىڭ قانداق بۇلانغانلىقىنى زادىلا سەزمەيدۇ. ئۇلار روھانىيلارنى يامان كۆرۈش بۇياقتا تۇرسۇن، ئۇلارنى رەھىملىك، ئۆزلىرىنى تۈرلۈك بالا - قازادىن ساقلاپ قالىدىغان ئادەملەر، دەپ ھېسابلايدۇ. مانا شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن مەئمۇرلارغا خىزمەت قىلىشنى تەرك ئېتىپ، روھانىي بولۇۋالدىم.

بىر كۈنى، موللا ئابدۇل ۋاھىد قارى موملۇق① دېگەن يەردىن قايتىپ كېلىۋاتقانىدى. ئۇ ئەگۈس② دېگەن يەرگە كەلگەندە، بۇلاق بويىدىكى سۆگەتلىكتە ئولتۇرغان بىر توپ كىشىلەر ئۇنى يىراقتىن كۆرۈپ، گۈررىدە ئورنىدىن تۇرۇشتى - دە، تەقسىر، بۇلاق بويىدا جىندەك سەگىدەپ كەتسىلە!» دېيىشىپ ئۇنى تەكلىپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. قارىم يۇرتلۇقلىرىنىڭ كۆڭلىنى قايتۇرۇشنى خالىمىدى بولغاي، ئېتىدىن چۈشۈپ، چۇلۋۇرنى بىرىگە بەردى - دە، بۇلاق بويىغا كېلىپ، يۈز - قوللىرىنى يۇيغاندىن كېيىن، پوتىسىنىڭ ئۈچىدا سۈرتۈپ، ھېلىقى كىشىلەرنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

---

① موملۇق — يېڭىسار ناھىيىسىدىكى بىر يۇرتنىڭ نامى. ھازىر ساغانغا قارايدۇ.

② ئەگۈس — يېڭىسار ناھىيىسىدىكى بىر يۇرتنىڭ نامى.

— تەقسىر، يول بولغاي! قاياقتىن كېلىۋاتىسىلا؟ — دەپ سورىدى سورۇندىكىلەردىن بىرى.

— ساغاندا③ بىرى قازا قىلىپ كېتىپتىكەن. شۇ مەرھۇمنىڭ نامىزىدىن قايتىشىم، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ.

— تەقسىر، شۇ كىشى بىتاپ بولۇپ ياتقاندا، ئۆزلىرى بېرىپ سۈپكۈچ قىلىپ ئوقۇپ ئەملىگەنمۇ — دەيمەن؟

— بارغانىدىم، ئوقۇپ ئەملىگەنلىكىم ئۈچۈن خەير - سەدىقىنىمۇ خېلى ئالغانىدىم. ھالا بۈگۈن شۇ رەھمەتلىكنىڭ نامىزىغا بېرىش نېسىپ بوپتىكەن. ئاللاتائالا ئىگەم ئۇ مەرھۇمغا جەننەت ئاتا قىلغاي، ئىلاھا ئامىن!

— تەقسىر، سىلە ئوقۇغان دۇئا شىپا بولماي، ئۇنىڭ ئاخىرى ۋاپات بولغانلىقىنى قېرىنداشلىرى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، سىلىنى يەنىلا ئۇ مەرھۇمنىڭ نامىزىغا چىللاپتۇ - دە؟

— بۇ ئىشلارغا خەلقىمىزنىڭ قارىشى ناھايىتى قىزىق دېسىلە، — دېدى موللا ئابدۇل ۋاھىد قارى قىلچە ئۇيالماستىن، — مەسىلەن، مېيىت يۇيغان كىشىلەر ئۆلگۈچىگە ھېچقانداق زىيان يەتكۈزمىسىمۇ، كىشىلەر ئۇلارنى پاك ئەمەس دەپ ھېسابلايدۇ. ئەمدى، بىزدەك موللا - ئىشانلارغا كەلسەك، ئىش باشقىچە. كىشىلەر: «شۇلارنىڭ دۇئاسىنىڭ بەركاتىدا ئاغرىق شىپا تېپىپ، ساقىيىپ قالسا ئەجەب ئەمەس» دېگەن ئۈمىد بىلەن، بىزنى ھۆرمەتلەپ قىلمىغىنى قالمايدۇ. «سەدىقە گۇناھنى يەر» دەپ، نۇرغۇن ۋەج - بېساتلىرىنىڭ مېھرىدىن كېچىشىدۇ. مۇبادا، ئاغرىق ئادەم ئۆلمەي ساقىيىپ كەتسە، ئۇ چاغدا، ئۇلار «موللىنىڭ دۇئاسىدا شىپا تاپتى» دەپ ھېسابلايدۇ - دە، بىزگە تېخىمۇ ئىقتىدا قىلىشىدۇ. ئەگەر قازا قىلىپ كەتسە، «مەرھۇمنىڭ ئەجىلى يېتىپ، يەيدىغان رىزقى تۈگىگەنىكەن،

③ ساغان — يېڭىساردىكى بىر يۇرتنىڭ نامى. ئەسلىدە «شەھىدان» (شېھىتلىك) دەپ ئاتىلاتتى.

ئاللانىڭ تەقدىرى شۇنداق ئوخشايدۇ» دەپ يۈرۈۋېرىشىدۇ. موللا ـ ئىشاننى ۋەللەھەم گۇناھكار ھېسابلىمايدۇ. بەلكى ئاللاتائالانىڭ ئاغرىقنىڭ تەقدىرىنى يېشىپ قويغانلىقىغا قارىماستىن، موللا ـ ئىشانلارغا ئاللاغا تېۋىنىپ دۇئا ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن، رەھمەت ئېيتىشىدۇ. ئىسقات بەرگەندە، موللا ـ ئىشانغا ئالاھىدە ھۆرمەت كۆرسىتىشىپ، باشقىلارغا بىرگەزدىن رەخت ـ گەزلىمە بەرسە، ئۇلارغا بىر توپتىن داكا ـ خەسە بېرىشىدۇ. دېمەك. ئاغرىق ساقىيالمىسا خۇداغا ھېساب، ساقايسا ماڭا ھېساب بولىدۇ.

موللا ئابدۇل ۋاھىد قارىنىڭ دادىسى موللا مۇسا بوۋاي ئەگۇس بويىچە خەت ـ ساۋاتى بار، ئۇقۇمۇشلۇق بىر ئادەم ئىدى. ئۇ ئوغلىنى ئۆز قولىدا ئوقۇتۇپ، خەت ـ ساۋاتىنى چىقارغاندىن كېيىن، ئۇنى تېخىمۇ توشسۇن دەپ، قەشقەردىكى خانلىق مەدرىسىگە ئاپىرىپ، تونۇشى موللا مۇھەممەت شېرىپ خەلپىتىمگە تۇتۇپ بەرگەنىدى. خەلپىتىممۇ ئۇنى چوڭ ئۈمىدلەر بىلەن قاتتىق تۇتۇپ، بىر قوللۇق تەربىيىلەپ چىقتى. ئەمما، «باغلاقتىكى ئىت ئوۋغا يارىماپتۇ» دېگەندەك، ئۇنىڭ ئوغلى ئاخىرى بىر ساياق روھانىي بولۇپ چىقتى. موللا مۇسا بوۋاي مۇشۇلارنى ئويلىغىنىدا، قاتتىق ئۆكۈنەتتى.

ــ كىشىلەر، ــ دېگەنىدى ئۇ بىر كۈنى ئوغلىغا نەسىھەت قىلىۋېتىپ، ــ نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ كەتسە، يامان خۇلق ۋە يارىماس ئىشلارغا قەدەم قويۇشىدۇ ـ دە، ئىچىقارىلىق ـ ھەسەت، زۇلۇم ـ سىتەم، رىياكارلىق، غەيۋەت ـ شىكايەت، توقا ـ تۆھمەتكە ئوخشاش ناشايان ئىشلارنى قىلىشىدۇ. ئوغلۇم، سېنىڭ قىلىۋاتقىنىڭمۇ دەل شۇنداق ئىشلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئەمەلدارلار يۇقرانى قاقشىتىپ تۇرۇپ پۇل ئالسا، سەن يۇقرانى ئالداپ تۇرۇپ پۇل ئالىسەن. مەن سېنى شۇنداق ئادەم بولسۇن، دەپ ئوقۇتقانىمىدىم؟

موللا ئابدۇل ۋاھىد قارى دادىسى موللا مۇسا بوۋاينىڭ پەزىلەتلىرىدىن پەقەت راست سۆزلۈك مىجەزىگىلا ۋارىسلىق قىلغانىدى. قالغان پەزىلەتلىرىنىڭ بولسا بىرىنىمۇ دورىمىدى. شۇڭا، ئۇ دادىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قوياتتى - يۇ، ئۆزى بىلگەن سەنەمگە دەسسەۋېرەتتى.

مۇسا بوۋاي ئوغلىغا گەپ يېگۈزەلمىگەندىن كېيىن، ئەگۈستىكى رەھمەتلىك دادىسى ھەسەمەت موللامدىن قالغان كىچىك كۈلبىسىگە قايتىپ كېلىۋالدى. ئۇنىڭ دادىسىدىن قالغان بۇ ئۆي ئۇزاقتىن بۇيان ياساقسىز، قاراقسىز قالغانلىقتىن، زەيلىشىپ، بەئەينى ئۆزىدەكلا قېرىپ، پاكارلاپ، ئەسكىرەپ كەتكەنىدى. تام - تورۇسلىرى جىن چىراغنىڭ ئىسىدا قارىداپ، خۇنۈكلىشىپ، تور باغلاپ كەتكەنىدى. ئاللا تائالا موللا مۇسا بوۋايغا پەرزەنتنى كۆپ بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما، ئۇلارغا ئىنساپ - دىيانەتنى كۆپ بەرمىگەنىكەن. ئۇنىڭ كامالىدىن دېگەن بىر ئوغلى قاسساپ، ھالالىدىن دېگەن بىر ئوغلى مومۇلۇقتا مىراپ ئىدى. ئەمدى ئابدۇل ۋاھىد قارى مەدرىسىنى پۈتتۈرۈپ كېلىپ بىر مەزگىل زاكاتچى بولدى. ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە روھانىي بولۇۋالدى. ئۇنىڭ ھاۋا قىز، تىللا قىز، خانقىز دېگەن ئۈچ قىزى بولۇپ، بىرىدىن ئەرنىڭ قولىدا ئۆز ھەلەكچىلىكىدە ئىدى.

موللا مۇسا بوۋاي ئوتتۇز ياشلارغا كىرگەندە، ھالال جۈپتى سائادەتخاندىن ۋاقىتسىز ئايرىلىپ قالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، باللىرىنى قاتارغا قوشىمەن دەپ كۆرمىگەننى كۆردى، تارتمىغان جاپالىرى قالمىدى. ئۇنىڭغۇ خۇي - پەيلى ئانچە يامان ئەمەس بىر ئادەم ئىدى. نىمىشقىدۇر، باشقا لايىق تاپماي، شۇ بويتاقلىقى بىلەن ئۆتۈپ كەلدى، باللىرىنى چوڭ قىلىمەن، چوڭلىرىنى ئۆيلەپ، ئۆي - ئوچاقلىق قىلىمەن، قىزلىرىنى تالالىق قىلىمەن دەپ، ئۆزىنى زادىلا ئويلاپ باقمىدى. ھالا

بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، مانا چۆلدىكى تاشلاندۇق تۈگمەندەك يالغۇز قالدى.

موللا مۇسا بوۋاي نەچچە ۋاقىتتىن بېرى يېڭىساردىكى كىچىك ئوغلى موللا ئابدۇل ۋاھىد قارىنىڭ يېنىدا تۇرۇۋاتقانىدى. ئوغلى ئۈچۈن مال ـ دۇنيا شۇنداق تاتلىق ئىدىكى، ئۇ پۇلنى قانچە كۆپ تاپقانسېرى، شۇنچىلىك خەسىس بولۇپ كېتىۋاتاتتى. پۇل موللا ئابدۇل ۋاھىد قارى ئۈچۈن جان بىلەن باراۋەر ئىدى. يېڭىساردا ئاشپۇزۇللار ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئاشخانىلاردىن چىقىۋاتقان پېتىر مانتا، لەغمەن، چۆچۈرە، پەرمۇدە، كاۋاپ، قازان كاۋاپلىرىنىڭ مەززىلىك پۇراقلىرى بۇرنىغا ئۇرۇلۇپ تۇرسىمۇ، ئەمما، ئۇ يىلدىن بۇ يىلغىچە بوۋاينى ئاشپۇزۇللارغا باشلاپ، ياخشى كۆرگەن تامىقىنى تويغۇچە يېگۈزۈش — ئوغلى ئابدۇل ۋاھىدنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمايتتى. بوۋاينى قاتتىق نانغىلا زورلايتتى. ئۇ، مال-دۇنيانى يېمەي ـ ئىچمەي، كىيمەي ـ خەجلىمەي تېپىۋاتاتتى.

بۇ يىل موللا ئابدۇل ۋاھىد قارىنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ بەردىمۇ ـ قانداق، يىلنىڭ بېشىدىلا ھەج قىلىپ پەرزنى ئادا قىلىش تەرەددۇتىگە چۈشتى. دېمىسىمۇ، ھەج قىلىش — ھەر بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرز ئىش. موللا مۇسا بوۋاي ئۈچ ئوغۇل، ئۈچ قىزنى بېقىپ قاتارغا قوشىمەن دەپ، بۇ پەرزنى ئۇزاقتىن بۇيان ئادا قىلىشنى ئارزۇ قىلىپ ئەمما ئىشقا ئاشۇرالماي كېلىۋاتقانىدى. نىھايەت، ئوغلى پەرزەنتلىك بۇرچىنى ئادا قىلىش يۈزىسىدىن، ئۇنى ئېلىپ باشقا ھەججانلار بىللە مەككىگە قاراپ يولغا چىقتى.

ئەرەبىستاننىڭ ئىسسىق، قۇرغاق ھاۋاسى موللا مۇسا بوۋاينى ھالىدىن كەتكۈزۈپ قويدى. ئۇ يۇرتقا قايتىپ كېلىپ، ئۇزاق قالماي ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى.

موللا ئابدۇل ۋاهىد قارى دادىسىغا ئوقۇپ، ھۆرۈپ باقتى، ئەمما بوۋاينىڭ كېسىلى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ «مېنى تېۋىپقا كۆرسىتىپ باقساڭلار!» دېگەن تەلىپى ئورۇندالماي شۇ پېتىچە قىلىۋەردى.

موللا مۇسا بوۋاي ئوغلىنىڭ بەش تەڭگىنىڭ مېھرىدىن كېچەلمەيۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. ئەمما، بوۋاينىڭ نېمە ئامالى بولسۇن؟ پۇلنى بولسا ئوغلى تېپىپتۇ. ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا چىشى پاتمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بوۋايمۇ ئۆزىنىڭ ساقىيىپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى سېزىۋاتاتتى. ئۇ، ئەگۇسكە كېتمەن، دەپ موللا ئابدۇل ۋاهىد قارىنىڭ بېشىنى ئاغرىتقىلى تۇردى. دادىسىنىڭ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قېلىشى ئۇنىڭ ئوقىتىشىگە كۆپ هالاقىت بېرىۋاتقانىدى. شۇڭا، بوۋاينىڭ تەلىپى ئۇنىڭغا ياغدەك خوش ياقتى - دە، ئۇنى دەرهال ئەگۇسكە ئاپىرىپ قويدى.

موللا مۇسا بوۋاي ئەگۇستىكى كونا كۇلبىسىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنى دادىسى رەھمەتلىكنىڭ روھى يۆلىدىمۇ قانداق، خېلى ساقىيىپ يېنىكلەپ قالدى، تالا - تۈزگە چىقىپ، يېقىن - يورۇقلىرى ۋە قوشنا - قولۇملىرى بىلەن بىردەم - يېرىمدەم هال - مۇڭ ئېيتىشالايدىغان بولدى.

مۇشۇ قېتىمقى كېسەلدىن كېيىن، مۇسا بوۋاي تېز قېرىپ كەتتى. ئۇنىڭ چاچ - ساقاللىرى ئۇچتەك ئاقىرىپ، كېيىن سارغىيىپ، تېخىمۇ شالاڭلىشىپ كەتتى، كىرپىكلىرى تۆكۈلۈپ بولدى، بوي - بەستىمۇ خۇددى يىگلەپ قالغان سۆيىمدەك قورۇلۇپ كىچىكلەپ قالدى.

يېقىندىن بۇيان، ئۇ، رەھمەتلىك دادىسى ھەسەمەت موللامنى كۆپ ئويلايدىغان، دادىسى رەھمەتلىكمۇ ئۇنىڭ چۈشىگە كۆپ كىرىدىغان بولۇپ قالدى.

بىر كۈنى كەچتە، موللا مۇسا بوۋاي ئۆزىنى سەل بىتاپ سەزدى، شۇڭا، بالدۇرلا يېتىپ قالدى. ئۇنىڭ ئۇيقۇسى كەلمەي

ياتاتتى. تۇيۇقسىز دادىسى رەھمەتلىكنىڭ مۇنداق بىر سۆزى ئۇنىڭ يادىغا كېلىپ قالدى:

— ئىنساننىڭ روھىغا ۋە جىسمىغا، — دېگەنىدى ئۇ، — لاتاپەتلىك بىلەن كاساپەتلىك، نۇرى ئىمان بىلەن زۇلمەت ئارىلىشىپ سىڭگەن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەر كىمدە بىر ئالاھىدە مىجەز - خۇلق پەيدا بولغان. پەرىشتىلەر ئىنسانغا ئۆز ئەقلىدىن بەھرە بەرگەن، شەيتانمۇ ئۆز نەپسىدىن ھەسسە قوشقان. شۇڭا ھەر كىم ئەقىل بىلەن ئىش قىلسا، يۇقىرى مەرتىۋىلەرگە ۋە ئۇلۇغ دەرىجىلەرگە كۆتۈرۈلىدۇ، ئەگەر شەيتاننىڭ پەرمانىغا بويسۇنسا، ھايۋاندىن بەتتەر پەس ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدۇ، بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە خارۇ - زارلىققا مۇپتىلا بولىدۇ...

موللا مۇسا بوۋاي دادىسى رەھمەتلىكنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئويلاپ يېتىپ، كۆزلىرى ئىلىنغانلىقىنى تۇيمايلا قالدى. ھەسەمەت موللامنىڭ مېھرىبان سىماسى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا زاھىر بولۇپ، بارغانسېرى ئېنىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئاق تون، ئاق سەللە كىيگەن دادىسى ئۇنى تالاغا — يىراق بىر يەرگە ئىما قىلىۋاتاتتى. دادىسى گەپ قىلمايتتى، «بېرى كەل!» دەپلا ئىشارەت قىلاتتى. موللا مۇسا بوۋاي ئاستا - ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، ھاسىسىغا تايانغىنىچە ئۆيدىن چىقتى.

موللا مۇسا بوۋاي كەنتتىن چىققۇچە خېلى ياخشى ماڭدى. كەنتتىن چىقىپ ئازراق ماڭا - ماڭمايلا، بىر چالمىغا پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشتى. قولىدىكى ھاسىسىمۇ قاياققىدۇر قاڭقىپ كەتتى. ئۇ قاراڭغۇدا ئۆمىلەپ يۈرۈپ ئىزدەپ، ھاسىسىنى تاپالمىدى. ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇپ، خېلى تىرەجەپ باقتى - يۇ، ئەمما تۇرالمىدى. ئەمدى ئۇ دادىسىنىڭ كەينىدىن ئۆمىلەپ مېڭىشقا باشلىدى. ئاختامىلىقنىڭ چالمىلىرى ئۇنىڭ قول، جەينەك ۋە تىزلىرىنىڭ تېرىسىنى تىتىپ قان قىلىۋەتتى. ئۇ ئەمدى بىر غېرىچ - بىر غېرىچتىن ئۆمىلەپ ئالغا سىلجىۋاتاتتى.

دادىسى رەھمەتلىكنىڭ سىماسى ئۇ ئۆمىلەشتىن توختىسا توختايتتى، ئۇ ئۆمىلەشكە باشلىسا، ئالدىغا قاراپ ماڭاتتى. موللا مۇسا بوۋاينىڭ ئارقىسىدا ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا سوزۇلغان بىر قانلىق ئىز قالدى. ئەمدى ئۇنىڭ قوللىرى، تىزلىرى كارغا كەلمەي قويدى. ئۇ ئېڭىكى ھەتتا چىشى بىلەن يەرنى تىرەجەپ ئالغا سىلجىشقا باشلىدى. ئېڭەكلىرىنىڭ سۆڭەكلىرى كۆرۈنۈپ قالدى. دادىسى رەھمەتلىكنىڭ سىماسى توختىدى ۋە ئۆزى ياتقان يەرگە قاراپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇ قولىنى دادىسىنىڭ سىماسىغا سۇندى ...

ئەتىسى، مەھەللىنىڭ پادىچىسى ياسىن لەۋەن پادىسىنى ھەيدەپ كېتىۋېتىپ، كۆنچىقىش تەرەپتىكى ئاختامىلىقنىڭ چېتىدە قارا بىر نەرسىنىڭ سوزۇلۇپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. يۈگۈرۈپ بېرىپ قارىسا، موللا مۇسا بوۋاي ئىكەن. ئۇنىڭ تېنى ئاللىقاچان قېتىپ قالغانىدى.

نەزمە:

جەبر - زۇلۇم شاھۇ سۇلتاننىڭ ئىشى،
رەشك - ھەسەت موللا - ئىشاننىڭ ئىشى.
كىبىر باينىڭ، مىكىر تەنناز جۇۋاننىڭ،
خۇلاسە — ھەممىسى شەيتاننىڭ ئىشى.

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر

# تۆتىنچى باب

## «پوچى خوجام»

مىلادى 1871 - يىلى 6 - ئاي.

بۇ جايغا بۇرۇن كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە ناھايىتى كۆپ ھەربىي كۈچ توپلانغانىدى. رۇسلار تارانچىلارنىڭ بىرىنچى قاتاردىكى ئىستىھكاملىرىنى بىردەمدىلا چەيلەپ تاشلىدى. تارانچىلار بەزى كۆزەتكۈچىلىرىنى قالدۇرۇشۇپ، بىرىنچى قاتاردىكى ئىستىھكاملىرىنى تاشلاپ كېتىشتى. چۈشتىن كېيىن، ئىككىنچى قاتاردىكى ئىستىھكاملىرىنىمۇ تاشلاشقا مەجبۇر بولۇپ، ئۈچىنچى قاتاردىكى خەندەكلەرگە يۆتكەلدى ......

6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، روسىيە تۈركىستان قىسىملىرىنىڭ گېنېرالى كولپاكوۋسكى تۇرشاۋۇل قىسمىنى باشلاپ بولخوجىر دېگەن يەردە ئىلى دەرياسىدىن ئۆتتى. رۇسلارنىڭ ھۇجۇمى باشلاندى، ئۇلارنىڭ ئاكوپلىرىدىن بىراقلا ئون ئالتە تۈركۈم ئەسكەر دولقۇندەك ئېتىلىپ چىقتى ۋە تارانچىلارنىڭ ئىستىھكاملىرىغا قاراپ باستۇرۇپ بېرىشقا باشلىدى. تارانچىلار سېپىدىن ئېتىلغان توپ ئوقلىرىنىڭ پارتلىشىدىن ھاسىل بولغان قاپقارا ئىس - تۈتەكلەر ئاسمانغا تۈۋرۈكتەك كۆتۈرۈلدى، ھۇجۇم قىلغۇچىلارنىڭ دولقۇنى پارچىلىنىپ، قالايمىقانلىشىپ

كەتتى. ئۇلار توپ ئوقلىرىنىڭ پارتلىشى ھاسىل قىلغان گوداڭلاردا ئۆمىلەشكە باشلىدى. تارانچىلار ھۇجۇمغا ئۆتكەن رۇسلارغا ئەجەللىك زەربە بېرىپ، ئۇلارنى ئەستىھكاملىرىغا زادىلا يولاتمىدى، ئۇلار ھۇجۇم قىلغۇچىلارنى خېلى ئۇزۇنغىچە ئالغا ئىلگىرىلىيەلمەس قىلىپ قويدى.

گېنېرال كولپاكوۋسكىنىڭ تۇرشاۋۇل قىسمى ئالتە يېرىم پىيادە ئەسكەرلەر روتىسى ۋە تۆت يېرىم كازاكلار روتىسىدىن تەركىب تاپقانىدى. ئۇلارغا ئون دانە دالا زەمبىرىكى سەپلەپ بېرىلگەن، بۇ زەمبىرەكلەرنىڭ ئىچىدە يەتتىسى كەينىدىن ئوقلىنىدىغان، ئىنتايىن زور خاراب قىلىش كۈچىگە ئىگە چوڭ كالىبىرلىق زەمبىرەكلەردىن ئىدى. ئۇنىڭ قىسمىدا، لېيتېنانتتىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئاتمىش ئۈچ ئوفىتسېر، بىر مىڭ يەتتە يۈز سەكسەن بەش سولدات بار ئىدى. ئۇلارغا يەنە قىرىق نەپەر مانجۇ، خەنزۇ ۋە قالماق چېرىكى سەپلەپ بېرىلگەنىدى. بۇ چېرىكلەرگە پېڭ فامىلىلىك بىر خەنزۇ ئوفىتسېرى باشلىق ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، مەخسۇس خەۋەر - ئالاقە، ئايغاقچىلىق ئىشىغا سېلىنىدىغان يېرىم روتىدەك قىرغىزمۇ بار ئىدى.

رۇسلارنىڭ دەسلەپكى ھۇجۇمى تارانچىلارنىڭ قەيسەرلىك بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا بىتچىت قىلىندى. كولپاكوۋسكى دەرھال تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپ، بۇرۇنقى پىيىلما سەپ بويىچە ھۇجۇمغا ئۆتۈشنى تىك سەپ بويىچە ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە ئۆزگەرتىشنى قارار قىلدى.

رەتلىك تىزىلغان ئاتلىق كازاكلار قىلىچلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، بايراقلىرىنى لەپىلدىتىپ، كانايلىرىنى ياڭرىتىپ كېلىۋاتاتتى. ھەر بىر روتا بىر ئۇزۇن سەپ بويىچە تىزىلغان بولۇپ، ئالدىدىن قارىغان ئادەمگە خۇددى بىر كىشى ھەرىكەت قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇلار تۆپىلىكلەردىن ئاتاكىغا ئۆتۈپ، جەسەتلەر بىلەن تولۇپ كەتكەن خەتەرلىك جايلارغا شۇڭغۇپ

كىردى - دە، ئىس - تۈتەكلەر ئىچىدە كۆزدىن غايىب بولدى، كېيىن يەنە ئىس - تۈتەكلەر ئىچىدىن چىقىپ كېلىپ، تۆپىلىكنىڭ نېرىسىدا كۆرۈندى. ئۇلار زەمبىرەك ئوقلىرى كەينى - كەينىدىن چۈشۈپ پارتلاۋاتقان دائىرىدىن يېرىپ ئۆتۈپ، تۆپىلىكنىڭ ئاستىدىكى پاتقاقلىق يانباغىرغا قاراپ ئىلگىرىلەشكە باشلىدى. ئۇلار ئىككى باتالىيون بولۇپ، ئىككى ئۇزۇن سەپ بويىچە كېتىۋاتاتتى. پىچورىنىنىڭ كازاك باتالىيونى ئوڭ تەرەپتە، مىخايلوۋسكىنىڭ پىخود① باتالىيونى سول تەرەپتە ئىدى. يىراقتىن قارىغان ئادەمگە ئۇلار خۇددى ئولجىسىغا قاراپ يەر بېغىرلاپ ئۆمىلەپ كېتىۋاتقان سىرتلانغا ئوخشاش كۆرۈنەتتى.

تۆگجىنىڭ ئونىنچى يىلى② بەشىنچى ئايدا (كونىچە ئاي ھېسابىدا)، رۇس قوشۇنلىرى ئىلىنىڭ كەتمەن دېگەن يېرىنى بېسىۋالدى. ئۇلار بىلەن بىللە كەلگەن سۇلانلارنىڭ ئوكۇرتايى ③ ئەۋەتكەن ئايغاقچى ئاي قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ، تارانچىلار قاراۋۇلىدىن تۇيدۇرماي ئۆتۈۋالدى ۋە شىبەلەرنىڭ ئوكۇرتايى خارماگاغا: «ئورۇس قوشۇنلىرى مۇشۇ بىر نەچچە كۈن ئىچىدە دەريا④نىڭ ئايىقىدىن ئۇ قاتقا ئۆتىدۇ» دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزدى. خارماگا سۇلان ئوكۇرتايى ئارقىلىق رۇس قوشۇنلىرىنىڭ گېنېرالى كولپاكوۋسكىغا⑤ بىر پارچە ئاخبارات ئەۋەتتى. ئاخباراتتا: «... شىبە يىگىدىكى بارلىق ھەربىي ۋە

① پىخود — پىيادە ئەسكەرلەر.

② تۆگجىنىڭ ئونىنچى يىلى — 1871 - يىلى.

③ ئىسمى نامەلۇم. بۇ كىشى 1860 - يىلى 11 - ئايدا رۇسلار تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن، بۇ ھەقتە موجىكخې ئەپەندى يازغان: «شىبەلەرنىڭ تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار» غا قاراڭ.

④ دەريا — ئىلى دەرياسى. تۆۋەندىمۇ شۇنداق.

⑤ كولپاكوۋسكى — ياساۋۇل گېنېرال كاۋفماندىن كېيىن تۈركىستانغا گوبېرناتور بولغان ئادەم.

پۈقرالارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئالتە يىلدىن بۇيان چەنتۇلارنىڭ
خىلمۇ خىل زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، يەتكۈچە خورلاندى.
جاڭابىلىرىنىڭ ئەسكەر باشلاپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، قارا
چېرىك، ئۇلۇغ - ئۇششاق، ئەر - ئايال ۋە چوڭ - كىچىكلەرنىڭ
ئىچىدە خۇشال بولمىغان ئادەم قالمىدى. ئۇلار، ئورۇسلارنىڭ
تېزرەك يېتىپ كېلىپ، قانخورلارنى يوقىتىپ، ئۆزلىرىنى
ئازاب - ئوقۇبەتتىن قۇتقۇزۇۋېلىشىنى تۆت كۆز بىلەن
كۈتمەكتە. مۇبادا دەريادىن ئۆتسەڭلار، بۇ يەر جەڭ مەيدانىغا
ئايلىنىپ قالىدۇ. ئېتىزلىقلاردىكى زىرائەتلەر ئاتنىڭ
ئايىغىدا پايخان بولۇپ، ھەددى - ھېسابسىز ئاشلىق نابۇت
بولۇپ كېتەرمىكىن دەپ ئەندىشە قىلىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە،
سۇمۇلىمىزنىڭ ئايىقىدىكى قىرنىڭ ئاستىدىكى يەرلەر ساپلا
سازلىق بولۇپ، بۇ يەردە ئۇرۇش قىلغىلى بولمايدۇ. غۇلجىغا
سازلىق ئارقىلىق پەقەت بىرلا يول بىلەن ئۆتۈش مۇمكىن.
مۇبادا قومۇشلۇق ئىچىدە بۆكتۈرمە قويۇلغان بولسا، قانچىلىك
جىق قوشۇن بولغىنى بىلەن زادىلا ئۆتەلمەيدۇ. بۇ يەرنىڭ يەر
شارائىتىدىن گېنېرال جانابلىرىنى خەۋەردار قىلىپ قويغۇم
كەلدى. ئەڭ ياخشىسى دەريانىڭ تۆۋەن تەرىپىدىن ئۆتمەي، يۇقىرى تەرىپىدىن ئۆتسەڭلار ئوڭايغا توختايدۇ. ۋاقىپ
بولغايلا ...» دېيىلگەنىدى ①.

بۇ خەتنى تاپشۇرۇۋېلىپ، رۇسلار بىر كېچىدىلا كەتمەندىن يۆتكىلىپ، ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى ئېقىنىدىكى بولخوجىر دېگەن يەرگە باردى - دە، دەريانى كېچىپ ئۆتتى.
ئىككىنچى كۈنى، قورغاسنىڭ يېنىدا تارانچىلار بىلەن قاتتىق
تۇتۇشۇپ قالدى ......

رۇسلارنىڭ ھۇجۇم قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان ئەلاخان

① موجىڭخې يازغان: «شىبەلەرنىڭ تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار» غا قاراڭ.

سۇلتان ئوكورتاي خارماڭانى غۇلجىغا قايتۇرۇپ كەلدى ۋە شىبە يىگىندىكى بەش يۈز چېرىكنى دەرھال ئالدىنقى سەپكە يۆتكەپ رۇسلار بىلەن بولۇۋاتقان ئۇرۇشقا قاتناشتۇردى. شىبەلەر ئالدىن كېلىشىۋالغىنى بويىچە، باشلىرىغا كۆك ياغلىق چىگىۋالغان بولغاچقا، رۇس سولداتلىرى تارانچىلار سېپىدىكى كۆك ياغلىق-لىقلارنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ بېشىدىن ئاتىلدۇرۇپ ئاتقىلى تۇردى. شىبەلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قېچىپ پېتىراپ كېتىشتى. سو-قۇشا - سوقۇشا، تارانچىلار رۇسلارنى قورشىۋالدى. رۇسلار بىر تەرەپتىن ئېتىپ، بىر تەرەپتىن چېكىنىپ، بىر كونا جاڭزىغا كىرىۋالدى. رۇسلارنىڭ مىلتىقلىرى قىزىپ كېتىپ، داۋاملىق ئاتقىلى بولمايۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا ئۆتكۈنچى يامغۇر يېغىپ قىزىپ كەتكەن مىلتىقلارنى سوۋۇتۇپ بەردى. رۇسلار قايتا روھلىنىپ، ھۇجۇمغا بىر ئۆتتۈۋىدى، تارانچىلار ئۇلارنى توسۇيالماي، چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى.

ھۆرمەتلىك كىتابخان، ئىلى ۋاقىئاتلىرىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ياخشى چۈشىنىۋېلىشىڭىزغا ياردىمى بولسۇن ئۈچۈن، گەپنى بۇنىڭدىن بەش يىل ئىلگىرى يۈز بەرگەن تارانچى پاجىئەلىـ رىگە يۆتكۈشۈمگە رۇخسەت قىلغايسىز ...

× ×

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، سۇلتان مەزەمزات!

ئۇ، «جانابىي ئالىيلىرى» دېمەستىن، سۇلتاننىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ ئۇدۇللا ئاتاۋەردى. سۇلتان مەزەمزات بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ چىرايىغا تىكىلدى. چاچ - ساقاللىرى ئۇچىدەك ئاقارغان، بېشىغا يېشىل كۇلاھ كىيىپ، ئۈستىگە يېشىل دەستار ئورىغان، ئۆزىنى «جانابىي غەۋسىل ئەززەمنىڭ ئەۋلادىـ مەن» دەۋالغان، مەھمۇت خوجا دەپ ئاتىلىدىغان بۇ ئادەم

ئۇلتۇرۇشۇپ كەتكەن ئۇيقۇسىز كۆزلىرىنى قاچۇرماي، ئۇنىڭغا
ئىنغۋاگەرلەرچە قادىلىپ قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۇستىبېشى
تورپا - چاڭ ئىدى، ساقال باسقان ئورۇق، ياداڭغۇ يۈزىدىن،
زىكرى تەلقىن بىلەن ئۆتكەن كېچىلەردە ئۇيقۇسىزلىقتىن كىچىك-
لەپ كەتكەن كۆزلىرىدىن نەشتەردەك بىر خىل سوغۇق نۇر
چېچىلىپ تۇراتتى.
— مەرھەمەت خوجام، قېنى ئولتۇرۇڭ! — دەپ يېنىدى-
كى كۇرسىنى ئىشارەت قىلدى سۇلتان مەزەمزات.
— سەۋر قىلىڭ، سۇلتان مەزەمزات! ئاۋۋال بىر نەرسە-
نى سورىۋالاي، — دېدى مەھمۇت خوجا ئۇنىڭ كۆزىگە بايام-
قىدەكلا قادىلىپ قاراپ تۇرۇپ، — سىز ئالەمپاناھ، مەن پېقىر-
نى كىم ۋە قانداق ئادەم دەپ ھېسابلايسىز؟
شۇنداق، بۇ ئادەم زادى كىم؟ ئۇ يىراق شامدىن كەلگەن.
ئاۋۋال مېچىت - خانىقالاردا ۋەزخانلىق قىلدى، كېيىن ئۇنىمۇ
تاشلاپ، بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا تىمىسقىلاپ يۈردى. ھازىر بولسا
مانا بېشىغا يېشىل كۇلاھ كىيىپ، يېشىل دەستار ئوراپ،
ئۇچىسىغا سەقەرلات تون كىيگەن ھالدا ئۇنىڭ ئالدىدا
گېدىيىپ تۇرۇپتۇ.
سۇلتان مەزەمزات مۇرىسىنى قىستى.
مەھمۇت خوجا قاتتىق خۇرسىندى:
— بىز ھەممىمىز بۇ بەش كۈنلۈك بىۋاپا دۇنيادىن ھە-
قىقەت ئىزدىگەن ۋە ئۇنى تاپالمىغان ئاسىي بەندىلەرمىز!—
دەپ خىتاب قىلدى ئۇ،— مەن ئەسلىدە سىز ساھىبى تاج
سۇلتاندىن مەدەت تىلەپ كەلگەن، ئەمما تا مۇشۇ سائەتكە
قەدەر، مەن بۇ مەدەتكە ئېرىشەلمىدىم. يۇرتۇمدىن ئايرىلىپ،
ۋەتەنسىز بىر مۇساپىر بولۇپ قالدىم. ھىدايەت ئىزدەپ، بار-
مىغان يېرىم، ئىستىقامەت قىلمىغان جايىم قالمىدى. ئاخىرى بۇ
جايغا كېلىپ، ئاللانىڭ زېمىندىكى سايىسى بولغان سىز ساھ-

بى تاج سۇلتانغا ئىخلاس قىلدىم ۋە لېكىن ... مەن نېمىگە ئېرىشتىم؟

— سىز نېمىشقا مازارى شېرىپلارنى تاۋاپ قىلىپ، ئاللاغا ھەمدۇ - سانا ئوقۇپ يېتىۋەرمەي، سەلتەنەت ئىشلىرىغا قول تىقماقچى بولىسىز؟— دەپ سورىدى سۇلتان مەزەمزات ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدىغا بىر قەدەم مېڭىپ،— نېمە ئۈچۈن ھاكىمىيەت ئۈستىدە پىتنە - ئىغۋا تارقىتىپ، سۇخەنچىلىك قىلىسىز؟

— مەن سىزنى ئىلمىي غايىبنى بىلەمدىكىن دەپ ئويلايتتىم، لېكىن بىلمەيدىكەنسىز،— دېدى مەھمۇت خوجا قىلچىمۇ تەپتارتماستىن،— ئىلمىي غايىبنى بىلمەي تۇرۇپ، يەتتە كاۋاكىپ①، ئون ئىككى بۇرج②، سەككىز قىرغاقنى③ بىلمەي تۇرۇپ، بۇ نادان تارانچىلارغا قانداق سۇلتانلىق قىلىۋاتىسىز؟

— مەن ئىلمىي غايىبقا ئەمەل قىلمايمەن، چۈنكى، «كىمىكى ئىلمىي غايىبقا ئەمەل قىلسا، شۇ چوقۇم كاپىر بولىدۇ» دېگەن ھەدىس بار.

— سىز ھەربىر ھەدىسكە ئەمەل قىلىدىكەنسىزۇ، لېكىن سەككىز ئايەتكە ئىقرار ئەمەس ئىكەنسىز!

— قايسى سەككىز ئايەت ئىكەن ئۇ؟

---

① يەتتە كاۋاكىپ — قۇياش، ئاي، مىررىخ، ئۇتتارۇ، مۇشتەرى، زۆھرە، زوھەل قاتارلىق يەتتە سەييارىنى كۆرسىتىدۇ.

② ئون ئىككى بۇرج — ھەمەل، سەۋر، جەۋزا (قوزا)، سەرەتان، ئەسەد، سۇمبۇلە، مىزان، ئەقرەپ، قەۋس، جەددى، دەلۋە، ھۇت بولۇپ، پەسىل — مەۋسۇم ئۆزگىرىشىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ھەمەل، سەۋر، جەۋزا باھار پەسلىنى؛ سەرەتان، ئەسەد، سۇمبۇلە — ياز پەسلىنى؛ مىزان، ئەقرەپ، قەۋس — كۈز پەسلىنى؛ جەددى، دەلۋە، ھۇت — قىش پەسلىنى بىلدۈرىدۇ.

③ سەككىز قىرغاق — غەرب، شەرق، جەنۇب، شىمال تەرەپلەر ۋە ئۇلارنىڭ تۆت بۇرجىكىنى كۆرسىتىدۇ.

— بۇ سەككىز ئايەت مۇنۇلار: «بىز ئەلۋەتتە ئاسمان تەبىقىلىرىدە پىلانىتىلارنىڭ سەيىر دائىرىسى ئۈچۈن بۇرجلارنى ياراتتۇق؛ بىز ئاسمان دۇنياسىنى يۇلتۇزلارنىڭ بىزەكلىشى بىلەن زىننەتلەندۇردۇق؛ قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلار تەڭرىنىڭ پەرمانىغا بويسۇنىدۇ؛ بەس، يۇلتۇزلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى بىلەن قەسەمياد قىلىمەن؛ ئاسماندا يۇلتۇزلارنىڭ سەيىر قىلىشى ئۈچۈن دائىرىلەرنى ياراتقان تەڭرى نېمىدېگەن ئۇلۇغ؟ قەسەمياد قىلىمەن، بۇرج — ئاسمان دائىرىسى بار ئاسمان ھۆرمىتى بىلەن؛ ئىنسانلار يىراق يەرگە يۈرۈشتە ۋە ئىشلىرىنى باشلاشتا يۇلتۇزلارنىڭ سەيىر قىلىشىنى مۆلچەرلەپ توغرا يول تاپىدۇ. بەس، كۆزىتىڭلار! تەڭرىنىڭ قۇدرىتىنى كۆرمەكچى بولساڭلار، يۇلتۇزلارغا قاراڭلار.»

— ئۇنداق بولسا سىز ئېيتىپ كۆرۈڭا! — دېدى سۇلتان مەزەمزات، — ھازىر ئاي قايسى بۇرجىدا؟

— ئەقرەپ بۇرجىدا، ئالتە دەرىجىدە ئەنگا بىرلە مىررىخ بەشىنچى دائىرىدە. بۇ ۋاقىت ئۇغرى - قاراقچىلارغا ئەپلىك، ئەمما شاھۇ سۇلتانلارغا خوپ ئەمەستۇر.

— ھەدىس شەرىفتە: «پادىشاھلار ئاللانىڭ زېمىندىكى سايىسىدۇر» دېيىلگەنغۇ! ...

— ئەي سۇلتان، شۇ ھەدىستە يەنە: «ئۆلىمالار پەيغەمبەرلەرنىڭ مىراسخورلىرىدۇر» ھەم دېيىلگەن! سىز «ئاللانىڭ زېمىندىكى سايىسى» بولسىڭىز، بىز ئاللانىڭ خاس بەندىسىدۇرمىز!

— سىز قانداقچىسىغا ئاللا تائالانىڭ خاس بەندىسى بولۇپ قالدىڭىز؟

— مەن قۇرئانخاندۇرمەن، ئەللامەدۇرمەن. ئاللاتائالا قۇرئانى كەرىمدە: «قولھەل يەستەۋىللە زىنەيەئلۇ — مۇنەۋەللە زىنەلا

يەئلەمۇن» ① دەپ بېشارەت بەرگەن.

— سىز تولا مەمەدانىلىق قىلماڭ. چۈنكى بۇ سىزگە ياخشىلىق ئېلىپ كەلمەيدۇ. سىياسەت قىلسام، پۇشايمان قىلىپ قالارسىزمىكىن؟

— مەن ھەر ئىشنى قىلسام ئىلمۇ ھېكمەت بىلەن قىلىمەن. سەۋەبكى، مەن ھەم ئالىم ھەم زالىم، ھەم كالىم② ھەم نازىم③، ھەم مەككار ھەم ئەييار، ھەم غەررار ھەم تەررار④، ھەمھاپىزدۇرمەن ھەم ئۆز بەخت ـ تەلىيىمنى بىلىمەن. ئەگەر مۇشتەرى سۇمبۇلە بۇرجىدە بولسا، شۇ سائەتنىڭ ئۆزىدە تەنھا بىر ئۆزۈم شەبخۇن ئۇرسام، دۈشمەن ئۈستىدىن غالىب كېلىمەن. مېنىڭ ياغاچتىن ياسىغان توپلىرىم بار، پەرەڭچە مۇنتىزىم تەربىيە كۆرگەن يۈز نەپەر ئەسكىرىم بار. مۇشۇلار بىلەنلا ھەر قانداق دۈشمەنگە تېتىيمەن!

سۇلتان مەزەمزاتنىڭ مەھمۇت خوجىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ تۇرغان ئەئيانلىرى ھەيران بولۇشتى. ئەخمەتخان سىڭاكۆز ھەدەپ ئۇنىڭغا دوست تارتىشىپ، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى قۇۋۋەتلەپ بېرىۋاتاتتى. «دېمەك، بۇ قېرى خوجا مېنىڭ نوپۇزلۇق ئادەملىرىم بىلەنمۇ دوستلىشىپ ئۈلگۈرگەن ئىكەندە! نېمىدېگەن يامان ئادەم بۇ؟— دەپ ئويلىدى سۇلتان مەزەمزات،— بۇ قېرى خوجىنىڭ كىشىلەر ئارىسىدىكى ئېتىبارىنى چۈشۈرۈش كېرەك، بولمىسا، ...»

— سىز شېرىن سۇخەنلىكىڭىزگە تايىنىپ، ئىلى زېمىنىغا قەدەم باسار ـ باسماي تۇرۇپلا، غوۋغا چىقىرىپ غەليان كۆتۈر-

① بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: «بىلگەنلەر بىلەن بىلمىگەنلەر قانداقمۇ تەڭ بولالايدۇ؟ دانا بىلەن نادان تەڭ بولالماس.»

② كالىم — ناتىق.

③ نازىم — شائىر.

④ ھەم غەررار ھەم تەررار — ئەييار سۆزىنىڭ تولۇقلىمىسى.

مەگچى بولۇۋاتامسىز؟ ــ دېدى سۇلتان مەزەمزات جىددىيلىك بىلەن.

مەھمۇت خوجىنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ، كۆزلىرى كېچىدە كۆرۈنگەن بۆرىنىڭ يېنىۋاتقان كۆزلىرىدەك چاقناپ كەتتى:

ــ قەدەم باسار ـ باسمايلا ئىمىش تېخى! تارانچىلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىنىڭ ماڭا مۇرىت بولۇپ بولغانلىقىنى بىلمەيدىكەنسىز دە؟

ــ سىزنىڭ ياغاچ توپلىرىڭىز بىلەن جەڭ قىلغىلى بولامدۇ؟ ئۇچىغا چىققان كاززاپ، ئالدامچى بىر ئادەم ئىكەنسىز!

مەھمۇت خوجا ئاستا بۇرۇلۇپ ئەنراپتىكىلەرگە قارىدى. ئۇنىڭ پاخماقلاشقان ساقال ـ بۇرۇتلىرى تىترەپ كەتتى:

ــ ئىي پەرۋەردىگار ئالەم! ئۇنىڭ سۆزىنى ئۆزۈڭ ئىشتىمىڭ! گۇناھى ئەزىمگە پاتقان بۇ ئاسىي بەندەڭنى ئۆزۈڭ مەغپىرەت قىلغايسەن. ياراتقۇچى ئىگەم! ...

قېرى خوجىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان ئەئيانلار سۇلتان مەزەمزاتتىن «خوجامنى كەمسىتىپ يامان قىلدى» دەپ نارازى بولۇشتى.

ئۆتكەن يىلى ①، مانجۇلارنىڭ زۇلمىغا داۋاملىق چىداشقا تاقىتى قالمىغان تارانچىلار قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئازادلىق تۇغىنى بۇ زېمىنغا قادىغاندا، ئابدۇرۇسۇل شاغىبەگ بۇ قوزغىلاڭنىڭ ئاساسىي رەھبەرلىرىدىن بىرى بولغانىدى. مانجۇلار باشتا قوزغىلاڭنى «ئادەتتىكى گەدەنكەش چەنتۇلارنىڭ غەلىيانى» دەپ قاراپ، ئانچە پەرۋا قىلمىغان بولسىمۇ، ئەمما، تارانچىلار چىلپەگزىنى تارتىۋېلىپ، ئارقىدىنلا بايانداىغا ھۇجۇم قىلىشقا ئاتلانغاندا، ئۇلار ئىشنىڭ چاتاق ئىكەنلىكىنى سەزگەن ۋە «ئۆستۈرمە ھوسۇلنى تولۇق تاپشۇرغۇزمىدىڭ» دېگەن گۇناھ بىلەن زىندانغا

① 1864 - يەلى.

تاشلىغان، سابىق تەيجى، ھاكىمبەگ مەزەمزاتنى زىندىندىن چىقىرىپ، ئىسيانچىلارغا ئۆگۈتلۈككە① ئەۋەتكەنىدى. مانجۇلار ئۇنىڭغا يەنە، مەخپىي چېرىك توپلاپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئارقىسىدىن تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنىمۇ تاپشۇرغان. بۇ چاغدا، ھەرقايسى يۇزلەردىن ئېلىنغان چېرىكلەر غالجاتلىق توقلەك② يۈز بېگىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئاللىقاچان ئابدۇرۇسۇل شاغبەگنىڭ تۇپىغا قوشۇلۇپ كەتكەنىدى. مەزەمزات تەيجى چىغلىق مازاردىكى ئەخمەتخان سىڭاكۆزنىڭ ئۆيىگە چۈشۈپ، ئۇنىڭدىن قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇشتى. بۇ ئەخمەتخان سىڭاكۆز دېگەن كاززاپ ئەسلىدىنلا ھاكىمبەگلىك مەنسىپىنى تەمە قىلىپ يۈرگەن بولغاچقا، مەزەمزات تەيجى مانجۇلار تەرەپىدىن ھەپسىگە ئېلىنغاندىن كېيىن، «ئەمدى ھاكىمبەگلىك مېنىڭ قولۇمدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ» دەپ ئويلاپ يۈرگەنىدى. ئەمما، مەزەمزات تەيجىنىڭ ياردەمچىسى ئابدۇرۇسۇل شاغبەگ ھاكىمبەگ بولۇپ تەيىنلەندى. شۇنىڭ بىلەن، ئەخمەتخان سىڭاركۆزنىڭ ئاۋۇزى قولتۇقىدىن چۈشتى. شۇڭا، ئۇ قوزغىلاڭنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى مەزەمزات تەيجىدىن يوشۇرۇپ: «ئابدۇرۇسۇل شاغبەگ قېيىن ئاتىسى ئەخمەتبەگنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن، جانابلىرىدىن ھاكىمبەگلىكنى تارتىۋالماقچى بولۇپ غەليان كۆتۈردى» دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان مەزەمزات تەيجىمۇ نېرى-بېرىسىنى سۈرۈشتە قىلماي، ئەمىر ئابدۇرۇسۇلغا ئاستىرتىن ئۆچ بولۇپ قالدى.

غۇلجا تارتىۋېلىنغاندىن كېيىن، مەزەمزات ئەخمەتخان سىڭاكۆزگە قوزغىلاڭنىڭ يولباشچىلىرىدىن بولغان ئەخمەت خەزىنىچى بەگنى ئارىدىن كۆتۈرۈپ تاشلاشنى يوشۇرۇن

① ئۆگۈت — نەسىھەت قىلىش، بېشىنى سىلاش دېگەن مەنىدە.

② توقلەك يۈز بېگى — توقلەك شاڭبېگى. تارانچىلار ئارمىيىسىنىڭ قوماندانلىرىدىن بىرى.

بۇيرۇدى. ئۇزاققا قالماي، ئەخمەتبەگ ۋە ئۇنىڭ ئىككى بالىسى ئەخمەتخان سىڭاكوۋز تەرىپىدىن ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن، تارانچىلار ھاكىمىيىتى قۇرۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەي يۈز بەرگەن بۇ ئىچكى نىزا كېيىنكى چاغلاردا يۈز بەرگەن بىر قاتار پاجىئەلەرنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ قالدى.

باياندا ي سىپىلى ئېلىنغاندىن كېيىن، ئەمىر ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ خەلق ئىچىدىكى ئابرويى تېز ئۆسۇپ كەتتى. تارانچىلار قوزغىلىڭىنىڭ ئاكتىپ ئىشتىراكچىسى، شائىر موللا بىلال نازىم ئۇنىڭ توغرىلىق ئۆزىنىڭ «غازات دەر مۇلك چىن» ناملىق داستانىدا مۇنداق دەپ يازغانىدى:

........................................

باھادۇر دەپ ئاتالدى بۇ جەڭدە ئەمىر،
نەدۇركىم ئەمىر شاھ ساھىب سەدىر.
ئەمىردىن ھەممىنىڭ دىلى بولدى شاد،
دۇئا ئەيلىدى، تاپتى غەمدىن نىجات.
دېدى بارچە ئادەم يۈرەكلىك ئەمىر،
كى بىزلەرگە دائىم كېرەكلىك ئەمىر.
كى ئابدۇرۇسۇل بەگدۇر دۇرۇست،
دىل دۇرۇست ئۈچۈن تۇتتى خەلق ئۇنى دوست.

........................................

بۇنداق ھالەتتىن سۇلتان مەزەمزات بىلەن ئۇنىڭ يېقىن ئادىمى ئەخمەت سىڭاكوۋز نارازى ئىدى. شۇڭا، ئۇلار ئەمىر ئابدۇرۇسۇل بەگ بىلەن ئۇنىڭ يېقىن ئادەملىرى دەپ سانالغان قازى ئەسكەر موللا ناسىر ئەئلەم قاتارلىقلارنى يوقىتىشنى خۇپىيانە پىلانلىدى.

بىر كۈنى نامازدىگەر ۋاقتى ئىدى. ھەرقايسى قوشلارنى تەكشۈرۈپ، ئۆز چېدىرىغا ئەمدىلەتىن قايتىپ كەلگەن ئەمىر لەشكەر ئابدۇرۇسۇل بەگ غوسۇل - تەرەت ئېلىپ، ئىككى رەكەت

ناماز پەرھىزىنى ئادا قىلىپ بولۇپ، ئەمدى ئورنىدىن تۇراي دېيىشىگە، ئەخمەتخان سىڭاكۆز ئۇنىڭ ئارقىسىدىن خەنجەر ئۇردى ۋە ئالدىن تەييارلاپ قويغان بىر پارچە مانجۇچە ئاخباراتنى ئاستا ئۇنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويدى ...

مۇشۇ مەزگىلدە شام① تەرەپتىن ئۆزىنى غەۋسىل ئەززەم② نىڭ 9 - ئەۋلاد نەۋرىسى، مەقامى مەھمۇت③ دەپ ئاتىلىۋالغان بىرەيلەن كېلىپ، تېز ئارىدىلا ساددا تارانچىلارنى ئۆزىگە مۇرىت قىلىۋالدى. بۇ خوجا ئىلى دىيارىغا سۇلتان بولماقنى نىيەت قىلغانىدى. ئۇ ئۆز ئابرويىنى تېخىمۇ كۆتۈرۈش مۇددىئاسىدا، غۇلجىدىكى مىرباقى دېگەن ئادەمنىڭ ئالمىلىق بېغىدىكى بەش تۈپ سۆۋادانىنى يىقىتىپ، ئۇلاردىن توپ ياسىدى. ئۇ توپادەك دېگەن جايدا مۇرتلىرىنى توپلاپ، ھەيۋىسىنى نامايان قىلماقچى بولۇپ، بەش دانە توپنى ئۇ جايدا قۇردۇردى. تەييارلىقى پۈتكەندىن كېيىن، ئۇ پىلتىرچىنىڭ قولىدىن چوغنى ئېلىپ توپنىڭ پىلىكىگە ئوت يېقىۋېدى، «گۇمباك!» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ، يەر - جاھان قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالدى، ئاسمان - زېمىن بىرسىلكىنىپ توختىدى. ئىس - تۈتەكلەر تارقاپ، ئەتراپ سۈزۈلگەندە، كىشىلەر كېلىپ قاراپ ھېلىقى توپلارنىڭ بىرىنىمۇ ئۆز جايىدا كۆرمىدى. ھۆل تېرەكتىن ياسالغان ۋە چەمبەرلىنىشى ناچار بولغان بۇ توپلار دورىنىڭ كۈچىگە بەرداشلىق بېرەلمەي يېرىلىپ پارچە - پارچە بولۇپ، تۆت ئەتراپقا قاراپ ئۇچۇپ كەتكەنىدى.

شۇنىڭدىن باشلاپ، كىشىلەر مەھمۇت خوجىنى «پوچى

---

① شام — ھازىرقى سۇرىيە.

② ئىسلام دىنىدىكى غەۋسىيە سۇلۇكىنىڭ پىرلىرىدىن بىرى بولغان ئابدۇلقادىر جىلانى (1077 — 1166) نىڭ ھۆرمەت نامى.

③ مەقامى مەھمۇت — ئاللا تەرىپىدىن ماختالغان ئەڭ يۈكسەك دەرىجىلەرنىڭ بىرى.

خوجام» دەپ ئاتىشىدىغان بولدى. ئۇلار قېرى خوجىغا يەنىلا ناھايىتى يۇقىرى ئەقىدە باغلاپ، ئاتلىرى بولسا ئۈيۈرى بىلەن، كالىلىرىنى پادىسى بىلەن، قويلىرىنى قوتىنى بىلەن ئېلىپ كېلىشىپ ئۇنىڭغا تارتۇق قىلدى ۋە ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئالدى.

خۇددى ھەدىس شەرىفتە: «بىر تۇغقان بۇرادىرىگە ئورا كولىغان ئادەم ئاخىر بۇ ئورىغا ئۆزى چۈشىدۇ» دەپ ئېيتىلغاندەك، سۇلتان مەزەمزاتنىڭ ئاقىۋىتىمۇ بۇنىڭدىن باشقىچە بولمىدى. قېرى خوجا تارانچىلارنىڭ قەلبىنى ئۆزىگە پۈتۈنلەي رام قىلىۋالغاندىن كېيىن، مەزەمزاتنىڭ ئورنىنى كولاشقا تەرەددۇت قىلدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، قېرى خوجا مانېۋىر قىلىمىز دېگەن نام بىلەن، توپچى - پىلتىرچىلىرىغا ئۆزى ياسىغان ياغاچ توپلىرىنى سۇلتان مەزەمزاتنىڭ خابگاھىغا يېقىن ئاپارغۇزۇپ، توپلارنىڭ ئاغزىنى ئۇ تەرەپكە ئۇدۇل قىلىپ قارىتىپ قويدى. سۇلتان مەزەمزات ناھايىتى قورقۇپ كەتتى. ئۇ قېچىپ چىقىپ، ياكۇر تۇڭگانىنىڭ بارگاھىغا كېلىۋالدى، لېكىن كەينىدىن قوغلاپ كەلگەن ئەخمەتخان سىڭاكۆز تەرىپىدىن شۇ جايدا قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرۈلدى.

سۇلتان مەزەمزات ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، مەھمۇت خوجا خەلقتىن رازىلىق سوراپ ئولتۇرمايلا، ئۆزىنى «تارانچىلارنىڭ سۇلتانى» دەپ ئېلان قىلدى ۋە ئۆز ئادەملىرىگە سۇلتاننىڭ ئوردىسىنى ئۈچ كۈن تالاتقۇزدى. ئەسلىدىكى بەگ - بېگاتلارنى گۇناھ - سەۋەنلىكلىرىنى سۈرۈشتە قىلىپ ئولتۇرماستىنلا ئۆلۈمگە بۇيرۇۋەردى. شۇنداق قىلىپ، سان - ساناقسىز تارانچى شېھىتلەرنىڭ قانلىرى ھېسابىغا مانجۇ ئىستىبداتىدىن تارتىۋېلىنغان ھاكىمىيەتنىڭ تىزگىنى ئەجدادىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدىغان، ئۇلۇس — ئايمىقى نامەلۇم بولغان بىر تېجىمەل خوجىنىڭ قولىغا كىرىپ قالدى. ئىلى دىيارىدا، تارىخ ئاپپاق خوجىنىڭ پاجىئەسىنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى.

ئاپپاق خوجا پۈتۈنسۇرۇك ئۇيغۇر ئېلىنى ئىككى بۆلەككە پارچىلاپ تاشلاپ، ئارىدا ئاداۋەت ۋە دە ـ تالاش پەيدا قىلىپ، سەئىدىيە دۆلىتىنى ۋە مىللەتنى پۈتۈنلەي خانىۇ ـ ۋەيران قىلىپ تاشلىغانىدى. مەھمۇت خوجا دېگەن بۇ قېرى تۈلكىمۇ «غەۋسىل ئەززەم» نىڭ نامىنى سۇيئىستېمال قىلىپ، مۇنداق پىتنىنىڭ ئوتىنى ئىلى دىيارىدا يېڭىباشتىن تۇتاشتۇردى. نادان خەلق سوقۇر ئېتىقاتلىرى ئارقىسىدا، «خوجامنىڭ قەھرۇ ـ غەزىپىگە ئۇچراپ، دۇنيايى ـ بەند بولۇپ كەتمەيلى» دەپ قورقۇپ، ئۇنىڭ قىلمىۋاتقان ئىشلىرىغا زادىلا قارشىلىق كۆرسەتمىدى. ھەممە ئەئىيانى ئەشرەپلەر ئۇنىڭغا ئىتائەت بىلدۈردى. تارانچىلار ھەرقايسى يۈزلەردىن تۈپ ـ توپ بولۇشۇپ كېلىپ، بۇ قېرى خوجىنى مۇبارەكلىدى. مەھمۇت خوجا ئىنئام ئىشىكىنى كەڭ ئېچىپ، لەشكەرلىرىگە سابىق سۇلتاننىڭ ۋە ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە بۇيرۇلغان بەگ ـ بىگاتلىرىنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى بەيتىلمال قىلىۋېلىشقا رۇخسەت قىلدى.

ئەخمەتخان سىڭاكۆز ئۆزىنىڭ كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ھېسابىغا سۇلتان مەھمۇتتىن «ۋەزىر ئەزەم» لىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشتى.

بىراق، تارانچىلار ئارىسىدا خوجاپەرەسلىك قانچىلىك كۈچلۈك بولسا، شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا نارازىلىقمۇ پەيدا بولدى ۋە كۈچەيدى. قېرى خوجىنىڭ كارامەتلىرىدىن شۈبھىلىنىدىغانلار چىقىشقا باشلىدى. موللا بىلال نازىمى ئەنە شۇلارنىڭ بىرى ئىدى.

شۇ كۈنلەردە، شەيخۇلئىسلام مۇھەممەت مەنسۇر ئاخۇن كۈچا سەلتەنەتىگە بېرىپ، كۈچالىق غازىلاردىن ياردەم سورىماقچى بولۇپ، سەدۇللا خاتىپ، قاۋاش ھاجى ئاخۇن قاتارلىق يىگىرمە بەش ئادەمنى بىللە ئېلىپ يولغا چىققان ۋە جىيەك دېگەن يەرگە كەلگەندە، موغۇللارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، ئون ئۈچ ئادىمىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، مۇزاتتىن ئۆتەلمەي قايتىپ

كەلگەنىدى. شەيخۇلئىسلام يول ئازابى ۋە دەردىدىن ئاغرىپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. موللا بىلال نازىمى ئۇنى يوقلاپ باردى. ئۇلار سۆھبەتتە مەھمۇت خوجىنىڭ قىلغان ئەتكەنلىرىنى سۆكۈپ ئولتۇرۇشتى. بىر چاغدا، موللا بىلال يېنىدىن بىر باغاقچىنى ئېلىپ، ئۇنى مۇھەممەت مەنسۇر ئاخۇنغا سۇندى. ئۇ باغاقچىنى قولىغا ئېلىپ قارىۋېدى، باغاقچىغا يېزىلغىنى خەتتى سۇلۇك قىلىپ كۆچۈرۈلگەن بىر بېيىت ئىكەن. بۇ بېيىتتە مۇنداق يېزىلغانىدى:

ئەگەر ئەرشىئەلاغا تېرىساڭ تېرىق،
ئاڭا ھەۋزى كەۋسەردىن قازساڭ ئېرىق؛
ئاسماندىكى ئايدا ئورساڭ ئۇنى،
ئالتۇن قازاندا قورۇساڭ ئۇنى،
سەھەر سەلكىنىدە سورىساڭ ئۇنى،
تېرىقتۇر، تېرىقتۇر، بەربىر تېرىق.
ئەۋلىيالىق مەقامىغا يەتسىمۇ ئېشەك،
ئېشەكتۇر، ئېشەكتۇر، بەربىر ئېشەك.

مۇھەممەت مەنسۇر ئاخۇن بۇ بېيىتنى ئوقۇپ بىردەم مۇتالىئە قىلغاندىن كېيىن، قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە ئۆزىنى يېنىك ھېس قىلىپ قالدى...

بۇ كۈنلەردە، ئارا ئۆستەڭلىك قۇتلۇق مىراب ئۆزىگە ئوخشاش نارازى ئادەملەرنى ئەتراپىغا يوشۇرۇن توپلاپ، قېرى خوجىنى ئارىدىن كۆتۈرۈپ تاشلاشقا بەل باغلىدى. ئۇلارنىڭ بىر قېتىملىق مەخپىي يىغىنىدا، قېرى خوجىنى ئۆلتۈرۈپ، مەھبۇس ئەلا پالۋاننى سۇلتان قىلىپ كۆتۈرۈش قارار قىلىندى. قېرى خوجىنى ئۆل-

ئۇرۇشكە تۇردى يۈزبېشى بەلگىلەندى. ئەتىسى، تاڭ يورۇشى بىلەن تەڭ، مەھمۇت خوجا ئۆز چېدىرىدا پىچاق بىلەن ئۆلـ تۈرۈلدى. مەلئۇن ئەخمەتخان سىڭاكۆز تۈڭگانىيلارنىڭ ھىما- يىسىگە كىرىۋالغانلىقتىن، ۋاقتىنچە ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالدى.

قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە ئارقا - ئارقىدىن يۈز بەرگەن بۇ ئۆزگىرىشلەر تارانچىلار ھاكىمىيىتىدە قۇدرەتلىك ۋە ئىقتى دارلىق بىر نوپۇز مەركىزىنىڭ شەكىللىنىشىگە كاشىلا قىلدى. گەرچە، تارانچىلار دەسلەپكى قارار بويىچە ئەلا پالۋاننى سۇلـ تانلىققا كۆتۈرمەكچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما خەلقنىڭ رايىغا بېقىپ، موللا شاۋكەت قازى ئەسكەرنى سۇلتان قىلىپ كۆتۈردى.

بۇ چاغدا، كۈرە تېخى ھۇجۇم بىلەن ئېلىنمىغانىدى. ھەر- قايسى كۈرەلەردىن قېچىپ چىققان قارا چېرىكلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بۇ كۈرەگە تىقىلىشىۋالغانىدى. تارانچىلار ھاكىمىيتى ئۈچۈن، كۈرە بوغۇزىغا قادالغان قىلتىرىق، قولتۇقتا چىققان چىقان بو- لۇپ قالغانىدى. كۈرەنى ئالماي تۇرۇپ، موللاشاۋكەت سۇلتاننىڭ يېگىنى ئاش، ئۇيقۇسى ئۇيقۇ بولمايتتى. شۇڭا ئۇ نائىلاج، ئەلا پالۋاننى ئەمىر لەشكەرلىككە كۆتۈرۈپ، كۈرە ئۇرۇشىغا ئەۋەتتى.

ئۈچ يىلدىن بۇيان يېرىم قورشاۋدا تۇرۇۋاتقان كۈرەدىكىلەرنىڭ ئاشلىقى مۇتلەق تۈگەپ، قورغان ئىچىدە مۇدى- ھىش ئاچارچىلىق باشلانغانىدى. مانجۇلار ئىتىمۇ، مۈشۈكىمۇ، ئۆمۈچۈكمۇ، چاشقانمۇ، ئەيتاۋۇر، ئالدىغا نېمە توغرا كەلسە، پەرق ئەتمەي يېيىشكە، ھەتتا چەك تاشلاپ، بىر - بىرىنى يېيىشكە باشلىغانىدى. مۇھاسىرە ئۇزاققا سوزۇلغانسېرى، قورغان ئىچى- دىكى ئاچارچىلىقمۇ كۈچىيىپ باراتتى. ئىلى جاڭجۈنى نائىلاج باش بۇغ ئامبال چۇڭشى بىلەن دەپتەردار ئامبال جىڭلۇننى تارانچىلار بارگاھىغا ئەۋەتىپ، سۇلتان شاۋكەتتىن سۇلھ تە- لەپ قىلدى ھەمدە: «كۈرەنى تاپشۇرغاندىن كېيىن، كۈرەنىڭ

يېرىمىدا سىلەر تۇرساڭلار، قالغان يېرىمىدا بىز تۇرساق» دەپ خەۋەر بەردى. سۇلتان شاۋكەت: «ئۇنداق بولسا، سابىق ئىلى جاڭجۈنى باشلىق ئامباللار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە – تاۋابىئاتلىرى قوشۇلۇپ ھەممىسى بىزدە بارىمتاي بولسۇن. بىز چوڭ كۈرەدە تۇرايلى» دەپ شەرت قويدى. ئىلى جاڭجۈنى ئائىلاج سابىق ياندىش زەڭگى دېچىڭئا، زاجۇلى، سېجىڭئا قاتارلىق ئون ئىككى ئامبالنى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى تارانچىلارغا بارىمتايلىققا بەردى ھەمدە ئامبال جىڭلۇنى بىر مۇنچە سوۋغا – سالام بىلەن سۇلتان شاۋكەت خاننىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى. تارانچىلار ئۇنىمۇ بارىمتايلىققا تۇتۇۋالدى.

كۆرۈنۈشتە، كۈرەدىكى مانجۇلار بىلەن تارانچىلار ئوتتۇرىسىدا سۈلھ تۈزۈلۈپ، تىنچلىق ئورنىتىلغاندەك قىلسىمۇ، ئەمما، ئەمىر لەشكەر ئەلا پالۋان باشچىلىقىدىكى تارانچىلار بۇ چاغدا لەخمە كولاپ، ئۇنى سېپىل ئاستىغا تاقاپ، دورىنى كۆمۈپ تەخ بولۇپ تۇرۇشقانىدى. تۇڭجىنىڭ 5 – يىلى ① 2 – ئاينىڭ 12 – كۈنى يېرىم كېچىدە «گۈمباك!» قىلغان دەھشەتلىك پارتلاش ساداسى يەر – زېمىننى لەرزىگە كەلتۈردى. ئۇستۇن قوۋۇق ئەتراپىدا، سېپىلنىڭ نەچچە غۇلاچ كەڭلىكتىكى بىر بۆلىكى غۇلاپ چۈشتى. سان-ساناقسىز ھۇجۇمچىلار قىقاس – چۇقان ئىچىدە كۈرەگە باستۇرۇپ كىردى. بىر كېچە ئىچىدىلا، كۈرە ئىچىدە تىرىك جان قالمىدى. ئەتىسى كىشىلەر ئېنىقلاپ كۆرۈۋىدى، كېچە يۈز بەرگەن بۇ ھۇجۇمدا، نەچچە تۈمەن ئۇلۇغ – ئۇششاق، پۇقرايۇ چېرىك قىلىچتىن ئۆتكۈزۈلۈپتۇ!

شۇنداق قىلىپ، ئىلگىرى – ئاخىر بولۇپ بىر قانچە يىل ئىچىدە، تارانچىلار تۇڭگانىيلار بىلەن بىرلىكتە بايانداي، قورغاس، كۈرە قاتارلىق ئۈچ قورغاننى ھۇجۇم بىلەن تارتىۋالدى،

① تۇڭجىنىڭ 5 – يىلى — 1866 – يىلى.

سۈيدۈڭ، چىڭسىخوزا، لوسىگۈڭ، تەلكە، قاينۇق، تالچى، چىلپەڭزە قاتارلىق ئالتە كۆرەنى تەسلىم قىلدى، مانجۇلار ئىلى دىيارىدىن ئاساسەن تازىلاندى، ئىلى زېمىنى تارانچىلارنىڭ قولىغا تولۇقى بىلەن ئۆتتى.

تا شۇ مەزگىلگىچە، تارانچىلار بىلەن تۇڭگانىيلار ئىناق - ئىتتىپاق بولۇپ، بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىشىپ كېلىشكەنىدى. قاچانكى تارانچىلار ئىچىدە تەپرىقىچىلىق ئوتى لاۋۇلداپ، رەشىك - ھەسەت دۈتى تۈتەپ يانغىلى تۇرۇۋېدى، بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ياگۇر تۇڭگانىينىڭ ئازغىنا تۇڭگانىيلارغا باشلىق بولۇپ تۇرۇۋەرگۈسى كەلمىدى. ئۇ تارانچى ۋە تۇڭگانىيلارنىڭ ھەممىسىگە سۇلتان بولماقنى خىيال قىلدى. شۇڭا، ئۇ ئۈرۈمچى تۇڭگانىيلىرىنىڭ باشلىقى داۋۇت خەلىپىدىن ياردەم سورىدى ھەمدە تارانچىلارنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ قېلىپ، سۇلتانلىقتىن ئېلىپ تاشلانغان موللا شاۋكەت بىلەن مەنسەپتىن مەھرۇم بولغان مەلئۇن ئەخمەتخان سىڭاكۆزدىن پايدىلىنىشنى ئويلاپ، ئۇلارنى ئۆز ھىمايىسى ئاستىغا ئالدى.

موللا شاۋكەت بىلەن ئەخمەتخان سىڭاكۆزمۇ ئىمتىياز دەرىجىلىرى ۋە مەئىشەت - تەمناتلىرىدىن مەھرۇم بولغانغا نارازى ئىدى. شۇڭا، ئۇلارمۇ تۇڭگانىيلارنىڭ ئىسيان تۈگمىنىگە سۇ قويۇپ، ئۇلارنى تارانچىلارغا قارشى كۈشكۈشلەشكە باشلىدى. دەل مۇشۇ چاغدا، ئۈرۈمچى تۇڭگانىيلىرىدىن ياردەمگە كەلگەن قوشۇن سۈيدۈڭگە يېتىپ كەلدى. بۇ ئىككى تايىپە تۇڭگانىيلار تەييارلىقىنى تولۇق ئىشلەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن، تارانچىلارغا ھۇجۇم قىلماقچى بولۇپ، ئىككى ئېقىن ھالىتىدە غۇلجىغا قاراپ ماڭدى.

شىبە ئوكۇرتايى خارماڭانىڭ بەش يۈز كىشىلىك قوشۇنى تارانچىلار ئۈچۈنمۇ، تۇڭگانىيلار ئۈچۈنمۇ مۇھىم بىر ئۈلۈش كۈچ ئىدى. شۇڭا، ئۇلار ھەر ئىككى تەرەپنىڭ تالىشىش نى-

شانىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. ئوكۇرتاي خارماڭا بۇ مەككار پەلەكنىڭ رەڭۋازلىقىنى كۆپ كۆرگەن، ھەممە ئىشتا پىشقان قاقباش بولغاچقا، يولغا چىقىش ئالدىدا تۇرغان قوشۇنىغا:

«بۇ قېتىمقى سوقۇش — بىز شىبەلەرنىڭ ھايات - ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك. دەريادىن ئۆتكەندىن كېيىن، خۇاڭساۋ-خۇ دېگەن يەردە بۆكتۈرمە بولۇپ يېتىۋېلىڭلار. تارانچىلار بىلەن تۇڭگانىيلارنىڭ ئارىسىدىكى سوقۇشقا ھەرگىز ئارىلاشماڭ-لار. سوقۇشتا، قايسى تەرەپ يېڭىلسە، سىلەر يېڭىلگەن تەرەپ-نىڭ ئارقىسىدىن قوغلىساڭلار بولىدۇ...» — دەپ يوليورۇق بەردى.

ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرى تۈگىمەي تۇرۇپلا، تارانچىلار-دىنمۇ، تۇڭگانىيلاردىنمۇ ئۇلارنى ئەسكەر چىقىرىشقا سۆيلىگەن ئىنايەتنامە كېلىپ قالدى.

شىبەلەر خۇاڭساۋخۇ دېگەن يەرگە يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا، ئىككى تەرەپنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سوقۇش تازا ئەۋجىگە چىققانىدى. تۇڭگانىيلار بارا - بارا بەرداشلىق بېرەلمەي قالدى - دە، چېكىنىشكە باشلىدى. بۇ چاغدا، بىر چەتتە قاراپ تاماشا كۆ-رۈۋاتقان شىبەلەر قېچىپ كېتىۋاتقان تۇڭگانىيلارنىڭ يان تەرىپىدىن ھۇجۇم قىلدى. تۇڭگانىيلارنىڭ سېپى پاتىپاراق بولۇپ، پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولدى. شۇنداق قىلىپ، شىبەلەر غالىبلار قاتارىدا زەپەر قۇچۇپ قايتىپ كەلدى.

بۇ ئىشتىن كېيىن، بەزىلەر ئوكۇرتاي خارماڭادىن: «تۇڭگا-نىيلار مەغلۇپ بولسا، بىزگە نېمە پايدىسى بار؟» دەپ سورى-غانىدى، ئۇ:

— تۇڭگانىيلار خەنزۇلار بىلەن بىر تايىپە خەلق. ئۇلار-نىڭ سەردارلىرى تولىمۇ بىلىملىك كېلىدۇ. شۇڭا، بىز ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەيمىز. تارانچىلارغا كەلسەك، ئۇلار ئوقۇمىغان، نا-دان، قارا تۈرك تايىپە. ئۇلارنىڭ سەردارلىرى قارام بولغاچقا،

ئۇلارنى پايدىغا قىزىقتۇرۇپ، بىر - بىرى بىلەن زىددىيەتلەش-
تۇرۇپ قويۇپ، بىر نېمە قىلغىلى بولىدۇ،— دەپ جاۋاب
بەرگەنىدى.

شۇنداق قىلىپ، تارانچىلار ياكۇر تۇڭگانىنىڭ ئۇرۇم-
چىدىكى داۋۇت خەلىپىلەر بىلەن بىرلىشىپ قوزغىغان توپىلى-
ڭىنى ئۇنۇملۇك باستۇردى. سۇلتان ئەلاخان ئەخمەتخان سىڭا-
كۈزنى چاپتۇرۇۋەتتى ۋە موللا شاۋكەتنى تاغارغا سالغۇزۇپ،
ئىلى دەرياسىغا چۆكتۈرۈپ ئۆلتۈردى.

× ×

1871 - يىل 6 - ئاينىڭ 21 - كۈنى.

ئارقا - ئارقىدىن يېڭىلگەن زەربە تارانچى قوشۇنلىرىنى خې-
لىلا ھالسىراتقانىدى. شۇڭا، ئۇلار بۇرۇنقىدەك قاتتىق قارشىلىق
كۆرسىتىش ئىقتىدارىدىن پەيدىنپەي قېلىشقا باشلىدى. سۇلتان
ئەلاخاننىڭ خىللانغان قوشۇنلىرى كەتمەن، ئاقكەنت، قورۇق
ئالمۇتىدىكى جەڭلەردە ئېغىر تالاپەتلەرنى بەرگەندىن كېيىن،
چىڭسىخوزا (سۇزۇكسۇ)دىكى جەڭدە تەلتۆكۈس مەغلۇبىيەتكە
ئۇچرىدى. بۇ مۇھىم قورۇلنىڭ رۇسلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىشى، سۈي-
دۇڭدىكى مەغلۇبىيەت، بۇ— ئىككىنچى قاتاردىكى مۇھىم قورۇل-
نىڭ ئۇرۇشمايلا تەسلىم بولۇشى ۋە ھاكازالارنىڭ ھەممىسى
تارانچىلارنىڭ جەڭگىۋارلىقىغا قاتتىق بەرھەم بەردى. شۇڭا،
سۇلتان ئەلاخان مىرھاكىمباي بىلەن بېشىر كاۋاپچى دېگەن
ئىككى ئادىمىنى رۇسلارنىڭ ئالدىغا سۈلھ تەلەپ قىلىشقا
ئەۋەتتى.

ئەلچىلەر رۇسلارغا سۇلتاننىڭ خېتىنىمۇ ئالغاچ كەلگەنىدى.
سۇلتان ئۆز خېتىدە، «شەھەردىكى ئۇلۇغ - ئۇششاقلارنىڭ ئاسايىش-
لىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ئاق چېرىكلەرنىڭ

بايانداييدىن ئۆتمەسلىكى» نى تەلەپ قىلغانىدى. ئەلچىلەر بۇرۇنقى سوقۇشلاردا ئەسىر ئېلىنغان ئىككى كازاكنىمۇ ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ كەلگەنىدى. ئەمما، كولپاكوۋسكى: «سۇلتان ئەلاخان شەرتسىز تەسلىم بولۇشى ۋە دەرھال تەختتىن چۈشۈشى كېرەك. شۇ چاغدىلا ئاندىن ئۇنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئەئيانلىرىنىڭ ئامانلىقىنى ئويلىشىشقا بولىدۇ»، دەپ جاۋاب بەردى ھەمدە رۇس قوشۇنلىرىغا داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى.

6 - ئاينىڭ 21 - كۈنى كەچتە، رۇس قوشۇنلىرى بايانداينى ئىشغال قىلدى. سۇلتان ئەلاخان ئەئيانلىرىنى ئېلىپ، رۇس قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانى گېنېرال كولپاكوۋسكى بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدى. گېنېرال كولپاكوۋسكى قول ئاستىدىكى ئوفىتسېرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا گازارمىنىڭ ئالدىغا چىقىپ، سۇلتان ئەلاخاننى كۈتۈۋالدى.

— سۇلتان جانابلىرى، — دەپ سۆزىنى باشلىدى كولپاكوۋسكى ئەلاخان بىلەن سالاملىشىپ بولۇپ، — قوشۇنىمىز مانجۇ ئىمپېراتورىنىڭ كەسكىن تەلىپىگە ئاساسەن، ئاق پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ ئىرادىسى بويىچە، تۈركىستان گوبېرناتورى، ياساۋۇل گېنېرال فون. كائۇفمان جانابلىرىنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئەمەل قىلىپ، ئىلىنى قايتۇرۇۋېلىشقا كەلدى. قاچانكى، مانجۇ ھۆكۈمىتى ئىلىدا ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئۈنۈملۈك يۈرگۈزەلەيدىغان بولغاندىلا، بىز ئاندىن قايتىپ كېتىمىز. شۇڭا، مەن مانجۇ ھۆكۈمىتىگە ۋەكالىتەن، سىزنىڭ قانۇنسىز ھۆكۈمىتىڭىزنىڭ شەرتسىز تەسلىم بولۇشىنى، قورال - ياراق، ئوق - دورا، ھەربىي ئەسلىھەلەرنى، خەزىنە، پۇل - پىچەكلەرنى ماڭا ئۆتكۈزۈپ بېرىشىڭىزنى بۇيرۇيمەن! سىز ئەلۋەتتە تەختتىن چۈشۈشىڭىز لازىم.

— مۇبادا، ئاللاتائالا ئاق پادىشاھ ھۆكۈمىتىنىڭ ئىلى

دىياردا ھۆكۈمرانلىق قىلىشنى خالىغان بولسا، ئاللانىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنماسلىقتا ھەددىمىز بارمۇ؟ — دەپ جاۋاب بەردى سۇلتان ئەلاخان مەردانىلىك بىلەن. — ئاق پادىشاھقا قارشى ئۇرۇش قىلغانمۇ مەن، خەلقىمنى قارا پادىشاھقا قارشى غازاتقا چاقىرغانمۇ مەن. ئاللا ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر. ئەگەر بۇ گۇناھ بولسا، بۇ گۇناھىم ئۈچۈن مەن ھەرقانداق جازاغا جايىزمەن! ئەمما، پۇقرالىرىمدا ھېچقانداق مەسئۇلىيەت يوق...

— بۇنى ئويلىشىپ كۆرۈشكە بولىدۇ. شۇنداق بولسۇن! — دېدى كولپاكوۋسكىي سۇلتان ئەلاخاننىڭ مەردانىلىكىگە قايىل بولغان ھالدا. — ئەتە رۇس قوشۇنلىرى شەھىرىڭىزدە ئىشغالىيەت يۈرگۈزىدۇ، ھەربىي ھالەت جاكارلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئادەملىرىڭىزگە توپ - زەمبىرەك، مىلتىق - ياراق ۋە باشقا ھەربىي ئەسلىھەلەرنىڭ ھەممىسىنى ئالدىن بەلگىلەنگەن جايغا رەتلىك تىزىپ قويۇشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈشىڭىز لازىملىقىنى ئۇنتۇماڭ!

6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، پىچوردىن باشچىلىقىدىكى بىر كازاك روتىسى ئىككى دانە توپنى ئېلىپ ئالدىن ئىلگىرىلەپ، شەھەرنىڭ ئېگىز يېرىگە ئىستىھكام قۇرۇپ جايلاشتى. ئاندىن، كولپاكوۋسكىي قوشۇننى باشلاپ شەھەرگە بېسىپ كىردى ۋە ھەربىي ئىشغالىيەت يۈرگۈزگەنلىكىنى ھەمدە شۇ ۋاقىتتىن ئېتىبارەن ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

6 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئەتىگەندە، كۈرە ئالدىدا تەسلىمنى قوبۇل قىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. سۇلتان ئەلاخان سەلتەنەتنىڭ نىشانى بولغان مىسران قىلىچ، مۆھۈر، يىپەك سايىۋەن ۋە بايرىقىنى ئۆز قولى بىلەن كولپاكوۋسكىيغا تاپشۇرۇپ، ئىلى سۇلتانلىقى ھۆكۈمىتىنىڭ شەرتسىز تەسلىم بولغانلىقىنى جاكارلىدى. شۇنداق قىلىپ، قۇرۇلغىنىغا يەتتە

يىل بولغان ئىلى سۇلتانلىقى چارروسىيە قوشۇنىنىڭ نەيزە ۋە زەمبىرەكلىرىنىڭ تەھلىكىسى ئاستىدا، تارىخ سەھنىسىدىن چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى.

ئىلى سۇلتانلىقىنىڭ بايرىقى ئىبدىل خوتەن يىپەكتىن ئىشلەنگەن بولۇپ، بايراقتا: «لائىلاھە ئىللەللا، مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللا» دېگەن بىر كەلىمە ئايەت زەر يىپلار بىلەن كەشتىلەنگەنىدى. ھەربىي ئەسلىھەلىرىنىڭ ئىچىدە: ئالتە قاداق ئوق يەيدىغان ئون ئۈچ دانە دالا زەمبىرىكى، ئۈچ يۈز ئەللىك توققۇز تال بەشئاتار مىلتىق، بىرمىڭ ئالتە يۈز سەكسەن بىر تال بەردەڭگى مىلتىق، ئالتە يۈز يەتمىش بەش تال نەيزە بار ئىدى. يەنە كاردىن چىققان ھەرخىل ئالىرلىق قىرىق توققۇز دانە توپ، بىرنەچچە ئىسكىلاتتا لىق ئاشلىقمۇ بار ئىدى. شەھەردە يىلىغا ئىككى يۈز پۇت① مىلتىق دورىسى ئىشلەپ چىقىرالايدىغان دورا زاۋۇتىدىن ئىككىسى بار ئىدى. چارروسىيە قوشۇنلىرى بۇ ئەسلىھەلەرنى بىر - بىرلەپ تاپشۇرۇۋېلىپ، تىزىمغا ئالغاندىن كېيىن، ئاشلىقتىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈرۈۋەتتى.

رۇس ئىشغالىيەتچىلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىلگەن نەرسىلەر ئىچىدە يەنە غۇلجا شەھىرىنىڭ تۆت قوۋۇقىنىڭ ئاچقۇچى، دەھۇل - دۇمباق، ناغرا - سۇناي، ھەر دەرىجىلىك ھەربىي باشلىقلارنىڭ قىلىچلىرىغا ئوخشاش نەرسىلەرمۇ بار ئىدى.

6 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، ئىلى دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىدىكى ئىستىھكاملاردا تۇرۇۋاتقان تارانچىلار قوشۇنى ئەمىر لەشكەر نوقىلەك بەگنىڭ يېتەكچىلىكىدە، رۇس ئىشغالىيەتچى دائىرىلىرىگە قورال تاپشۇرۇپ تەسلىم بولدى.

1871 - يىل 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، سۇلتان ئەلاخان

---

① پۇت — ئېغىرلىق ئۆلچىمى. بىر پۇت ئوتتۇز ئىككى جىڭغا باراۋەر.

ئاق چېرىكلەرنىڭ تازارتىي ئاستىدا ۋېرنىي① دېگەن يەرگە ئېلىپ كېتىلدى.

شۇ يىلى 10 - ئاينىڭ ئاخىرى، ئاشكەنتتىكى گېنېرال گوبېرناتور مەھكىمىسى چارروسىيىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق تولۇق ھوقۇقلۇق پوسولى ۋېرانگىلنىڭ تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇۋالدى. بۇ تېلېگراممىدا: «مانجۇ گېنېرالى رۇڭچۇەن ئىلىنى قايتۇرۇۋېلىش مەسىلىسى ھەققىدە سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، ئۇلاستايدىن قېشىڭىزغا يولغا چىقتى» دېيىلگەنىدى. تۈركىستان گوبېرناتورى، ياساۋۇل گېنېرال، فون. كائۇفمان گېنېرال كولپاكوۋسكىنى مانجۇ ھۆكۈمىتىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلىنى كۈتۈۋېلىشقا سېرگىئوپىل شەھىرىگە ئەۋەتتى ھەمدە سۆھبەت داۋامىدا تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىش ھەققىدە كۆرسەتمە بەردى:

1. گېنېرال رۇڭچۇەنگە ئىلى رايونىنىڭ ھازىرقى ھالىتى ۋە دۆلىتىمىزنىڭ مانجۇ ھۆكۈمىتىگە ۋەكالىتەن بۇ رايوننى ئىدارە قىلىشتا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنى چۈشەندۈرۈش؛

2. گېنېرال رۇڭچۇەنگە مانجۇ قوشۇنلىرى بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەندىلا، روسىيىنىڭ ئىلى رايونىنى مانجۇ ئىمپېراتورلۇقىغا ئاندىن قايتۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈش؛

3. مانجۇلارنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلىدىن مانجۇ ھۆكۈمىتىنىڭ ئىلىنى قانداق باشقۇرماقچى ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ تەدبىرلەرنى قاچان، قانداق ئىشقا ئاشۇرماقچى ئىكەنلىكىنى سوراشتە قىلىش؛

4. ھازىرچە مانجۇ ھۆكۈمىتىگە ئۇرۇش چىقىمىنى تۆلەپ بېرىش تەلىپىنى قويماسلىق، ئۇرۇش چىقىمىنى تۆلەپ بېرىش شەرتىنى قويۇشنىڭ ئورنىغا كەڭ كۆلەمدىكى سودا ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىش؛

① ۋېرنىي — ئالمۇتىنىڭ ئەينى چاغدىكى رۇسچە نامى.

5. چېگرىنى ئايرىش ھەققىدە ئالاھىدە يولىيورۇقنى تاپشۇ-
رۇۋالماي تۇرۇپ، سۆھبەتتە مانجۇ ھۆكۈمىتى تەرەپ بىلەن
بىزگە پايدىلىق بولغان چېگرا ئايرىش مەسىلىسىنى مۇھاكىمە
قىلماسلىق ①...

چارروسىيىنىڭ خارجى ئىشلار مىنىستىرلىكىدىن پولكوۋ-
نىك بورگۇسلاۋىسكى مانجۇ گېنېرالى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن
بۇ سۆھبەتكە قاتناشتى. سۆھبەتتە، مانجۇ گېنېرالى: «چىڭ
ھۆكۈمىتىنىڭ ئىلى رايونىدا تايىنىدىغانغا شۇ جايدىكى
شىبە ۋە سولانلاردىن باشقا كۈچى قالمىدى، ئۇ جايغا ياردەم-
گە ھازىرچە مۇنتىزىم قوشۇن ئەۋەتەلمەيمىز. شۇڭا، بۇ رايون-
نىڭ ئەمىنلىكىگىمۇ ھازىرچە كاپالەتلىك قىلالمايمىز. بىز
ئۆزىمىزنى ئوڭشىۋالغۇچە، بىزگە ۋەكالىتەن سىلەر باشقۇرۇپ
تۇرساڭلار!» دەپ ئېنىق كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن، چاررو-
سىيىنىڭ تارانچىلار قولىدىن تارتىۋالغان ئىلى رايونىنى
مانجۇ ئىمپېراتورلۇقىغا دەرھال ئۆتكۈزۈپ بېرىش،
بۇنىڭ بەدىلىگە زېمىن ۋە سودا جەھەتتىن غايەت چوڭ نەپ-
كە ئېرىشىش مەقسىتىدە باشلىغان بۇ سۆھبىتى ۋاقتىنچە
توختىتىپ قويۇلدى.

بۇ قېتىمقى غەربىي ئىشغالىيەت ئارقىلىق كېيىنكى
ۋاقىتلاردا ئەينى ۋاقىتتىكى ئىلى رايونىنىڭ يېرىمىدىن كۆپ-
رەك زېمىنىنى كېسىۋالغان، مانجۇ ھۆكۈمىتىگە نەچچە مىليون
سەر كۈمۈش تۆلەم تۆلەتكۈزگەن ۋە مانجۇ ئىمپېراتورلۇقى زېمىنى-
نىڭ غەربىي شىمال، شىمال ۋە شەرقىي شىمال تەرەپلىرىدە

① كولپاكوۋىسكى ئىلى رايونىدىكى كۆچمەن چارۋىچى ئاھالىنىڭ
ھەممىسىنى روسىيە زېمىنىغا ئۆتكۈزۈۋېلىشنى، مانجۇ ھۆكۈمىتىدىن بىر مىليون
رۇبلى تۆلەم ئېلىشنى ۋە چېگرىنى يېڭىدىن ئايرىشنى تەلەپ قىلغانىدى —
مۇئەللىپتىن.

ئۆزلىرى ئۇچۇن ئەركىن سودا رايونى ئېچىۋالغان چارروسىيە
جاھانگىرلىكىنىڭ يۇقىرىقىلاردىن تاشقىرى ناھايىتى ئېنىق
بولغان باشقا بىر سىياسىي مۇددىئاسىمۇ بار ئىدى. ئۇ بولسى-
مۇ ئىلى رايونى ۋە پۈتكۈل شىنجاڭ رايونىدا يۈز بەرگەن
سىياسىي - تارىخىي ئۆزگىرىشلەرگە تېزدىن ھەربىي ئىنكاس
قايتۇرۇش، خەلق قوزغىلاڭلىرىنى ۋەكالىتەن باستۇرۇپ بېرىش
ۋە بۇ قوزغىلاڭلار نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن ھاكىمىيەتلەرنى
بۆشۈكىدىلا تۇنجۇقتۇرۇپ تاشلاش، خەلقنىڭ باش كۆ-
تۈرۈشىگە يول قويماسلىق ئىدى. چۈنكى، «ئوغرىنىڭ يۈرىكى
پوك - پوك» دېگەندەك، بۇ كېڭەيمىچى ھەربىي فېئودال دۆ-
لەت بۇ يەردىكى ۋەقەلەر تۈپەيلىدىن، ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا-
دىكى مۇستەملىكىلىرىدىنىڭ زەنجىرسىمان تەسىرگە ئۇچرىشىدىن
ياكى بۇ جايدا بارلىققا كەلگەن ھەربىي - سىياسىي كۈچلەر-
نىڭ مىللىي ۋە جۇغراپىيىلىك سەۋەبلەرگە كۆرە، ئۇ تەرەپكە
يۈرۈش قىلىپ قېلىشىدىن ئۆلگۈدەك ئەنسىرەيتتى. بۇ ئەندىشە
كېيىنكى ۋاقىتلاردىمۇ روسىيىنىڭ بۇ زېمىنغا قاراتقان ستراتېگى-
يىسىنىڭ ئىزچىل ئاساسى بولۇپ قالدى...

## بەشىنچى باب

# شوي شوگوڭ①

ئىش ئالتۇن بىلەن پۈتىدىغان بولسا، جاننى خەتەرگە قويىماسلىق كېرەك. ئەرەب ئېيتىدۇكى: «ھىيلىگەرلىكنىڭ ئاخىرقى چېكى — قىلىچ.»

— شەيخ سەئدى

مىلادى 1872 - يىلى 2 - ئاي.

تىنىق قىش ئاسمىنىدا ئاق يىپەكتىنمۇ يۇمشاق بۇلۇتلار ئۈزۈشۈپ يۈرەتتى. قۇياش نۇرى قار بىلەن قاپلانغان بىپايان كۆك يايىق② دالاسى ئۈستىدە پارقىراپ، كۆزنى قاماشتۇراتتى. ماناس شەھىرىنىڭ بارلىق دەرۋازىلىرى ئوچۇق، كىرىش - چىقىش راۋان ئىدى.

① «تارىخي ئەمنىيە»دە: «شى شىگوڭ» دېيىلگەن كىشى.

② ھازىرقى جۇڭغارىيە تۈزلەڭلىكىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە نامى.

داۋۇت خەلىپە ئۈرۈمچىدە بەدۆلەتنىڭ قوشۇنىدىن يېڭىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن يەنە ئەستايىدىل بىر جەڭ قىلماقچى بولۇپ، ماناس ئەتراپلىرىدا كۈچ توپلاشقا كىرىشتى. بىراق ئۇ بەدۆلەتنىڭ قوشۇنىغا يەنە يېڭىدىن ياردەمچى قوشۇن كېلىپ قوشۇلغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئىككىنچى قېتىم تېخىمۇ قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراشتىن قورقتى.

ئۈرۈمچىنىڭ نەنسەن ئەتراپلىرىدا تۇرۇۋاتقان خەنزۇ ئاتامانى شۈي شۆگۈڭمۇ بەدۆلەتنىڭ قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، يېڭىلىپ قالغاندىن كېيىن، ماناس ئەتراپلىرىغا قېچىپ كەلدى. داۋۇت خەلىپە بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ماناسنىڭ ئابرويلۇق ئادەملىرىدىن ئىمام مافۇلۇڭ ئاخۇن باشلىق تۆت ئادەمنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى ۋە ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش قارارىغا كەلگەنلىكىنى ئۇقتۇردى.

تۇڭگانىيلار بىلەن تۈزۈلگەن ئىتتىپاق ئەھدىگە بىنائەن، شۈي شۆگۈڭ ئىنىسى ماشويەنى ۋە باشقا چېرىكلىرىنى باشلاپ تاغدىن چۈشتى. بۇ چاغدا، ماناس تۇڭگانىيلىرىنىڭ ئەڭ ئابرويلۇق ئادەملىرىدىن يىگىرمە - ئوتتۇزى قورغان ئاچقۇچلىرىنى ۋە قىممەتباھالىق سوۋغاتلارنى ئېلىپ، ئوتتۇز چاقىرىم كېلىدىغان يەردە چاچاڭ قۇرۇپ، ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرۇشقاندى.

شۈي شۆگۈڭ سەپ - سەپ ئاتلىق چېرىكلىرى ئالدىدا، ماشويە ۋە ئىمام مافۇلۇڭ ئاخۇن قاتارلىقلارنىڭ ھەمراھلىقىدا شەھەرگە غالىبلاردەك كىرىپ كەلدى. ئۇ، يولنىڭ ئىككى قاسنىقىنى خالايىق قاپلاپ كەتكىنىنى، ھەممە تەرەپ بايرام تۈسىگە كىرگەنلىكىنى، تام تۆپىلىرىدە، دەرۋازا ئالدىدا كاناي ۋە دۇمباقلارنىڭ چېلىنىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

قوشۇن ماناس شەھىرىدىكى شەنشى داسى جامەسى ئالدىغا كەلگەندە، چېلىنىۋاتقان دۇمباق تۇيۇقسىز توختاپ قالدى. مانجۇ ھۆكۈمىتىنىڭ شەنشى ئەتراپلىرىدىكى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن

قېرىنداشلىرىنى شەپقەتسىز قىرغانلىقى توغرىسىدىكى ۋەھىمە-
لىك خەۋەر بۇ يەردىكى تۇڭگانىيلارغىمۇ يېتىپ كەلگەنىدى.
شۇڭا، شەھەردىكى ئاھالە ئالدىلىرىدىن توپ - توپ بولۇپ
ئۆتتۈۋاتقان بۇ قارا چېرىكلەرگە ئەنسىرەش بىلەن، ھەتتا
ياقتۇرماي قارىشاتتى. خالايىقنىڭ سوغۇق تەلەتىنى كۆرۈپ،
چېرىكلەرنىڭ قاپاقلىرى سېلىنىپ كەتتى.

جۈمە كۈنى، شەنشى داسى جامەسى ئالدىغا بىر تۈمەندىن ئارتۇق-
راق ئادەم يىغىلغان، تۇڭگان ئاھالىسىنىڭ داۋۇت خەلىپىنىڭ قارا
چېرىكلەر بىلەن نېمە ۋەجىدىن ئىتتىپاق تۈزگەنلىكىنى ئۆز قۇلىقى
بىلەن ئاڭلىغۇسى كەلگەنىدى. چۈنكى «داۋۇت خەلىپە مانجۇلار
تەرىپىگە ئۆتكەنمىش، كۈلىدىكى قېرىنداشلىرىنىڭ خۇن قىساسىدىن
ۋاز كەچكەنمىش!» دېگەن مىش - مىش پاراڭلار بارغانسېرى
كۆپەيمەكتە ئىدى. داۋۇت خەلىپە بۇنداق مۇرەككەپ ھالەتنى
تۇگنىپ، ئاھالىنىڭ بۇ قارا چېرىكلەرگە بولغان مېھماندوستلۇق
تۇيغۇسىنى ئويغىتىش ئۈچۈن، كوچا - كوچىلارغا جاكارچى چىقار-
غۇزۇپ، «بۇ قارا چېرىكلەر بىزنىڭ ھۆرمەتلىك مېھمانلىرىمىز-
دۇر!» دەپ ئېلان قىلغۇزغان بولسىمۇ، ئەمما، خالايىقتىكى
ئەندىشە ۋە گۇمان تېخى تۈگىمىگەنىدى.

بۈگۈنكى جۈمە نامىزىغا داۋۇت خەلىپە ئۆزى ئىماملىق
قىلدى. ئۇ ھەممە مېچىت قەۋمىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، جۈمە
نامىزىنى ئوقۇدى - دە، قولىغا ھاسىسىنى ئېلىپ، مېچىتنىڭ
تۆرىدىكى مەرمەر پەلەمپەيلىك مۇنبەرگە چىقىشقا
باشلىدى.

مېچىت مەيدانىنى تولدۇرغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى
ئۆزلىرىنىڭ ئەھلى مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى نامايىش قىلماق-
چى بولۇشقاندەك، باشلىرىغا ئاپئاق شاپاق بۆك كىيىشكەنىدى.
ئۇلار دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ خۇتبىنىڭ باشلىنىشىنى كۈتمەكتە
ئىدى. ئومۇمىي جىمجىتلىق ئىچىدە داۋۇت خەلىپىنىڭ ياڭراق

ئاۋازى ئاللىقانداق تىترەپ، مۇڭغا تولۇپ ئاڭلاندى:

— بىسمىللا - ئاھىر - راخما - ئانىر - رەھىم - ئۇ!

مۇنبەردە تۇرغان داۋۇت خەلپە ئۇن نەچچە مىڭ نامازخاننىڭ ئۆزىگە دىققەت بىلەن تىكىلىشىپ تۇرۇشقانلىقىنى كۆردى، ئۇنىڭ پۇتلىرى تىترەشكە باشلىدى. مانا، ئۇ ئاللانىڭ شەنىگە، پەيغەمبەر مۇھەممەد سەللەللاھۇنىڭ شەنىگە ئاتالغان سۈرىنى سوزۇپ قىرائەت قىلىپ تۈگەتتى. ئاخىرى، كىشىلەر كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان تۇڭگان - خەنزۇ تايىپىلىرىنىڭ ئىتتىپاقى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى:

— بىزنىڭ شۇي شۆگۈڭ بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەنلىكىمىز ۋاقىتلىق چارىدۇر، خالاس. بىزنىڭ ھازىرقى دۈشمىنىمىز شۇي شۆگۈڭ بولماستىن، بەلكى ئەنجانلىقلاردۇر. شۇ ۋەجىدىن... ئەھە... — ئۇ كالتە يۆتىلىپ كەتتى - دە، سۆزىنى توختىتىشقا مەجبۇر بولدى. سەل تىنىۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى، — بىز بەدۆلەتنىڭ ئۈرۈمچىگە سۇنغان قولىنى تۇڭگان - خەنزۇ ئىتتىپاقىغا تايانغاندىلا كېسىپ تاشلىيالايمىز! بىزنىڭ ئاخىرقى مەقسىتىمىز — كۇچادىن ماناسقىچە بولغان كەڭ جايلاردا تۇڭگان خەلىپىلىكىنى قۇرۇشتىن ئىبارەت!.....

شۇي شۆگۈڭمۇ تۇڭگانىيلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەندىلا، تۇڭگانىيلارنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ ئەنجانلىقلارغا زەربە بەرگىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى. ئالتە شەھەردە چىققان ئىسيان ئۇچقۇنى يالقۇنجاپ يېنىپ پۈتۈن زېمىننى قاپلىغان يانغىنغا ئايلانغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچى ئەتراپلىرىدىكى تۇڭگانىيلارمۇ مانجۇلارغا قارشى تىغ تارتىپ چىقىشتى. ئۈرۈمچى قولىدىن كېتىشتىن بىر كۈن ئىلگىرى، ئۈرۈمچى خانئامبىلى ئۇنىڭغا نەنسەن ئەتراپلىرىغا چېكىنىپ كۈچ يىغىپ قۇرۇشنى، پۇرسەت پىشىپ يېتىلمەي تۇرۇپ، ھەرگىز ئالدىراپ

ھەرىكەت قوللانماسلىقنى ئالاھىدە تاپىلىغانىدى.

— خاتىرجەم بولۇڭ، بىز يەنە كېلىمىز، — دېگەنىدى ئۇ، — بۇنداق ياخشى ماكاننى تاشلاپ بېرىدىغان قايسى ئەخمەق ئىكەن ئۇ؟ خاقانلىقىمىزنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ يەنە كېلىشىنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈش — سىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى خېلى ئۇزاق بىر مەزگىل ئىچىدە ئورۇندايدىغان ۋەزىپىڭىز بولسۇن. يادىڭىزدا تۇتۇڭ، بۇ گەپلەرنى خاقان ئۆزى سىزگە يەتكۈزۈشۈمنى ماڭا بۇيرۇغان. تۇڭگانىيلار ئورۇمچىنى چەنتۇلارغا بېرىشنى ھەرگىز خالىمايدۇ. چەنتۇلارمۇ تۇڭگانىيلارنىڭ ئورۇمچىنى ئۆلىچە سورىشىغا يول قويمايدۇ. ئىككى تەرەپ ئورۇمچىنى سىزگىمۇ بەرمەيدۇ. شۇڭا، ئەڭ ياخشىسى، يىلاننىڭ بېشىنى دۈشمەننىڭ قولى بىلەن يەنجىپ تاشلاش كېرەك. ھېچ بولمىغاندا مۇنداق ئىككى نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ: مۇبادا چەنتۇلار غالىب كەلسە، يىلاننىڭ بېشىنى يەنجىگەن بولىمىز؛ مۇبادا تۇڭگانىيلار غالىب كەلسە، دۈشمەندىن قۇتۇلغان بولىمىز...

شۈي شۆگۈڭ خان ئامبالنىڭ دېگەنلىرىنى ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، كۆڭلى ۋاللىدە يورۇغاندەك بولدى - دە، قولىغا موي قەلەمنى ئېلىپ، شىرە ئۈستىدە ئېچىقلىق تۇرغان قەغەزگە تۆۋەندىكى قۇرلارنى چۈشۈرۈشكە باشلىدى:

تۇڭگان - خەنزۇ بىللە تۇردۇق بىر ئايدىن ئارتۇق،
خوشال ئۆتتۇق بامدات بىلەن نامازشام ئارا.
بىللە بولدۇق تىلىمىز بىر بۇ خەلق بىلەن،
ئىتتىپاقلىق ھاسىل بولدى مۇشۇ ئاساستا.

ئۇ قەغەزگە بۇ تۆت مىسرا بېيىتنى يېزىپ بولۇپ، ئاخىرىغا ئۇلاپلا: «ئول پىنھان ماكاندا بىر ئايدەك تۇردۇم. كىشىلەرنىڭ تۇخۇم چېكىشتۇرۇپ، خوراز سوقۇشتۇرغىنىنى تاماشا قىلدىم ۋە ئاغام تۇدېلىك① بىلەن پىششىق تونۇشتۇم. تۇدېلىك خەلىپە كارامەت مەردۇ ـ مەردانىلەردىن ئىكەن. مېنى تۇڭگان ـ خەنزۇ ئىتتىپاقداش ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانلىقىنى ئۈستۈمگە ئېلىشقا تەكلىپ قىلدى ۋە بۇنىڭ ئىسپاتى ئۈچۈن، بېلىدىكى مىسران قىلىچىنى ماڭا بەرمەكچى بولدى. پېقىردا جاۋابەن بېرىدىغان سوۋغاتلىق يوق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇشبۇ بېيىتنى يازدىم. شۇي شۆگۆك، ماناستىكى خىلۋەت ماكاندا يېزىلدى.»

ئۇ قەلەمنى ئەمدىلەتىن شىرە ئۈستىگە قويۇپ تۇرۇۋېدى، داۋۇت خەلىپە مۇلازىملىرى بىلەن كىرىپ كەلدى. تىنچلىق سوراشقاندىن كېيىن، ئۇ مۇلازىمىنىڭ قولىدىكى يۆگەكنى ئېلىپ شىرە ئۈستىگە قويدى. ئاندىن ئۇنى ئېچىپ ئىچىدىن قىينىش غىلاپلىق، ئۇزۇنلۇقى ئىككى گەز كېلىدىغان بىر قىلىچنى ئېلىپ، شۇي شۆگۆڭگە بەردى. بۇ ئېسىل پولاتتىن سوقۇلغان، ناھايىتى كۆركەم بىر قىلىچ ئىدى، چېكىپ قويسا، جىرىڭلىغان ئاۋازى ئۇزاققىچە يوقالمايتتى. دەستىسىگە يەتتە تال قارا ياقۇت يەتتە تىكەن② يۇلتۇزدەك جايلاشتۇرۇلغانىدى. بۇ قىلىچ قولدىن قولغا كۆپ ئۆتكەچكىمۇ، ياقۇت كۆزلەر پارقىراپ، كۆزنى چاقنىتىپ تۇراتتى. قورال ـ ياراق بىلەن ئۇزاق ھەپىلەشكەن شۇي شۆگۆك بىر كۆرۈپلا ئۇنىڭ ئادەتتىكى قىلىچلاردىن ئەمەسلىكىنى چۈشەندى. ئۇ، قىلىچنى ئىككى قوللاپ قوبۇل قىلدى ۋە:

① تۇدېلىك ـــ داۋۇت خەلىپە، بەزىدە «تۇمىڭ» دەپمۇ ئېلىنغان.

② يەتتە تىكەن يۇلتۇزى ـــ كېچىسى ئاسماننىڭ شىمالىي تەرىپىدە كۆرۈنىدىغان يەتتە يۇلتۇز. شەكلى چۆمۈچكە ئوخشايدۇ.

— بۇ پىنھان ماكاندا، پېقىردە سىلىگە قايتۇرالىغۇدەك ۋەج يوق بولۇپ قالدى، — دەپ ئۆزرە ئېيتتى، — ئەمما، خاتىرە بولۇپ قالار دېگەن نىيەتتە ئۆزۈم پۈتكەن بۇ بېيتنى سىلىگە يالداما قىلىپ تۇتقۇم كەلدى. زاڭلىق قىلمىغايلا!

داۋۇت خەلىپە قەغەزگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن:

— ناھايىتى پاساھەتلىك يېزىپسىلا، مەن قەلەم ئىشىغا ناقابىل بولسامۇ، ئەھلى ئىلىملەرنى بەكمۇ قەدىرلەيمەن، — دېدى ۋە بېيت يېزىلغان قەغەزنى يۆگەپ سەللىسىنىڭ قېتىغا قىستۇرۇپ قويدى. ئۇلار بىر پەس پاراڭلاشقاندىن كېيىن. داۋۇت خەلىپە ئۆزرە ئېيتىپ چىقىپ كەتتى...

ئەتىسى مافۇلۇڭ ئاخۇن ماناستىكى تۇڭگانىيلارنىڭ ئابرويلۇق چوڭلىرى نامىدىن شۆي شۆگۇڭ ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى ماشويە باشلىق قارا چېرىكلەرنىڭ سەردارلىرىنى مېھمان قىلىپ كاتتا داستىخان سالدى.

— سەردار، بىزنىڭ ئەنجانلىقلارغا قارشى ھەققانىي ئىشىمىزغا ھەمدەم بولۇپ، ئۇرۇش قىلماقچى بولۇۋاتىسىلا، — دېدى مافۇلۇڭ قولىدىكى تەسۋىنى سىيرىپ تۇرۇپ، — سىلىنىڭ شاپائەتلىرىدىن ئەل-يۇرتىمىز ئەنجانلىقلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىدىن ئەمىن تېپىپ قالسا ئەجەب ئەمەس. مەن ماناستىكى ئەھلى مۆمىنلەر نامىدىن سەردارىمىزغا — ئادالەت قوشۇنىنىڭ باش قوماندانىغا كۆپ تەسەددۇق ئېيتىمەن، گەرچە سىلى بىلەن بىز باشقا-باشقا دىندا بولساقمۇ، ئەمما، تامىمىز بىر، ھەممىمىز مانجۇ خاقانلىقىنىڭ پۇقرالىرى ھېسابلىنىمىز. بۇ يەرلەرگە بىز ئىچكىرىدىن سىلەرگە ئەگىشىپ چىققان. سىلەر بىلەن بىزنىڭ يىلتىزىمىز بىر، يۇرت-ماكانىمىزمۇ بىر. شۇڭا، سىلىنىڭ بۇ تۆھپە-ئەجىرلىرى ھېسابىغا ئات بېشىدەك ئالتۇن بەرسەكمۇ ئەرزىيدۇ،

سورۇن ئەھلىمۇ مافۇلۇڭ ئىمامىنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ گۇرۇلدىشىپ كېتىشتى:

— ئەرزىيدۇ، ئەرزىيدۇ!

— يوقسۇ، يوقسۇ! بەك كايىپ كېتىشتىلە،— دەپ تۇزۇت قىلدى شۇي شۆگۇڭ ئورنىدىن تۇرۇپ قۇللۇق بىلدۇرۇپ تۇرۇپ،— پېقىر ئامالسىزلىقتىن ئەنجانلىقلارغا بولۇشقانىدىم. ئەمما، بۇ ئەنجانلىقلار ئاتا دۈشمىنىم بولغان سۇ يەنشەيىنىڭ بالىسى تالىپ ئاخۇننى دايەنشەي قىلىپ ئۈستىمىزگە قويۇپ قويدى. شۇڭا، ئادالەت تۇغىنى كۆتۈرۈپ، ھەزرىتى خەلىپەمگە ھەمدەم بولۇشنى ئۆزۈمگە راۋا كۆردۇم.

— ھەق سۆز بولدى،— دەپ تەستىقلىدى ئۇنىڭ سۆزىنى مافۇلۇڭ ئاخۇن،— تالىپ ئاخۇن كىم؟ داۋۇت خەلىپە كىم؟ نەدىكى يالاڭتۆش بىر نېمىلەرنى بىزگە باش قىلىپ قويسا، بىرنەنچىدىن ئۇدۇمغا جايىز ئەمەس، ئىككىنەنچىدىن بۇنى ئاللامۇ، بەندىمۇ راۋا كۆرمەيدۇ!

تۇرپان تۇڭگانىيلىرىنىڭ چوڭى سۇيەنشەي بەدۆلەتكە باش ئەگكەندىن كېيىن، ئۈرۈمچى تۇڭگانىيلىرىنىڭ چوڭى داۋۇت خەلىپە ئورنىجا ئۈرۈمچى، گۇمۇدى، سانجى، فۇكاڭ، قۇتۇبى، جىمسار ۋە ماناس قاتارلىق جايلاردىكى تۇڭگانىيلار ئىچىدە ئۆزىنى گويا بىر شانۇ - شاۋكەتلىك ئۇلۇغ پادىشاھ ياكى مۇستەقىل خاقاندەك چاغلاپ، ئىتائەت بېغىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، مۇستەقىل بولۇۋالغانىدى. داۋۇت خەلىپە ئىسيان كۆتۈرگەندىن كېيىن، بەدۆلەت ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىشكە ئۇنىڭ ئالدىغا ئەزىم پەنساد باشچىلىقىدا يەنە تۆت پەنسادنى 1500 يىگىت بىلەن قوشۇپ ئەۋەتكەنىدى. داۋۇت خەلىپە بەدۆلەتنىڭ لەشكەرلىرىنى قونالغۇ چىقىرىپ، ئوبدان خاتىرجەم قىلدى. بەدۆلەتنىڭ يىگىتلىرىمۇ داۋۇت خەلىپىنىڭ ئۆزلىرىنى ئوبدان كۈتۈۋالغانلىقىغا خۇشال بولۇشۇپ قالدى. لېكىن،

ناماﺭشام بولغاندا، داۋۇت خەلىپە ئەۋەتكەن لاۋۇر - لاۋۇر① تۇڭگانىيلار بىپەرۋا تۇرۇشقان يىگىتلەرگە بىرلا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى، ئەزىمقۇل پەنساد ئاران بىرنەچچە ئادىمى بىلەن جېنىنى جايلاپ، بەدۆلەتنىڭ ئالدىغا قېچىپ كېلەلىدى.

داۋۇت خەلىپىنىڭ تۈزكورلۇق قىلىپ، ئەھدۇ - پەيمانىنى بۇزغانلىقىغا قاتتىق غەزەپلەنگەن بەدۆلەت ئۇرۇمچى تۇڭگانىيلىرىنىڭ بېشىغا لەشكەر تارتىپ چىقتى. شۇنداق قىلىپ، بەدۆلەت بىلەن داۋۇت خەلىپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇرغۇن قانلىق سوقۇشلار يۈز بەردى، داۋۇت خەلىپە يېڭىلىپ قالدى ۋە ئىستائەت بېغىنى قايتا باغلاپ، ئالتۇن - كۈمۈش، تاۋار - دۇردۇن قاتارلىق قىممەتباھا سوۋغا - سالاملار بىلەن تارتۇق - پېشكەشلەر قىلغۇزۇپ، بەدۆلەتنىڭ ئالدىغا چىقاردى. لېكىن ئۇ ئۆزى چىقماي: «ئەگەر تىغ - سىياسەتتىن ئۆتكۈزمەن دېسە، جان ۋە تېنىم ئۇلۇغ لو پاشا ھەققىدە پىدا ۋە يوق بولغاي. ئەگەر مەنگى قېرى، كەمتەرىن ئادەم دۇئاغا قول كۆتۈرگەندە، جانابىي بەدۆلەت ئالىيلىرى ئەپۇ قەلەمىنى سۈرۈپ، گۇناھى - كەبىرلىرىمنى مەغپىرەت قىلسا، بۇ ئۇنىڭ پادىشاھتەك ياخشىلىق قىلغىنى بولىدۇ» دەپ خەت ئەۋەتتى. دۈشمەن بارلىق ھىيلىلەرنى ئىشلىتىپ، دەرمانى قالمىغاندا، دوستلۇق زەنجىرىنى جىرىڭشىتىدۇ ۋە مۇنداق «دوستلۇق»قا تايىنىپ تۇرۇپ، دۈشمەن ۋاقتىدا قىلالمايدىغان ئىشلىرىنى قىلالايدۇ. بەدۆلەت ئۇنىڭ ئىلتىماسىغا رازى بولۇپ، كۆپايە دەپ ئامانامە بەردى ۋە ئۆزىنىڭ ئەئيانلىرى قاتارىدا مۇلازىملىق قىلىۋاتقان سۇ يەنشەي دېگەن تۇڭگانىينى ئۇرۇمچى مۇزاپىتىگە دايەنشەي قىلىپ بەلگىلەپ، ئۇنىڭغا ئالتۇن كەمەر، كىسە - خەتدان، مىلتىق - ئوقدان، ئوقيا - ساغداق، دەھۇل -

① لاۋۇر - لاۋۇر — ھەددى - ھېسابسىز، سان - ساناقسىز.

دۇمباق، ڧوڕال - جابدۇق، تۇغ - بايراق، ئېسىل كىمخاب
تون، تەلپەك ۋە ئالاھىدە نىشانلارنى بېرىپ، ئوردىچىگە قاراش-
لىق گۇمۇدى، سانجى، قۇتۇبى، فۇكاڭ، جىمسار، ماناس قا-
تارلىق شەھەرلەرنى ھەممە تەۋەلىكى بىلەن ئۇنىڭ باشقۇرۇشىغا
ئۆتكۈزدى.
لېكىن، بۇ سۇ دايەنشەي: «ئىسلام پادىشاھلىرىنىڭ
قانۇن - يوسۇن، ئەن - قائىدىلىرىنى بىلمەيمەن، خەت -
ئالاقە، دىۋان - ئىنشا يوللىرىغا ئاجىزدۇرمەن، يۇرتدارچىلىق
ئىشلىرىدا خامدۇرمەن. شۇڭا ئەئيانلىرىدىن بىر كىشى بۇ قا-
ئىدە - رەسمىيەتلەرنى ئۆگەتسە دەيمەن» دەپ ئىلتىماس
قىلدى. بەدۆلەت بۇ پىكىرنى لايىق كۆرۈپ، يەنە ئۆزىنىڭ مىرزا
بېشى زەينۇلئابىدىن مەخدۇمنى سالامىئاغىسى قىلىپ ئوردۇم-
چىدە قالدۇردى.
بەدۆلەت نەنسەنگە چىقىۋالغان خەنزۇلارنىڭ ئاقساقىلى شۇي
شۆگۇڭنىڭ قىش - قۇرۇمدا نەنسەندىن تاشكۈمۈر يەتكۈزۈپ بەرگەن
ئالاھىدە تۆھپىسى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا قارا جىيەكلىك كىمخاب
تاشلىق سەنسەن جۇۋا، پاينەكلىك مىلتىق، ئېگەر - جابدۇق-
لىرى ئالتۇن - كۈمۈش بىلەن زىننەتلەنگەن پەرغانە ئارغىمىقى، سۇ-
لەيسۇن تۇماق قاتارلىقلارنى ئىنئام قىلدى. ئۇنىڭ ئىنىسى
ماشۇيەگىمۇ لايىقىدا سۇلەيسۇن، تۈلكە ۋە پاقلان تېرىلىرىدىن
تىكىلگەن جۇۋا - شالۋۇر، تۇماق - تەلپەكلەرنى ۋە تىللا - تەڭگە
قاتارلىقلارنى ئىنئام قىلدى. ئۇلارنىڭ چېرىكلىرىنىمۇ ئىنئام-
ئېھسان بىلەن خۇش قىلىپ كۆڭلىنى ئالدى. بۇنىڭدىن باشقا
يەنە، سۇ دايەنشەيگە شۇي شۆگۇڭغا ئون مىڭ تاغار ئاشلىق بېرىشنى
بۇيرۇدى. ئوردۇمچىدىكى ئىشلارنى بىرەر قۇر سەرەمجانلاش-
تۇرۇپ خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن، بەدۆلەت ئەئيان ۋە
لەشكەرلىرىنى ئېلىپ، ئىككىنچى دارۇ سەلتەنەت - كورلىغا قايتتى.
شۇ يىلى 6 - ئايلاردا، نەنسەندىكى شۇي شۆگۇڭ نورغۇن

چېرىك بىلەن ئۇرۇمچىگە كېلىپ، سۇ دايەنشەيدىن بەدۆلەت ئۆزىگە بويرۇپ بەرگەن ھېلىقى ئون مىڭ تاغار ئاشلىقنى بېرىشنى تەلەپ قىلدى. سۇ دايەنشەي: «يۇقىرانىڭ قولىدا ھازىر ئاشلىق يوق. خامان ئالغانىدا بەرسەم!» دەپ ئۆزرە قويدى، شۇي شۆگۇڭ: «ياق، ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئالغىنىم ئالغان!» دەپ ئۇششۇقلۇق قىلدى. ئەسلىدە ئۇنىڭ سۇ دايەنشەي بىلەن ئاداۋىتى بولۇپ، كۆرۈنۈشتە بەدۆلەتكە يار ۋە مەدەتكارلىق يەتكۈزۈپ، سوۋغا - سالام ۋە چېرىكلىرى بىلەن كېلىپ خىزمەت قىلغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، سۇ دايەنشەينى يوق قىلماقچى بولۇپ پۇرسەت ئىزدەپ يۈرگەنىدى. ئاخىرى ئۇ، «ۋەدە قىلىنغان ئاشلىقنى بەرمىدى» دېگەننى باھانە قىلىپ، ئۇرۇمچىگە باستۇرۇپ كىرىپ، سۇ دايەنشەي باشلىق تۇرپاندىن چىققان تۇڭگانىيلارنى ئۆلتۈرۈپ تۈگەتتى. ئاھالىنى بۇلاپ-تالاپ قورۇغداپ قويغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە ئوت قويۇۋېتىپ، يەنە نەنسەنگە چىقىپ كەتتى ۋە داۋۇت خەلىپە بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشكە تەييارلاندى.

سۇ دايەنشەي ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، بەدۆلەت دەرھال ئۇنىڭ ئوغلى تالىپ ئاخۇننى ئۇرۇمچى تۇڭگانىيلىرىغا دايەنشەي قىلىپ تەيىنلىدى ۋە نارمۇھەممەت پەرۋانىچىنى ئەمىر لەشكەر قىلىپ، ئۇنى ئىككى مىڭ يىگىت بىلەن ئۇرۇمچى تەرەپكە ئىككىنچى قېتىم يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتتى، يەنە كورلىدىن ھاجى مىرزا پەنسادنى، تۇرپاندىن ھېكىمخان تۆرىنى يىگىت - سەرۋازلىرى بىلەن ئارقىدىن قىل قويرۇق قىلىپ ماڭدۇردى.

شۇنداق قىلىپ، ھېكىمخان تۆرە، نارمۇھەممەت پەرۋانىچى، ھاجى مىرزا پەنساد، ھەيدەر قول ئەمىر لەشكەر، مەھمۇت بەگ ئۆرگەنچى ۋە قاسىم پولگانلار باشچىلىقىدىكى سەككىز مىڭ يىگىت ئۇرۇمچىگە يېتىپ كېلىپ، ئۇرۇمچىنىڭ جەنۇبىدىكى جاۋبېيسەن دېگەن يەردە شۇي شۆگۇڭنىڭ چېرىكلىرىنى

قورشىۋالدى. ئىككى ئوتتۇردا قاتتىق سوقۇش بولدى. ئاخىرى شۇي شۆگۈڭ مەغلۇپ بولۇپ، ئىنىسى ما شىيە بىلەن ئازغىنا ئادەملىرىنى ئېلىپ نەنسەننى تاشلاپ، ماناسنىڭ نەنسەنىگە قاراپ قاچتى.

ھېكىمخان تۆرىلەر نەنسەندىكى سوقۇشتا غەلىبە قازانغاندىن كېيىن قايتىپ كېلىپ، داۋۇت خەلىپىلەر بېكىنىۋالغان لۈمەنچىڭگە ھۇجۇم باشلاپ، ئوتتۇز بەش كۈن بولغاندا ئۇنى ئالدى. داۋۇت خەلىپە ئازغىنا ئادەملىرىنى باشلاپ، ئۈرۈمچىنى تاشلاپ ماناسقا قاراپ قاچتى. ئۇزاق ئۆتمەي، داۋۇت خەلىپە بىلەن شۇي شۆگۈڭ ئۇ يەردە ئىتتىپاق تۈزۈش ھەققىدە كېلىشىم ھاسىل قىلدى ۋە كېلىشىم بويىچە، شۇي شۆگۈڭ تۇڭگان - خەنزۇ ئىتتىپاقداش ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى.

— سەردار سىلى ۋە بىز تۇڭگان تايىپىسى ئىتتىپاق تۈزۈپ، ئەنجانلىقلارنى دىيارىمىزدىن تازىلاشقا ئەھدە - پەيمان قىلىشتۇق، — دېدى مافۇلۇڭ ئاخۇن تەسۋىنى قولىغا ئېلىپ، — دىيارىمىزدا سىلىگە تۆھپە قىلىپ تۇتقۇدەك تۈزۈك ۋەج - بىساتىمىز يوق، بۇ تەسۋى مۇنچاقنى چەنلۇڭ① ئامۇرسەنا② دېگەن قالماقنى تۇتقانلىق تۆھپىسىنى مۇكاپاتلاپ ئۇلۇغ بوۋامغا ئىنئام قىلغانىكەن، تا شۇنىڭدىن باشلاپ، نەسەبىمىز بۇ تەسۋى مۇنچاقنى تەۋەررۈك دەپ بىلىپ كەپتۇ، ئۇلۇغ بوۋامدىن بوۋامغا، بوۋامدىن يەنە ئاتامغا مىراس قاپتۇ. ئاتام رەھمەتى ئۇ ئالەمگە رەئلەت قىلىدىغاندا، بۇ تەۋەررۈكنى ماڭا مىراس

① چەنلۇڭ — چىڭ سۇلالىسىنىڭ يەتتىنچى ئەۋلاد پادىشاھى. 1736 — 1795 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان.

② ئامۇرسەنا — جۇڭغار موڭغۇللىرىنىڭ خانى. چەنلۇڭنىڭ 20 - يىلى (مىلادى 1755 - يىلى) ئەسىرگە چۈشكەن.

قالدۇرۇپ، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە ساقلاشنى ۋەسىيەت قىلىپ ئالەمدىن ئۆتكەنىدى. ھالا بۈگۈن سەردار سىلى ئادالەت تۇغىنى كۆتۈرۈپ، ھىدايەتنى جارى قىلدۇرماق بولۇپ تۇرۇۋاتىدىلا. گەرچە بۇ تەسۋى مۇنچاق ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، ئەمما، ئۇ نەسەبىمىزنىڭ قولىدا 120 يىلدىن بۇيان تەۋەررۇك بولۇپ ساقلىنىپ كەلدى. پېقىر بۇ بىۋاپا پەلەكنىڭ كاجلىقىدىن قايغۇرۇپ بەزىدە پەرىشان بولۇپ قالغۇدەك بولسام، بۇ تەۋەررۇكنى قولۇمغا ئېلىپ، ئۇنى ئون - يىگىرمە رەت سىرىپ قويىمەن. شۇنىڭ بىلەن كۆڭلۈم پالىلىدە يورۇپ كېتىدۇ، يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلىمەن. مەنغۇ ئىككى پۇتۇم گۆرگە ساڭگىلىغان ئادەممەن. سەردار، سىلى نېخى ياش، خاقانلىقنىڭ تۇز ھەققىنى ئاقلاش يولىدا نۇرغۇن تۆھپە - ئەجىر كۆرسىتىدىلا. شۇنداق ئىكەن، بۇ بىۋاپا كاج پەلەكنىڭ رەنج - رىيازەتلىرىگە ئۇچرىمايمەن دېيەلەمدىلا؟ مۇبادا، شۇنداق قىسمەتكە ئۇچراپ قالسىلا، مېنىڭ دېگىنىمدەك قىلسىلا. بۇ تەۋەررۇك تەسۋى مۇنچاقنى قوللىرىغا ئېلىپ ئون - يىگىرمە قېتىم سىيرىپ بەرسىلە، ۋۇجۇدلىرى پاكلىنىپ، رەنج - ئەلەملەرنى ئۇنتۇپ كېتىدىلا. تەسۋى بىز تۇڭگان - خەنزۇ تايىپىلىرىنىڭ ھەمدەملەشكەنلىكىمىزنىڭ شاھىتى، كۆمەكلەشكەنلىكىمىزنىڭ ئىسپاتى سۈپىتىدە مېنىڭ سىلىگە تۇتقان سوۋغام بولۇپ قالسۇن!

شۇي شۆگۇڭ مافۇلۇڭ ئاخۇننىڭ قولىدىن ۋالىلداپ پارقىراپ تۇرغان لەئل مۇنچاقلىق تەسۋىنى ئىكرام بىلەن ئالدى. ئۇ ئىمامنىڭ باياتىنقى دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئىشەندى. بۇ لەئل مۇنچاقلىق تەسۋى ئۆزىگە مائاش - كىرلىك بەرگەن خاقانلىقنىڭ سەلتەنىتىنىڭ سىماسى ئىدى. بىباھا گۆھەر دېگەن بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق بولماس؟ تۇنۇگۈن تۇڭگانىيلارنىڭ خەلىپىسى ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ

ئەڭ ئالىي ھوقۇقىنىڭ سىمۋولى بولغان يەتتە يولتۇزلۇق قىلىچنى ئۇنىڭغا تەقدىم قىلدى. بۈگۈن بولسا، ئۇلارنىڭ ئىمامى ئۇلۇغ بۇۋىسىدىن تەۋەررۈك قالغان بۇ بىباھا گۆھەرنى ئۇنىڭغا سوۋغا قىلدى. «مەن بۇ يەرگە كېلىپ يامان قىلماپتىمەن، — دەپ ئويلىدى ئۇ، مۇشۇ تاپتا بۇ ئىككى ئىش ئۇنىڭغا قىزىق تۇيۇلۇپ كېتىۋاتقانىدى، — بۇ قىلىچ بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈش مۇمكىن. مۇنۇ لەئل مۇنچاقلىق تەسۋى ھېلىقى قىلىچتا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ روھىنى مەغپىرەت قىلىش ئۈچۈن خۇداغا ھەمدۇ - سانا ئوقۇغاندا لازىم بولىدۇ. قىلىچ بىلەن تەسۋى خۇددى ئوت بىلەن سۇدەك بىر - بىرى بىلەن چىقىشالمايتتى. ئەمما، قارىغاندا بۇ ئىككىسى چىقىشالايدىكەن! گەپ ئۇلارنى قانداق ئىشلىتىشتە!...»

شۇنداق قىلىپ، شۇي شۆگۈڭ ئۆزىنىڭ تۆت مىڭ چېرىكى بىلەن داۋۇت خەلىپىنىڭ ئون ئالتە مىڭ چېرىكىدىن تۈزۈلگەن تۇڭگان - خەنزۇ ئىتتىپاقداش ئارمىيىسىگە قوماندانلىق قىلىپ، ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلدى. ئۇلار ھېكىمخان تۆرە باشلىق سەرۋازلارنى ئاخىرى لومەنچىڭ سېپىلى ئىچىگە قامىۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولدى ۋە شۇ كۈنىدىن باشلاپلا ئۇنى ئېلىش ئۈچۈن كۆپ ئۇرۇنۇپ كۆردى. سېپىل ئېلىشنىڭ ئېپىنى بىلىدىغان بۇ تۇڭگانىلار كۆپ تىرىشىپ سېپىلنى تەكشۈرۈشكە، ئۇنىڭ بەكلىكىنى سىناشقا، ئاجىز تەرەپلىرىنى ئېنىقلاشقا كىرىشتى. لېكىن شۇنداق بولسىمۇ، شەھەرنىڭ بۇ قورغىنى پۇختا ئىدى. دۈشمەننى تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر قىلىش ئۈچۈن، بۇ ئالامەت ئېگىز ۋە مەزمۇت سېپىلنى ئېلىش كېرەك ئىدى. بىراق، بۇ تاياق تىقىش بىلەنلا ئىچىدىكى لەشكەرلەر تارقىلىپ كېتىدىغان چۈمۈلە ئۇۋىسى ئەمەس ئىدى - دە!

قورشاۋچىلار سېپىلگە كېچە - كۈندۈز توختىماي ھۇجۇم قىلاتتى. سېپىل تۈۋىگە قازانلارنى دۈم كۆمتۈرۈپ، ئىچىگە

قارا دورىنى توشقۇزۇپ، قېلىن تامنى پارتلىتىپ بۇزۇشقا ھەرىكەت قىلاتتى، يەرنىڭ ئاستىدىن سېپىل تەرەپكە قارىتىپ لەخمە قېزىپ ماڭماقتا ئىدى، توپ - زەمبىرەكلەردىن سېپىلگە قارىتىپ توختاۋسىز ئېتىپ تۇراتتى. ئەمما، ئۈستىدە ھارۋا مېڭىش مۇمكىن بولغان قېلىن تام پۈتۈن ئوقلارنى ئېتىپ بولغان تەقدىردىمۇ قىمىرلىمايدىغاندەك تۇراتتى.

سېپىلنى قوغدىغۇچىلارمۇ تىنچ ياتمىدى. يۇقىرىدىن تۇرۇپ، پوتەيلەرگە يوشۇرۇنۇپ، ئۇلارغا قارىتىپ قويۇق ئوق ياغدۇرۇپ تۇردى. ئوقلار خېلى يىراقتا تۇرغان ئادەملەرگە ۋە ئاتلارغىمۇ بېرىپ تېگەتتى. سېپىل ئۈستىدىكىلەر داشقازانلاردا قايناق سۇ قاينىتىپ، ئۇنى ھۇجۇمچىلارنىڭ بېشىغا قارىتىپ قۇياتتى. لەخمە كولاۋاتقانلارغا قارشى لەخمە كولاپ، لەخمە ئىچىگە ئىس قويۇپ بېرىپ، ھۇجۇمچىلارنى بۇرۇختۇرما قىلاتتى. شۇنداق قىلىپ، بۇ مۇھاسىرە ۋە جەڭ تۆت ئايغىچە داۋاملاشتى. ئىتتىپاقداش ئارمىيە لومەنچىڭنى زادى ئالالمىدى. تۆرەملەرمۇ بۇ تۆت ئايغىچە سېپىل ئىچىدىن بۆسۈپ چىقالمىدى.

ئۈرۈمچىنىڭ ئەسكەر تۇرىدىغان شەھىرى لومەنچىڭ دەپ ئاتىلاتتى. داۋۇت خەلىپە تۇڭگانىيلارغا خان بولۇپ كۆتۈرۈلـ گەندە، ھازىرقى دۆڭكۆۋرۈك ئەتراپىدا يەنە بىر شەھەر بىنا قىلغۇرغان بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى «خاڭچېڭ» دەپ ئاتىغانىدى. بۇ ئىككى شەھەرنىڭ ئىچىدە ئوق - دورا، قورال - ياراق، تەيپو، زەمبىرەك، ئوقيا - ساغداق، قىلىچ - نەيزە دېگەن تولا مول ئىدى. ساڭدا غەللە - ئاشلىق، ئۇن - گۈرۈچ، ياغ دېگەن سىيراپ ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا كۆلى تەرەپتىن مەيمەيـ چىلەر ئېلىپ كېلىپ، ساراي - دەڭلەردە ساقلاپ ياتقان ھەرتـ خىل - ھەر ياڭزا خۇش پۇراق چايلار، چىنە - قاچىلار، تاۋار - دۇردۇنلار، كۆلىنىڭ نەپىس مال - ئەشيالىرىمۇ بۇ جايدا ھەددىدىن زىيادە كۆپ ئىدى.

بەدۆلەتنىڭ لەشكەرلىرى لومەنچىگنى تارتىۋالغاندا، تۆرەم بىر نەچچە سارايدىكى پۇل - پىچەك، ۋە گەزماللارنى بىر - بىرلەپ خەتلەپ، خەزىنە ئىمارەتكە ئالغانىدى. ئۇلار مۇھاسىرىدە قالغان بۇ كۈنلەردە بۇ نەرسىلەر جانغا ئاجايىپ ئەسقاتتى. بۇ جايدا خەسە - چىت، ماتا دېگەندەك نەرسىلەر بولمىغاچقا يىگىتلەر تاۋار - دۇردۇنلاردىن كۆڭلەك - تامبال تىكىپ كىيدى ۋە ھەرخىل يىپەك ماللارنى پايتىما قىلدى ھەم دەسمال قىلىپ ئىشلەتتى. ھەر خىل تاختا چايلار شۇنچىلىك كۆپ ئىدىكى، بۇ چايلاردىن ھەتتا ئاتلارغا ئوقۇرمۇ ياساپ بېرىلگەنىدى. يەم - خەشەك ئۆكسۈپ قالغان كۈنلەردە، ئاتلار چايدىن قىلىنغان ئوقۇرنى پارچە - پارچە قىلىپ يەپ ۋە ئاياغلىرىدا دەسسەپ پايخان قىلىپ تاشلايتتى.

تۆرەملەر قامىلىپ ياتقان كۈنلەردە، بىر ئامال قىلىپ قەشقەرگە — بەدۆلەتنىڭ ئالدىغا خەۋەرچى ئەۋەتكەنىدى. ئۇرۇمچىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقان بەدۆلەت دەرھال چوڭ بەچچە - بەگقۇلىبەگنى ئەمرۇل ئۇمەرا، مۇھەممەت كېرىم دادخاھنى ئەمىرلەشكەر قىلىپ تەيىنلەپ، ئۇلارنىڭ قوماندانلىقىدا، ئەلبېك پەنساد، مۇھەممەت سەئىد پەنساد، نورۇز پەنساد ۋە ئەشمۇھەممەت پەنساد باشلىق يەتتە مىڭ يىگىت، ئۈچ مىڭ نەپەر سەرۋازنى تۆرەملەرگە ياردەمدە بولۇش ئۈچۈن ئۇرۇمچىگە ماڭغۇزدى.

تۆت ئەتراپى ئوچۇق چۆللەردە جەڭ قىلىپ ئۆگەنگەن، تۈزلەڭ - ۋادىلاردا دادىل ھەرىكەت قىلىدىغان بۇ پەنسادلار ۋە يىگىتلەر تاغ - جىلغىلار ۋە قىيا تاشلىق ئۇرۇمچى تاغلىرىنىڭ ئارىسىدا ناھايىتى قىينىلىپ قېلىشتى. ئۇلارنىڭ چۆل ئاتلىرىمۇ بۇنداق تاغلىق - ئېدىرلىق جايلاردا ياخشى يۈگۈرەلمەيتتى. بەزىلىرى تىك جايدىن چۈشۈۋاتقاندا، تاغدا يۈرۈشكە مۆلچەر-

لەنمىگەن قوشقۇن ۋە ئېيىللىرى ئۈزۈلۈپ كېتىپ، ئېگىلىرى ئاتتىن يىقىلىپمۇ چۈشەتتى. ئۇلار شۇنداق جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى تارتىپ، ئاخىرى ئۇرۇمچىنىڭ قارلىغاچلىق ① دېگەن يەرگە يېتىپ كېلىشتى.

ئەمرۇل ئۇمرا بەگقۇلىبەگنىڭ قارارگاھىدا ئۆتكۈزۈلگەن كېڭەشتە قوبۇل قىلىنغان قارار بويىچە، ئەمرلەشكەر مۇھەممەت كېرىم دادخاھ بىر بۆلەك يىگىتنى ئېلىپ خابانىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتۈپ، ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ بارگاھى جايلاشقان يامالىق تېغىغا قارا كۆرسىتىپ هۇجۇم قىلىدىغان بولدى. ئەمرۇل ـ ئۇمرا بەگقۇلىبەگ ئاساسىي كۈچ بىلەن قىزىلتاغنىڭ كەينىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ گۇمۇدى يولىغا چىقىپ، ئىتتىپاقداش ئارمىيىگە ئارقا تەرەپتىن تېگىش قىلماقچى بولدى.

بۇ ۋاقىت خابادا تاشقىن بولۇۋاتقان مەزگىل ئىدى. خابانىڭ كەڭلىكى ئەللىك گەزدىن، چوڭقۇرلۇقى ئۈچ گەزدىن ئاشمىسىمۇ، ئەمما، سۇ ناھايىتى ئۇلۇق بولۇپ، تېز ئاقاتتى، خابانىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇ يەر ـ بۇ يەردە قورام تاشلارمۇ چوقچىيىپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ئەمىر لەشكەر مۇھەممەت كېرىم دادخاھ يىگىتلىرىنى ئېلىپ خابانى ياقىلاپ مېڭىپ باققان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ قاتقا ئۆتىدىغان ئەپلىك يەر تېپىلماي، هايال بولۇپ قالدى. تۆت ـ بەش چاقىرىم يول يۈرگەندىن كېيىن، ئاخىرى ئۇلارنىڭ ئالدىنى توساتتىنلا ئېگىز بىر قىيا تاغ توسۇۋالدى. قىيا بەك چوڭ بولمىسىمۇ، ئەمما قىيالىقنىڭ يۈزى خۇددى پالتا بىلەن چېپىپ تەكشەپ قويغاندەك تۈپتۈز ئىدى. قىيا ـ كۆك مىس رەڭگىدىكى قورام تاش بولۇپ، ئۇنىڭغا ئېچىلغان گۈللەر، ئۇششاق ھەم سېرىق چېچەكلىگەن ياۋا كۆكاتلار يامىشىۋالغانىدى. تاشنىڭ ئاراچلىرىدىن بىر تۈپ يوغان قارىياغاچ ئۈنۈپ چىققان

① هازىرقى ئۇلانبايىنىڭ قارلىغاچلىق دېگەن جايى.

بولۇپ، ئۇ سۇ يۈزىدە توغرىسىغا ياتقانىدى. مۇھەممەت كېرىم دادخاھ يىگىتلىرىگە مۇشۇ يەردىن ئۇ قاتقا ئۆتۈشكە بۇيرۇق چۈشۈردى. ئۇلار مىڭبىر جاپا بىلەن يامالىق تېغىنىڭ ئېتىكىگە يېتىپ كەلدى، ئەمما تاغنىڭ ئۈستىدىكىلەر يۇقىرىدىن تاش يۇمىلىتىپ، ئوق ياغدۇرۇپ، ئۇلارنى زادىلا ئىلگىرىلىگىلى قويمىدى.

ئىتتىپاقداش ئارمىيە يامالىق تېغىنىڭ ئۈستىدە سەپ تارتىپ تۇراتتى. تاغنىڭ ياپىسىدا بەدۆلەتنىڭ قوشۇنى پەيدا بولغاندىن كېيىن، شوي شۆگۈك لومەنچىك سېپىلىغا ھۇجۇم قىلىۋاتقان بىر بۆلۈك كۈچىنى ئۇ يەردىن يۆتكەپ كېلىپ، ئۇلارغا قارشى قويدى. بۇ كۈنى ھاۋا بىردىنلا قاتتىق ئىسسىپ كەتكەنىدى. كۈن بويى سوكۇلداپ يۈرۈپ چارچىغان ئادەملەر ۋە ئاتلار قاقاس تاغ ئۈستىدە بىردەمدىلا چاڭقاپ سۇ ئىزدەشكە كىرىشتى. سۇ بولسا تۆۋەندىكى خابادا قىنىغا پاتماي گۈلدۈرلەپ ئېقىۋاتاتتى. خابا ئۇلار تۇرغان يەردىن يەتتە ـ سەككىز چاقىرىم پەستە قالغانىدى.

چاشگاھ بولغان پەيتتە، ئەمىر لەشكەر مۇھەممەت كېرىم دادخاھ ئادەملىرىگە بۈگۈن ئەمدى سوقۇش بولمىدى، ئەتىنى كۈتىمىز، دېگەندەك قىلىپ ئېتىدىن چۈشتى. دۆڭلۈكتە ئۇنىڭ ئەتراپىدا تۇرغان ئىككى مىڭدەك يىگىتمۇ ئوچۇق ـ ئاشكارا ئاتتىن چۈشۈشكە باشلىدى ـ بۇنى يامالىق تېغىنىڭ ئۈستىدە تۇرغان ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ قوماندانى كۆرۈپ تۇراتتى. لېكىن، قىزىلتاغنىڭ كەينىدە ـ ئىتتىپاقداش ئارمىيىگە كۆرۈنمەيدىغان خالى بىر جايدا ئەمرۇل ئۇمرا بەگقۇلىبەگ باشچىلىقىدىكى ئاساسىي كۈچ بولغان قوشۇن ئاتتىن چۈشمەي، تۇيۇقسىز باسۇرۇق قىلىشقا تەييارلىنىپ تۇرغانىدى.

بەدۆلەتنىڭ قوشۇنىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاتتىن چۈشكىنىنى ۋە جەڭگىۋار سەپنىڭ تارقىتىۋېتىلگەنلىكىنى كۆرگەن شۈي شۆگۆڭ: «بۈگۈن ئەنجانلىقلار ھۇجۇم قىلمايدۇ، جەڭمۇ بولمايدۇ» دەپ ئويلاپ قېلىپ، قوشۇنىغا تارقىلىشقا بۇيرۇق بەردى. چېرىكلەر سەپلىرىنى بۇزۇپ، ئاتلىرىنى يېتىلىگەن ھالدا كەينىگە بۇرۇلۇشتى ۋە سۇ ئىزدەشكە باشلىدى.

ئەمىر لەشكەر مۇھەممەت كېرىم دادخاھ دەل شۇنى كۈتۈپ تۇرغانىدى. ئۇ سەكرەپ ئېتىغا مىندى ـ دە، خەۋەرچىگە بۆرە تېزىكىگە ئوق يېقىشنى بۇيرۇدى. بۇلار تۇرغان دۆڭدىن نەيزىدەك تىك كۆتۈرۈلگەن بىر تال ئاق ئىس قىزىل تاغنىڭ كەينىدە تۇرغان ئەمرۇل ئۇمرا بەگقۇلىبەگنىڭ كۆزىگە چېلىقتى. ئۇنىڭ:

ــ زەپەر بىزنىڭ! ئاتلىنىڭلار! ــ دېگەن بۇيرۇقىنى ئاڭلىغان قوشۇن دارادىن بىراقلا ئات قويۇپ ئېتىلىپ چىقتى. ئىتتىپاقداش ئارمىيىدىكىلەر خابا ۋە قىزىلتاغ تەرەپتىن سەلدەك دەۋرەپ ئېتىلىپ كېلىۋاتقان سان ـ ساناقسىز لەشكەرلەرنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ قالدى. ئۇلار بۇزۇلغان سەپلىرىنى ئالدىراش ـ تېنەش تۈزەپ، ئۇلارغا قارشى ھۇجۇمغا ئۆتمەكچى بولۇپ تۇرۇشقىنىدا، لومەنچىڭ ئىچىدە قورشاۋدا ياتقان تۆرەمەلەرمۇ شەھەر قوۋۇقىدىن سەلدەك دەۋرەپ چىقىپ كەلدى. ئىتتىپاقداش ئارمىيە ئالدى ـ كەينى ۋە يېنىدىن بولۇپ ئۈچ تەرەپتىن تەڭ ھۇجۇمغا ئۇچراپ، زور تالاپەت بەردى ۋە مەغلۇپ بولۇپ چېكىندى. بۇ سوقۇشتا، شۈي شۆگۆڭنىڭ ئىنىسى ما شويە ئوق يەپ جەھەننەمگە راۋان بولدى. شۇ شۆگۆڭ قالدى ـ قاتتى چېرىكلىرى بىلەن كونا ئۇۋۇسى ــ نەنسەنگە ئاران قېچىپ كېتەلىدى.

بەدۆلەتنىڭ قوشۇنىدىن مىڭدەك يىگىت زايە بولدى.

بەدۆلەت مەرغىلانلىق يەھيا يۈزبېشى دېگەن كىشىنى

سوۋغا - سالاملار بىلەن ماناسقا - داۋۇت خەلىپىنىڭ ئالدىغا
ئەۋەتتى. ئۇ ماناسقا بىرىپ ئەلچىلىك قائىدە - رەسمىيەتلە-
رىنى بەجا كەلتۈرۈپ، بەدۆلەتنىڭ «يارىشىپ قالساق، سىزنى
ئۈرۈمچىگە دايەنشەي قىلىپ بەلگىلىسەك» دېگەن سۆزىنى
يەتكۈزدى. لېكىن داۋۇت خەلىپە: «مەن ئۇ ئەنجانلىقنىڭ سۆزىنى
ئاڭلىمايمەن، ياراشمايمەن» دەپ جاۋاب قىلىپ، يەھيا يۈز-
بېشىنى دارغا ئاستۇرۇۋەتتى.

بەدۆلەتنىڭ قوشۇنلىرى ئۈرۈمچىدىن ئاتلىنىپ ماناسقا
يېتىپ كېلىپ، شەھەرنى قورشىۋالدى. ئۇلار ئاخىرى بۇ شەھەرنىمۇ
ئېلىشقا مۇيەسسەر بولدى. شەھەرگە ھۇجۇم باشلانغاندا، داۋۇت
خەلىپە ئالتۇن يۇتۇپ، قېرى جېنىنى ئەزرائىلغا تاپشۇرۇپ،
مال - دۇنياسىنى بولسا بەدۆلەتنىڭ قوشۇنلىرىغا قالدۇرۇپ،
بۇ دۇنيانىڭ دەتالاشلىرى بىلەن خوشلاشتى.

شۇنداق قىلىپ، ئۈرۈمچى مۇزاپىتى ئىككىنچى قېتىم
بەدۆلەتنىڭ ئەمىر - ئىختىيارىغا كىردى. بىر مۇنچە پاراكەندە
تۇڭگانىيلار ئاق ئۆيلۈك قىلىنىپ ئالتە شەھەر تەرەپلىرىگە
يولغا سېلىندى. ئۈرۈمچىگە سالا تايىپىسىدىن بولغان، قەشقەردىن
كەلگەن كەنجى ئاخۇن دېگەن بىر نامدار كاتتا تۇڭگانىي
دايەنشەي قىلىپ بەلگىلەندى.

بەدۆلەتنىڭ قوشۇنلىرى ئىلگىرىلەپ، ئىلى
دىيارىنى ئۆز تەسەررۇپىغا ئالماق بولۇپ، ماناس دەرياسى
بويىغا يېتىپ كەلگەندە، بۇ يەردىكى كىچىك - ئۆتكەللەرنىڭ
ئالىقاچان چاررۇسىينىڭ ئاق چېرىكلىرى تەرىپىدىن ئىگىلە-
ۋېلىنغانلىقىنى، چاررۇسىيە قوشۇنىنىڭ ئۇلارنىڭ ئىلگىرىلەش
يولىنى سېپىلدەك توسۇپ تۇرغانلىقىنى كۆردى...

نەزمە:

بېرىپ، دوستلار بىلەن راھەتتە ئولتۇر،
ئەگەردە دۈشمىنىڭ بولسا جېدەلدە.
ئۆلارنىڭ يەكدىللىكىنى بايقىساڭ سەن،
سىپپىلگە تاش توشۇپ، ياﻳمىگىنى بەتلە.

— شەيخ سەئدى

# ئالتىنچى باب

## تۆھمەت قۇربانلىرى

مىلادى 1872 - يىلى 7 - ئاي.

ئاردىلاپ ئۆتكۈنچى يامغۇر يېغىپ تۇرىدىغان، ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى قۇياش پارلاپ. ھەممىنى كۆيدۈرۈپ ئۆتىدىغان ئىسسىق تومۇز كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى.

ئاجىز ۋە ئىستەك لەيلەپ يۈرگەن بۇلۇتلار غۇبارسىز، پاكىز ئاسماندا ئاستا سوزۇلۇپ بېرىپ قۇياشنىڭ بىر تەرىپىنى توسۇۋالدى. يازنىڭ ئۆتكۈنچى يامغۇرى توساتتىنلا خوددى چېلەكلەپ قۇيغاندەك شارىلداپ يېغىپ، يەنە بىردەمنىڭ ئىچىدە توختاپ قالدى. چوڭ ھەم قويۇق چۈشكەن. خۇددى ياقۇتتەك يالتىرايدىغان يامغۇر تامچىلىرى كۆزلەرنى قاماشتۇرۇپ پارقىرايتتى. ھۆل بولۇپ كەتكەن دەرەخ يوپۇرماقلىرى ھالسىز تەۋرىنەتتى.

بۇ ئىش تۇيۇقسىزدىنلا يۈز بەردى... ھەممە نەرسە ئۈن - تىنسىز جىمىپ كەتتى. كىشىنى چۆچۈتىدىغان جىمجىتلىق باشلاندى. ئالدىنقى كۈنىدىن تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتكەن بۇ

دىمىق ئىسسىقتا، كىشىلەرنىڭ بېشى قېيىپ، نەپەسى سىقىلىشقا باشلىدى. بىر توپ قارلىغاچلار ھېيتگاھتىن ئۇچۇپ ئۆتكەندە، ئۇلارنىڭ قانىتى تاملارغا تېگەي - تېگەي دەپلا قالدى...
ئەگەر بۇنداق دىمىق يەنە بىر مەزگىل سوزۇلىدىغان بولسا، كىشىلەر قانداقمۇ قىلار؟...
— ئەيىيۇھەنناس! ئىشىتمىگىلار ئامۇخاس!— جاكارچىنىڭ تۇيۇقسىزدىن ئاڭلانغان ئاۋازى دىمىق ئىچىدە قىينىلىۋاتقان ئادەملەرنى بىردەم بولسىمۇ ئۆزىگە كېلىشكە مەجبۇر قىلدى.
— ئەمىر ئىسلامنىڭ پەرمانى بۇدۇر، قۇلاق سالسۇن ھەممە تىمتاس!
ئەي بازارلىق، سەھرالىق پۇقرالار!
يۇرتبېگى، مىڭبېگى، تۈمەنبېشى، مىڭبېشى، يۈز بېشى، كۆك بېشى، قاببېشى قاتارلىق بەگلەرگە، ھاممال، مەشكاپ، ياش - قېرى، ئەركەك ھەم چوكان - سىڭىلەكلەرگە! مۆتىۋەر بەگ - بىگات ئەمرۇل - ئۇمرا، ئەمىر لەشكەر ھەم پەنسادلارغا، سودىگەرلەر بىلەن مالدارلار، مەنسەپدارلار بىلەن ئەمەلدارلارغا! بۈگۈن چۈشتىن كېيىن ھېيتگاھ مەيدانىغا بېرىڭلار!
ئەمىر ئىسلامنىڭ قۇدرىتىنى تاماشا قىلىڭلار!
ئەگەر قىلسا قەست ساھىبى دۆلەتكە،
ئۇشتىلىپ بېلى، جېنى جۆنەر جەھەننەمگە!
ئەيىيۇھەنناس! ئىشىتمىگىلار! ئامۇ خاس!
جاكارچىنىڭ ئاۋازى ھېلى ئەنجان رەستىسىدىن ئاڭلانسا، ھېلى ئۆستەڭبويىدىن ئاڭلىناتتى. بىردەم قوناق بازىرىدىن چىقسا، بىردەم ئارغامچا بازىرىدىن كېلەتتى. كىشىلەر: «بۈگۈن قايسى بىچارىنىڭ ئەجىلى توشتىكىنە؟» دېيىشىپ، قۇللىرىدىكى

ئىشلىرىنى تاشلىشىپ، ھېيتگاھ تەرەپكە ئاققىلى تۇردى.

چۈشتىن كېيىن، ئوردا ئالدى تەرەپتىكى يەل - يېمىش بازىرىدا ئادەم نۇرغۇن ئىدى. بۇ ئادەملەر ئارىسىدىن بەدۆلەتنىڭ خىزمەتچىلىرى — ئاتلىق مەنسەپدارلار ئوردا تەرەپكە قاراپ ئالدىراش كېتىپ باراتتى. ئۇلار ئالتۇن ئوقا تۇتۇلغان زەرباب تونلارنى كىيىشكەن، بەللىرىگە ئالتۇن - كۈمۈش تەڭگىلەر قادالغان كەمەرلەرنى باغلىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كەمەرلىرىگە ئېسىۋالغان كۈمۈش غىلاپلىق خەنجەرلىرى پۆلاڭلايتتى، پۇتلىرىغا كىيگەن خۇرۇم ئۆتۈكلىرى پارقىراپ، باشلىرىغا ئورىغان يوغان سەللىلىرى ئاقىرىپ تۇراتتى.

ھەربىر ئاتنى ئۇچلىرىغا خەسە تون، باشلىرىغاشاپاق بۆك، كىيگەن، يالڭىياق ئاتچى مالايلار يېتىلەپ كېلىشمەكتە ئىدى. ئۇلار ئۆز خوجايىنىنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئۆتكۈزۈشكە تىرىشاتتى.

ئاتلىق مەنسەپدارلار ئاقسارايىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كېلىپ ئاتلىرىدىن چۈشۈشتى. ئۇلار ئاتلىرىدىن چۈشۈپلا، ئاقسارايىنىڭ يوغان قۇيما دەرۋازىسىغا يۈگۈرۈشۈپ مېڭىشقا باشلىدى، ئۇچىسىغا ئالتۇن ئوقا تۇتۇلغان جىيەكلىك تون كىيگەن. بېلىگە ئالتۇن كەمەر باغلىغان ھۆدەيچى قولىدىكى ئالتۇن ھاسىسىنى كۆرسىتىپ، قەھرلىك ئاۋازى بىلەن:

— ئەدەب!ھەي لەنىتىلەر! ئەدەب! تەرتىپ ساقلاڭلار. بولمىسا، مېنىڭدىن كۆرىدىغىنىڭلارنى كۆرىسىلەر!— دەپ ۋارقىرىدى.

بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان مەنسەپدارلار بىردەم بولىمۇ جىم بولۇشتى. ئۇلار تەرتىپ ۋە ئەدەب بىلەن دەرۋازىنىڭ يان ئىشىكىدىن ئاقسارايىنىڭ ئىچىگە كىرىشكە باشلىدى.

مالايلار بوشىغان ئاتلارنى بىتىلەپ، خۇددى كەچ قالغان بازارچىدەك، ئالدى - كەينىدىكى ئاتلارنى قامچا بىلەن ئۇرۇپ، يۇرۇپ يول ئاچتى - دە، ئاقسارايىنىڭ يان تىمى ئالدىدىكى مەيدانغا قاراپ چېپىشتى. بۇ يەر ئادەتتە مەپىلەرنى توختىتىپ قويىدىغان، ئات باغلايدىغان مەيدان ئىدى. ئۇلار تامىنىڭ يېنىدىكى بوشلۇققا يېتىپ بىرىشقاندىن كېيىن، دەرۋازا تەرەپكە قاراپ تۇرۇشتى.

بىر ھازادىن كېيىن. ئاقسارايىنىڭ قۇيما دەرۋازىسىنىڭ يان ئىشىكى ئېچىلىپ، ئاقسارايىنىڭ ئىچىدىكى زىندانىدىن تۆت مەھبۇسنى ئېلىپ چىقىشتى. بۇ مەھبۇسلارنىڭ قوللىرى كەينىگە قايرىپ باغلانغانىدى.

شەبگەردىلەر مەھبۇسلارنىڭ ئالدىنى ئاقسارايغا قارىتىپ تۇرغۇزدى. مىرشەپ② ھېلىقى مەھبۇسلارنىڭ ئالدىغا كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، «ئەمىر ئىسلامنىڭ غەزىپىنى بەجا كەلتۈرگۈچىلەر» — مىرغەزەپلەر مىرشەپنىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇرۇشتى. مىرغەزەپلەردىن بىرى بىر باغلام تاياقنى ئېلىپ كېلىپ، مەھبۇسلارنىڭ ئالدىغا تاشلىدى - دە، ئۆزى قالغان مىرغەزەپلەرنىڭ يېنىغا بېرىپ تۇردى.

پەشتاقتىكى ئورۇندۇقتا پار - پۇر كىيىنىپ ئولتۇرغان ھۆدەيچى ئورنىدىن تۇردى - دە، تۇرقىنى بۇزماستىن:

① سەبەند — ئۈچ جايىغا مىس ھالقا ئورنىتىلغان ئۇزۇن تاياق. قەشقەر شەبگەردىلىرىنىڭ (ساقچىلىرىنىڭ) قورالى.

② مىرشەپ — باش ساقچى.

ـــ سەن كىم؟ مەخەتخان دېگەن سەنمۇ - ئەمەسمۇ؟ــ دەپ سورىدى بىرىنچى مەھبۇستىن.

ـــ ۋاي دات، بېگىم ـــ مەن ئەخەتخان، مەخەتخان دېگەن مەن ئەمەس،ــ دەپ زارلىدى ھېلىقى مەھبۇس.

ئەمما، ئەتراپتا تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى بىردىنلا:

ـــ ھە، ھە، ئەمىر ئىسلام جانابىي ئالىيلىرىنىڭ دۆلەتخانىسىغا① سېلىق تۆلەشتىن باش تارتقان مەخەتخان شۇ! ئۇنىڭغا ئۆلۈم! ــ دەپ جاۋاب بېرىشتى.

ـــ ياق، ئۇنداق ئەمەس،ــ دەپ ئېتىراز بىلدۈردى ھېلىقى مەھبۇس،ــ مەن باج - سېلىقنى تولۇق تۆلىدىم. ھەتتا ئاشۇرۇپ تۆلىگەنمەن. ئۇرۇقلۇق قوناقنىمۇ دۆلەتخانىغا ئېلىۋېلىشتىغۇ؟

ئەتراپتا تۇرغانلار ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىشمىدى.

ئەمەلىيەتتە بولسا، ئۇلار ئەخەتخان ياكى مەخەتخان دېگەن بۇ مەھبۇسنى چۈشىدىمۇ كۆرگەن ئەمەس ئىدى. بۇ ئەمىر ئىسلام ـــ بەدۆلەتنىڭ خىزمىتى ھېسابىغا بېرىلگەن جاۋاب ئىدى. ئەسلىدە مىرشەپلەر ئادەتتە پارا ئېلىپ، گۇناھلىق ئادەملەرنى بوشىتىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا گۇناھسىز ئادەملەرنى جازالايتتى. ئۇ يەردە تۇرغانلار ئەمەلىيەتتە بۇ مەھبۇسلارنى قانداق تونۇيدۇ، دەيسىز؟

ھۆدەيچى ھېلىقى تۆت گۇناھكارنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىنى ئەنە شۇ تەرزدە ئېنىقلاپ چىققاندىن كېيىن، مىرشەپكە گۇناھكارلارنى جازالاشنى باشلاشقا بۇيرۇق بەردى.

① دۆلەتخانا ـــ بەدۆلەتنىڭ خەزىنىسىنىڭ نامى.

شۇ ئاندا، مىرغەزەپلەر جازالانغۇچىنىڭ يالىڭاچ دۈمبىسىگە تاياق بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى.

ئۇلار مەھبۇسنى نۆۋەت بىلەن ساۋىلاۋاتاتتى. جازالانغۇ-چىنىڭ نالە قىلىپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ۋايجان، ۋاي دات! مەن گۇناھسىز. ماڭا رەھىم قىلىڭلار! مېنىڭ قېرى ئانام، ئۇششاق بالىلىرىم بار، ۋايجان!... ماڭا... ئىچىڭلار ئاغرىس...ۇن... — ئۇنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى ئاجىزلاۋاتاتتى. ھەربىر ئۇرغاندا، بىچارىنىڭ تېنى تىتىلىپ، تېرىسى چۇۋۇقتا يېپىشىپ چىقاتتى، قانلىرى ھەر تەرەپكە چاچرايتتى.

يەتمىش بەش تاياق ئۇرۇلغاندىن كېيىن، مىرغەزەپلەر ئۇرۇشتىن توختىدى. مەھبۇسنى تۇتۇپ تۇرغان ئىككى مىرغەزەپ ئۇنىڭ قولىنى قويۇۋەتكەندى، ئۇ يەرگە يىقىلىپ چۈشتى ۋە مىرغەزەپلەرنىڭ ئاياغ - ئاستىدا ئۆلۈكتەك سونايلىنىپ يېتىپ قالدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئىككى مىرغەزەپ جازالانغان بۇ مەھبۇسنى پۇتىدىن سۆرىگەن پېتى ئاقسارايىنىڭ ئىچىدىكى زىندانغا ئېلىپ كىرىپ كەتتى.

قالغان ئۈچ مەھبۇسمۇ خۇددى ئالدىنقى مەھبۇستەك جازا-لىنىپ تاياققا بېسىلغاندىن كېيىن، مىرغەزەپلەر ئەسكى تاغارنى سۆرىگەندەك، ئۇلارنىڭمۇ پۇتىدىن سۆرىگەن پېتى بەدۆلەتنىڭ ئوردىسىدىكى زىندانغا سۆرەپ ئېلىپ كېتىشتى.

ئاقسارايىنىڭ دەرۋازىسى ئىككىنچى قېتىم ئېچىلدى. مىرغەزەپلەر ئاقساراي دەرۋازىسىدىن قوللىرى ئالدىغا قىلىپ

باغلانغان ئۈچ مەھبۇسنى ئېلىپ چىقىشتى.

— ۋاي بۇ ھېلىقى قارى شاھمەردان ئەمەسمۇ؟ ئاۋۇ ئىككىسى كىمدۇر؟ — دەپ سورىدى باياتىنقى پاجىئەلىك مەنزىرىنى كۆرۈپ تۇرۇشقانلاردىن بىرى.

— ئاۋۇلار سېلىم ساتارچى بىلەن ھېلىم داپەندە دېگەن داڭلىق مۇغەننىچىلەر①. ئەسلىدە ئۇلار ئەمىر ئىسلام جانابىي ئالىيلىرىنىڭ ھەمسۆھبەتلىرىدىن ئىدى. ئۇلار نېمە گۇناھ قىلغان بولغىيتتى؟ — دەپ جاۋاب بەردى بىرەيلەن شىۋىرلاپ تۇرۇپ.

ئاقساراي ئالدىغا يىغىلغان خالايىق ھاياجانلىنىپ گۇرۇلدەپ كېتىشتى. ئادەملەر بۇ ئۈچ مەھبۇسقا تەشۋىشلەنگەن ھالدا ئىچ ئاغرىتىپ قاراپ تۇرۇشاتتى، مەيدان يىڭنە چۈشۈپ كەتسە ئاڭلانغۇدەك دەرىجىدە تىمتاس ئىدى. كىشىلەر كۆز ئالدىدىكى بۇ ۋەھشىيلىكلەرگە قاراپ قېتىپ قېلىشقانىدى. چۈنكى، بۇ مەھبۇسلارنىڭ قوللىرىنىڭ ئالدىغا قىلىپ باغلىنىشلىرى ئۇلارنىڭ يەيدىغان رىزقىنىڭ تۈگەپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلدۈرەتتى.

ھۆدەيچى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانلارنىڭ ئات - جۆنلىرىنى سوراپ ئوقۇپ چىقتى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ بەدۆلەتنىڭ بۇ مەھبۇسلارنى ئۆلتۈرۈش ھەققىدىكى پەرمانى يېزىلغان قەغەزنى مىرشەپكە بەردى.

مىرشەپ ھۆدەيچىنىڭ قولىدىكى پەرماننى ئېھتىرام بىلەن ئالدى - دە، ئۇنى ناھايىتى چوڭ ئەدەب - ئىكرام بىلەن سۆيدى. ئاندىن قولىنى شىلتىپ جاللاتلارغا جازانى ئىجرا قىلىش بۇيرۇقىنى بەردى.

---

① مۇغەننىچى — مۇزىكانت.

ئۈچىسىدىكى قىسقا چاپىنىنىڭ ئېتىكىنى قايرىپ بەللىرىگە قىستۇرغان، پۇتلىرىغا ئۇزۇن قونچىلىق كۆن ئۆتۈك كىيگەن، باشلىرىغا شاپاق بۆك كىيىشكەن ئوتتۇرا بويلۇق تەمبەل جاللاتلارنىڭ كۆزلىرىدىن غالجىر ئىتنىڭ كۆزلىرىگە ئوخشاش قانخورلۇق ئۇرغۇپ تۇراتتى.

جاللاتلارنىڭ بىرىنىڭ قولىدا قىسقا، تىكەنلىك چويۇن چوقماق بار ئىدى. ئىككىنچىسىنىڭ بەل تاسمىسىدا ساغرا غىلاپلىق يېڭىسار پىچىقى ساڭگىلاپ تۇراتتى.

سەبەندىلىك شەبگەردىلەر مەھبۇسلار بىلەن جاللاتلارنى ئىككى تەرەپتىن قورشىۋېلىشقانىدى.

مىرشەپ ئۇلارنى باشلاپ مويتۇكزىغا① تەرەپكە ماڭدى. ئۇ ئاقسارايىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشكىلا، ئۇنىڭ ئاتچىسى ئۇ مىنىدىغان بىر ياسىداق ئاتنى ئالدىغا يېتىلەپ ئېلىپ كەلدى. بۇ يەربىلەن مويتۇكزىنىڭ ئارىسى ئاران ئۈچ يۈز قەدەم كەلسىمۇ، مىرشەپ ئاتقا مىنىپ ماڭدى. ئۇنىڭ كەينىدىن جاللاتلىرى ماڭدى. جاللاتلارنىڭ كەينىدىن بولسا مەھبۇسلارنى ھەيدەپ مېڭىشتى.

سېلىم ساتارچى بىلەن ھېلىم داپەندە ئۆزلىرىنىڭ ئۆلىدىغان جايىغا قەددىنى تىك تۇتۇپ، باتۇرلۇق بىلەن كېتىشىپ باراتتى. ئۇلارنىڭ چىرايى باشقىچىلا سۈرلۈك

① مويتۇكزا — شۇ چاغلاردا ئادەم ئۆلتۈرىدىغان مەيداننىڭ نامى.

كۆرۈنەتتى. ئۇلارگۇس - گۇس دەسسەپ كېتىپ باراتتى.

بۇلارنىڭ جەسۇرلۇقىنى كۆرگەن خالايىقنىڭ ھەممىسىلا قارا بېسىپ، بىردىنلا چۆچۈپ ئويغىنىپ، بۇ چۇشۇمۇ - ئوڭۇمۇ دەپ مەڭدەپ قوپۇپ كەتكەن ئادەمدەك ھاڭ - تاڭ بولۇپ قېلىشتى.

ئۈچىنچى مەھبۇس — قارى شاھمەردان ۋارقىراپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ ھەدەپ بەدۆلەتنى تىللايتتى:

— مەلئۇن ئەنجانلىق، نەپرەتلىك بەچچە، ھوي سېسىق قاۋان، ئەۋرەز پاقىسى، گەندە قۇرتى، چىۋىننىڭ پوقى! ئىلاھىم، قاساسىمىز تۇتقاي سېنى!

جاللاتلارنىڭ بىرى قولىدىكى چوقماق بىلەن ئۇنىڭ كاللىسىغا بىرنى ئۇرۇۋېدى. ئۇنىڭ ئۈنى بىردىنلا ئۆچتى - دە، بەدىنى لاكاسلاپ، بېشى ساڭگىلاپ قالدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇنىڭ جانسىز گەۋدىسىنى جاللاتلار سۆرەپ ئېلىپ مېڭىشتى.

ئۇلارنى ئاخىرى مويتۇڭزىغا ئېلىپ كېلىشتى. شەبگەردىلەر، مىرشەپنىڭ خىزمەتچىلىرى، بەدۆلەتنىڭ كۆزەتچىلىرى ئۆلتۈرۈلىدىغان مەھبۇسلار بىلەن جاللاتلارنى قورشاپ ئورنىۋېلىشتى.

مىرشەپ ئاتنىڭ ئۈستىدىن چۈشمەستىن قورشىۋېلىنغان توپنىڭ ئوتتۇرىسىنى بىر ئايلىنىپ چىقتى ۋە شۇنىڭدىن كېيىن بەدۆلەتنىڭ پەرمانىنى يېنىدىن چىقىرىپ كۆزىگە سۈرتتى - دە، ئاندىن يەنە سەللىسىنىڭ قېتىغا قىستۇرۇۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بەدۆلەت ئولتۇرىدىغان ئەينەكلىك سارايىنىڭ دېرىزىسىگە قاراپ قويۇپ، پېشىنى ئېگىپ تازىم قىلدى.

بىئەجەل كېتىشتىڭ!— دەپ پىچىرلىغىنىنى ئاڭلاپ قالدى ـ دە، ئاستا ھېلىقى ئادەمنىڭ يېنىغا سۈرۈلۈپ باردى ۋە قۇلىقىغا:

— ئاكا، بۇلار كىملەر؟ قانداق قىلىپ تۆھمەت قۇربانلىرى بولۇپ كەتتى؟— دەپ پىچىرلىدى.

— تىنچ!— ھېلىقى مويسىپىت ئەتراپىغا بىر قاردۋەت كەندىن كېيىن توپنىڭ ئىچىدىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقتى ـ دە، ھېلىقى يىگىتكە كەينىمدىن ماڭ دېگەندەك ئىشارەت قىلىپ قويۇپلا، ئالدى ـ كەينىگە قارىماستىن ياۋاغ① تەرەپكە يول ئالدى. ئۇلار بىرى ئالدىدا، بىرى كەينىدە بولۇپ سوڭدىشىپ مېڭىپ تۆمەن بويىغا كېلىشتى. ھېلىقى مويسىپىت ئادەم بىر مەجنۇنتالنىڭ تۈۋىدە زوڭزىيىپ ئولتۇردى ۋە ئۇچۇملىرى بىلەن سۇنى ئېلىپ يۈزىنى ئالدىرىماي يۇيدى. ھېلىقى يىگىتمۇ ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— ئۇكام، كونىلار: «كۈندۈزى گەپ قىلساڭ ئەتراپىڭغا باق، كېچىسى گەپ قىلساڭ قۇلاقنى قۇلاققا ياق» دەپتىكەن. بەدۆلەتنىڭ خۇپىيىلىرى② ماگدامدا بىر ئۇچراپ تۇرىدۇ. شۇڭا، بايا جاۋاب بېرىشكە ئەپسىز بولۇپ قالدى. خوش، ئۆزۈڭ كىم بولىسەن؟ نەدىن كەلدىڭ؟— دەپ ھېلىقى مويسىپىت سۆز باشلىدى.

— مەن تۇرپان تۈيۈقلۇق سەيدۇللا بولىمەن. قەشقەردىكى خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇغىلى كەلدىم. كېلىپلا بۇ پاجىئەنى كۆردۈم. چۈشىنەلمىدىمكى، بۇ ئادەملەر كىملەر؟ كانتۇ① ئەمەستۇ؟ مەگەركىم، ئۇلار كانتۇ بولمىغان بولسا، نېمە ئۈچۈن

---

① ياۋاغ — قەشقەر شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى بىر قوۋۇقنىڭ نامى. ھازىرمۇ ياۋاغ دېيىلىدۇ.

② خۇپىيە — مەخپىي ساقچى، ماراقچى.

ئۆلۈمگە بۇيرۇلدى؟ قانداق قىلىپ تۆھمەتنىڭ قۇربانلىرى بولۇپ قېلىشتى؟

— قارىسام، ئۆزۈڭمىغۇ بولىدىغان يىگىتتەك قىلىسەن. بولمىسا، مەدرىسىڭدە موللاڭدىن ساۋىقىڭنى ئالماي، بۇ ئىشلارنىڭ ئۇجۇر - بۇجۇرىنى بىلمەكچى بولۇپ يۈرمىگەن بولاتتىڭ! خەير. بۇ سىرنى ئۇقۇپ قالساڭ يامىنى بولماس. ئەمما، ئاغزىڭغا پەخەس بول. يوچۇن ئادەملەرنىڭ ئالدىدا تىلىڭنى چايناپ يۈرمىگىن. تىلىڭ بېشىڭغا چىقمىسۇن يەنە!

ھېلىقى مويسىپىت ئەتراپىدا يوچۇن ئادەملەرنىڭ يوق ئىكەنلىكىگە جەزم قىلغاندىن كېيىن، سۆزىنى باشلىدى:

— بەدۆلەتنى تىللاپ، قارغىغان مەھبۇس قەشقەرنىڭ داڭلىق بوز يىگىتلىرىدىن بولغان قارى شاھمەردان دېگەن كىشى بولىدۇ. قالغان ئىككىسىنىڭ بىرى سېلىم ساتارچى، يەنە بىرى ھېلىم داپەندە بولىدۇ. بۇ ئۈچى ئەسلىدە بەدۆلەتنىڭ ھەمسۆھبەتلىرى ئىدى. بەدۆلەتنىڭ داستىخىنى ئۇلارسىز ئېچىلماس، بەزمىسى ئۇلارسىز قىزىماس ئىدى. بىراق، بۇ جانىۋارلار ئېغىزىدىن كەتكەن! سېلىم ساتارچى بىلەن ھېلىم داپەندە بەدۆلەتنىڭ بىر بەزمىسىدە غەيۋەتكە ئارىلىشىپ قالغانلىقتىن، «ئەمىر ئىسلامغا تىل تەگكۈزگەن» دېگەن بەتنام بىلەن ئۆلتۈرۈلدى.

— قانداق غەيۋەتكەن ئۇ؟

— ئۇكام سەن مۇھەممەت موللام دېگەن مۇقامچىنى ئاڭلىمىغان بولساڭ كېرەك. ئۇ ئادەم بىلەن بۈگۈن ئۆلتۈرۈلگەن سېلىم ساتارچى ۋە ھېلىم داپەندە قوشۇلۇپ «ئۈچ مۇغەننەچى»

① كانتۇ — تۇرپان شىۋىسىدە ئوغرى، قاراقچى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

دەپ نامى چىققان، بىر كۈنى، ئۇلار بەدۆلەتنىڭ ھەرىمىدە ساز چېلىپ كەچ قالىدۇ. ئاخشىمى ئوردىدا قونۇپ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ قىلىشقان پارىڭىنى بۇلارنى كۆزەلمەي يۈرگەن يەنە بىر مۇغەننەچى ئاڭلاپ قالىدۇ. ئاڭلىشىمچە، ئۇلار بەدۆلەتنى «بەچچىۋاز» دېيىشكەنىكەن. ئەتىسى بۇ گەپ بەدۆلەتنىڭ قۇلىقىغا ھېلىقى مۇغەننەچى ئارقىلىق ئېقىتماي - تېمىتماي يەتكۈزۈلۈپتۇ. بەدۆلەت بۇ ئۈچىنى راسا سىياسەتكە تارتماقچى بولۇپتۇ - يۇ، ئەمما بۇ ئىشنى كېيىنگە قالدۇرۇپتۇ. ئۆزلىرىنىڭ تىرىك قېلىشىغا كۆزى يەتمىگەن مۇھەممەت موللام سىلىم ساتارچى بىلەن ھېلىم داپەندىگە تاغ ئارقىسىغا ئۆتۈپ كېتىشنى تەكلىپ قىلىپتۇ. ئەمما بۇ ئىككىسى بەدۆلەتنىڭ غەزىپىنى سەل چاغلاپ، تاغ ئارقىسىغا ئۆتۈپ كېتىشكە ئۇنىماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەت موللام ئۆزى يالغۇز يۇرتىنى تەرك ئېتىپ، ئىلى تەرەپلىرىگە كېتىپتۇ. بۇ ئىككى بىچارە بولسا، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، بەدۆلەتنىڭ خۇپىيەلىرى تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ زىندانغا تاشلاندى. بۈگۈن مانا ئۆزۈڭ كۆردۈڭ. بىئەجەل ئۆلتۈرۈلدى.

— ئەمىسە، ئاۋۇ قارى شاھمەردىنىڭىز نېمىشقا ئۆلتۈرۈلدى؟

— قارى شاھمەردان گەپكە ئۇستىلىقتا داڭق چىقارغان. بىراق، ئۇمۇ ئېغىزدىن كەتكەن. بەدۆلەتنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇپ، مانا بۈگۈن مويتۇڭزىدا بوغۇزلاندى.

— چىشىغا قانداق تېگىپتۇ؟

— قارى شاھمەردان گەپتە يولى كېلىپ قالسا، بەدۆلەت تۇرماق، دادىسىنىمۇ ئاياپ ئولتۇرمايدىغان تۈز سۆزلۈك بىر يىگىت ئىدى.

— بىر كۈنى، — دېدى مويسىپىت سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بەدۆلەتنىڭ ئەكابىر - ئەشرەپلىرى قاتناشقان بىر بەزمىسىدە ئۇ «ئامبال تەتىيىدىن قورقىدۇ» دېگەن بىر لەتىپىنى

سۈزلەپ بېرىدۇ. بۇ لەتىپە مانجۇلار زامانىسىدىكى بىر خان ئامبال توغرۇلۇق توقۇلغان لەتىپە بولۇپ، ئۇنىڭ «كۆۋرۈك ئاستىدا يېتىپ ئات ئۈركۈتكەن ئامبال»① دېگەن لەقىمى بار ئىكەن. بەدۆلەت بۇنى ئاڭلاپ «ماڭا دارتىملىدى» دەپ قاتتىق خاپا بولىدۇ. ئەسلىدە، بەدۆلەتنىڭ بېشىدىمۇ ئىككى ـ ئۈچ يەردە چېچەكنىڭ ئىزى بولۇپ، چاچ چىقمىغانىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بەدۆلەتنىڭمۇ تەتەي ئاغچىسى بار ئەمەسمىدى؟ بەزمە تۈگەپ، دۈئادىن كېيىن، بەدۆلەت بىر مەھرىمگە ئىشارەت قىلىپ قويىدۇ. ھېلىقى مەھرەم قېلىن پاختىلىق كۆلاغا ئورالغان قازاندەك بىر سەللىنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇنى قارى شاھمەردانىنىڭ بېشىغا كىيگۈزۈپ قويىدۇ. بەدۆلەت يەنە بىر ئىشارەت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يەنە بىر مەھرىمى چەمى قېلىن، ئېغىرلىقى ئون ئىككى جىڭ كېلىدىغان كەشنى ئېلىپ كېلىپ قارى شاھمەردانىنىڭ پۇتىغا كىيدۈرۈپ قويىدۇ. ھېلىقى كەشنىڭ پاشنىسى بىر غېرىچ، ئۆزى ئۇچلۇق بولۇپ، پۇتىنىڭ ئۇچى يەرگە تەگمىگۈدەك دەرىجىدە چوڭ ئىكەن. شۇندىن كېيىن، بەدۆلەت قارى شاھمەردانغا كېتىشكە ئىجازەت بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن بۇرۇنراق بازار ـ گۆزەرلەرگە جاكارچى چىقىرىلغانىكەن. جاكارچىلار: «ئەمىر ئىسلام ـ بەدۆلەت جانابىي ئالىيلىرى قارى شاھمەردانغا سوۋغاتىي مېھرىبانلىق قىلدى. ئۇ ھازىر كوچا ـ كوچىلاردا يۈرۈپ، جانابىي ئالىيلىرىنىڭ مۇبارەك ئىنئامىنى خەلقى ئالەمگە نامايەندە قىلماقچى. كىمەركىم قارى شاھمەرداننى پاراڭغا تۇتۇپ ياكى دۇكىنىغا كىرگۈزۈپ، خالايىقنى ئۇل مۇبارەك سوۋغىتى ئىنئامنى كۆرۈش پۇرسىتىدىن غاپىل قىلسا، قاتتىق جازاغا تارتىلىدۇ!» دەپ جاكارلايدۇ. قارى

① «كۆۋرۈك ئاستىدا يېتىپ ئات ئۈركۈتكەن ئامبال» — قەشقەر خان ئامبىلى كۈيىڭنى كۆرسىتىدۇ. تاز بولغانلىقتىن كىشىلەر ئۇنى شۇنداق دەپ ئاتىغان. ئۇ 1865 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئۆزىنى پارتلىتىپ ئۆلتۈرۈۋالغانىدى.

شاھەردان بۇ ئىشتىن بىخەۋەر بازارغا چىقىدۇ. ئۇ كىمنىڭلا قېشىغا بارسا، شۇ كىشى قىلىۋاتقان ئىش ـ ئوقىتىنى تاشلاپ بەدەر قاچىدۇ. بىرەرىگە گەپ قىلسا، يۈزىنى بۇراپ، تەتۈر قاراپ تۇرۇۋالىدۇ. ئۇ كىشىلەردىن: «ۋاي، مەن موخو بولدۇممۇ؟» دەپ سورىسا، ئۇلار تەتۈر قارىۋېلىپ جاۋاب بەرمەيدۇ. شۇنداق قىلىپ، شۇنچە ئاسمىنى كەڭ قەشقەردە قارى شاھەردانغا كىرىدىغانغا تۆشۈك، دەسسەيدىغانغا يەر چىقماي قالىدۇ. ئاخىرى ئۇ: «ئالىمىڭنى كەڭ ياراتتىڭ، زامانەڭنى تار، ئىتلىرىڭنى ھۆر ياراتتىڭ، مۈشۈكۈڭنى خار» دەپ قوشاق توقۇپ، شۇ ماڭغانچە، سەرگەردان بولۇپ، خوتەنگە بېشىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ. بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تاپقان نىياز ھېكىمبەگ «ئەمىر ئىسلام سىزگە چاقچاق قىلىپتۇ» دەپ ئۇنى ئالداپ تۇتۇۋېلىپ، قەشقەرگە ـــ بەدۆلەتنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىپ بېرىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي، بەدۆلەت ئۇنىمۇ «ئەمىر ئىسلامغا تىل تەگكۈزدى» دېگەن بەتنام بىلەن زىندانغا تاشلايدۇ. مانا بۈگۈن ئۇ بىئەجەل نابۇت بولدى. بۇنى ئۆزۈڭ كۆردۈڭ.

ـــ ئىلاھىم، ناھەق خۇن تۆككۈچىنىڭ گۆرىنى دوزاخ قىلغايسەن!ـــ دېدى ھېلىقى ياش يىگىت بۇ پاراڭنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن،ـــ بۇ يەردە ئىنساپ قېنى؟ ئادالەت قېنى؟

ـــ ھەي ئىنىم، ساددا ئىكەنسەن. ئىنساپ ـــ موللىلارنىڭ ئېغىزىدا، ئادالەت ـــ شەبگەردىلەرنىڭ سەبەندىسىدە قالدى. بەدۆلەت كىشىلەر ئارىسىدىكى نارازىلىقلارنى بېسىش ئۈچۈن، مەخسۇس گەپ ـ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، خاتىرىلەپ تۇرىدىغان خۇپىيىلەرنى ئورۇنلاشتۇردى. بەدۆلەت شۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن پۈتۈن ئەلنى ئىدارە قىلماقتا. شۇڭا، ئۇنى ھەممىسىلا ئۆزىنىڭ يېنىدا ھازىر تۇرغاندەك بىلىدۇ، ئىجازەتسىز بىر ئىشقا قەدەم قويۇشقا جۈرئەت قىلىشالمايدۇ. موللىلار، مۇپتىلار بەدۆلەتنىڭ پۈتۈن يامان ئىشلىرىنى تەخىرسىز «يىمىراق ـ يېقىندۇر»،

«كېچە - كۈندۈزدۇر» دېيىشىپ، پەتىۋالار بىلەن تەھقىقلاپ بېرىشىدۇ. بۇ خۇددى بۆرىنىڭ توشقانغا «قويىنى سەن يېدىڭ!» دەپ تۆھمەت قىلغىنىدەك بىر ئىش دېمەمسەن!

— بۇ ئىش قانداق بولغانىكەن؟

— بۇرۇن بىر تاغلىق يېزىدا بىر ئۇۋچى ئۆتكەنىكەن،— دەپ سۆز باشلىدى ھېلىقى مويسىپىت،— بىر كۈنى ئۇۋچىنىڭ قويى تۇيۇقسىزدىن يوقاپ كېتىپ، ئىز - دېرىكىنى قىلالماپتۇ. ئۇ قاتتىق غەزەپلىنىپ جاڭگال ئەھلىگە: «قويۇم يوقاپ كەتتى. قايسىڭ يەپ كېتىشكەن بولساڭ، دەرھال ئىقرار قىلىش، بولمىسا، ھەممىڭنىڭ ئەدىبىنى بېرىمەن!» دەپ تەھدىت ساپتۇ.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان بۆرە، تۈلكە قاتارلىق ھايۋانلار ئۇۋچىنىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ كېتىشتىن قورقۇپتۇ. ئەتىسى تۈلكە بۆرە بىلەن تىلنى بىر قىلىۋېلىپ، جاڭگال ئەھلىگە:

— ئەنە بۆرە بېگىمنىڭ ھۇزۇرىغا يىغىلىڭلار! مۇھىم كېڭەش بار!— دەپ جاكارلاپتۇ.

كېڭەشتە تۈلكە بۆرە بەگنى سۆزگە تەكلىپ قىلىپتۇ.

ئىككى كۆزى قانغا تولغان، ئاغزى - بۇرنى قان يۇقى بۆرە كانىيىنى قىرىپ قويغاندىن كېيىن:

— خالايىق! ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار! ئۇۋچى خوجامنىڭ بىر قويى يىتىپ كېتىپتۇ. كىم يېگەن بولسا ياكى يېگۈچىنى كۆرگەنلەر بولسا مەلۇم قىلسۇن. بولمىسا، ھەممىمىز ئۇۋچى خوجامنىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ كېتىپ قالىمىز!— دەپتۇ ۋە ئارقىدىنلا سورۇن ئەھلىگە بىر قۇر سەپسېلىپ قارىۋەتكەندىن كېيىن، ئاغزى - بۇرنىدىكى قان يۇقىنى بىر يالىۋېتىپ:

— مەن ئۇ قويىنى يېمىدىم ھەم يېگۈچىنى كۆرمىدىم!— دەپتۇ.

— مەنمۇ شۇنداق،— دەپتۇ تۈلكە مۇغەمبەرلىك قىلىپ تۇرۇپ،— قويىنى مەن يېمىدىم ھەم يېگۈچىنى كۆرمىدىم.

— مەنمۇ يېمىدىم،— دەپ ئۆزىنى ئاقلاپتۇ مولۇن.

— مەن ھەم شۇ! — دەپتۇ سۆسەر.

شۇنداق قىلىپ، گۆشخور ھايۋانلارنىڭ بىرسىمۇ قوينى يېگەنلىكىنى ئىقرار قىلىشماي، ئۆزلىرىنى بىر چەتكە ئاپتۇ. ئاندىن كېيىن، ئوتخور ھايۋانلارمۇ ھەر خىل سەۋەبلەرنى تېپىشىپ سۆزلەپ، ئۆزلىرىنى ھېچنېمە كۆرمىگەنگە چىقىرىپ، ياقىغا چىقىپ تۇرۇپتۇ.

ئەڭ ئاخىرىدا سۆزلىمىگەن ئۇزۇن قۇلاق، قورقۇنچاق توشقانلا قاپتۇ. ئۇ بىچارە بۈگۈنكى كېكەشىنىڭ مەقسىتىنىمۇ تۈزۈكرەك چۈشەنمەيدىكەن. ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس - يادى «بۆرە مېنى يەپ قويارمۇ؟» دېگەن جان قايغۇسىدا ئىكەن.

— ھە! ئۇزۇن قۇلاق! ھەممەيلەن ئۆز گېپىنى دەپ بولدى. سەن نېمىشقا كۆزلىرىڭنى چەكچەيتىپ، قۇلاقلىرىڭنى دىڭگايتىپ، بىر بۇلۇڭغا كىرىپلا كەتتىڭ؟— دەپ سوراپتۇ تۈلكە بىردىنلا قىستاپ.

توشقان بىچارە «ئەمدى مېنى يېۋېتىدىغان بولدى» دەپ تېخىمۇ قورقۇپ كېتىپ، تىلى كالۋالىشىپ، گەپ قىلالماي قاپتۇ.

شۇ چاغدا تېكەبايىنىڭ رەھمى كېلىپ، ساقاللىرىنى تىترىتىپ تۇرۇپ، توشقاننىڭ يېنىغا كېلىپتۇ - دە، مۈڭگۈزى بىلەن توشقاننىڭ بېقىنىغا ئاستا تۈرتۈپتۇ ۋە ئۇنىڭ قۇلىقىغا شىۋىرلاپ ئەقىل ئۆگىتىپتۇ:

— ھەي نادان ئۇزۇن قۇلاق! ھەممىسى بىر سەۋەب كۆرسىتىپ ئۆزلىرىنى ئاقلاپ قۇتۇلۇشتى. بۇنداق قورقۇپ جىم

ئولتۇرساڭ، ئاخىر بۇ تۆھمەت ساڭا توقۇلۇپ قالىدۇ. سېنىڭ گۆش يېمەيدىغانلىقىڭنى ھەممىسى بىلىشىدۇ. مۇشۇ سەۋەب بىلەن ئۆزۈڭنى ئاقلا! قوينى گۆشخور ھايۋانلار يېگەندۇر، دېگىن!

بىچارە توشقان تىترەپ ـ قاقشاپ ئەمدى ئېغىز ئاچاي دېيىشىگە:

ـ ھەي، ئۇزۇن قۇلاق! خۇدۇكسىنىپ ئۈنچىقمىغىنىڭغا قارىغاندا، قوينى سەن يېگەن ئوخشىمامسەن؟ ئېيتە! ـ دېگەن بۆرىنىڭ دەھشەتلىك ئۈنى پۈتۈن جاڭگالنى تىترىتىۋېتىپتۇ. توشقان ھوشىنى يوقىتىپ، تېخىمۇ مەڭدەپ تۇرۇپ قاپتۇ.

ـ راست، راست! ـ دېيىشىپتۇ كۆپلىگەن ھايۋانلار بۆرىنىڭ كېپىنى قۇۋۋەتلەپ ۋە پالاكەتنىڭ ئۆز بېشىدىن يىراقلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، ـ قوينى چوقۇم توشقان يېگەن! بولمىسا، ئۇ مۇنداق تىلىنى چاينىپ ئولتۇرامتى!

ـ قېنى، ئېيتە! ـ دەپتۇ بۆرە تېخىمۇ غالجىرلىشىپ.

ـ بولمامسەن، گومۇش! ـ دەپتۇ تۈلكە توشقاننى تېخىمۇ ئالدىرىتىپ.

ـ ئەمدى ئىقرار قىلمىساڭ زادى بولمىدى، توشقانجان، دەۋەتكىن، سېنى دەپ ھەممىمىز بالاغا قالمايلى! ـ دەپتۇ باشقا ھايۋانلار سالا ـ سۇلھ قىلىشىپ.

بۇ ئادالەتسىزلىكنى كۆرۈپ يۈرىكى ئېچىشىپ تۇرالماي قالغان تېكە باي شۇنچە جامائەتنىڭ توشقاننىڭ گۆش يېمەي ئوت يەيدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ، ھەقىقەتكە كۆز يۇمغانلىقىنى، توشقاننىڭ قاراپ تۇرۇپ تۆھمەتنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، غەزەپلىنىپ كېتىپتۇ ـ يۇ، ئەمما، ئوتتۇرىغا سەكرەپ چىقالماپتۇ. چۈنكى ئۆيىدە خوتۇنى ئۆشكىخان يېڭى تۇغۇتلۇق ئىكەن،

ئوغلاقچانلار يىغلاپ قالغانىكەن. شۇڭا، ئۇ ئۆزىنىڭ ھەقىقەتنى ياقلايمەن دەپ، ئوتتۇرىغا دوڭغىيىپ چىقىپ قىلىشىدىن، ئائىلىسىگە بىرەر پالاكەت يېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئىلاجىسىز جىم تۇرۇپتۇ.

بۇ چاغدا توشقانمۇ جان قايغۇسىدا ھوشىنى تېپىپتۇ، غەيرەتلىنىپ ئۆزىنى ئاقلىماقچى بولۇپتۇ. لېكىن، ئۇ ئەمدىلا ئېغىز ئاچاي دەپ تۇرۇشىغا، بۆرىنىڭ دەھشەت بىلەن ھومىيىپ پارقىراپ كەتكەن قانخور كۆزلىرىنى كۆرۈپ قاپتۇ - دە، قورقىنىدىن لاسىدە بوشاپ كېتىپتۇ، ئاغزىدىن بولسا، دېمەكچى بولغان سۆزىنىڭ ئەكسى چىقىپتۇ.

— قوينى مە... مە... مەن يې... يې... يېدىم.

شۇنداق قىلىپ، توشقان قورقۇنچاقلىقىنىڭ كاساپىتىدىن، ياۋۇز بۆرىنىڭ تۆھمىتىنىڭ ئېچىنىشلىق قۇربانى بولۇپ كېتىپتۇ...

كىشىلەر بايامقى پاجىئەنى ئۇنتۇپ قېلىشقانىدەك، يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ ئىش - ئوقەتلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇشۇۋاتاتتى. مويسىپىتمۇ ھېلىقى يىگىت بىلەن خوشلىشىپ، تۆشۈك دەرۋازىسى تەرەپكە قاراپ كەتتى. تۈرلۈك يېمىش ۋە تاتلىق - تۈرۈملەرنى ساتقۇچى يۈزلىگەن ئادەملەر ھېيتگاھ مەيدانىغا قاراپ يۈگۈرۈشۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلار ھېيتگاھقا يېقىن كوچىلاردا، دوقمۇشلاردا قوللىرىدا ئۆزلىرىنىڭ ساتىدىغان نەرسىلىرىنى جايغا باشقىلاردىن ئىلگىرى بىرىنچىلىش ئۈچۈن، بىر - بىرىنى ئىتتىرىشىپ، يىقىتىپ - چەيلىشىپ، ئۇلەر - تىرىلىشىگە باقماي، يۈگۈرۈشۈۋاتاتتى.

مەيداندا ئۇششاق تىجارەتچىلەر مانا مۇشۇنداق

ئوپۇر - توپۇر بولۇشۇۋاتقاندا، ئاقسارايىنىڭ كۆۋرۈكىدە ئەمىر ئىسلام، بەدۆلەت جانابىي ئالىيلىرىنىڭ رۇخسىتى بويىچە ئۆيلىرىگە قايتىشقان مەنسەپدارلار پەيدا بولۇشتى. بۇ مەنسەپدارلارنىڭ قارىسى كۆرۈنەر - كۆرۈنمەستىنلا، خوجايىنلىرىنى ساقلاپ تۇرۇشقان چاكارلىرى ئاتلىرىنى يېتىلىشىپ ھېچنېمىگە قارىماستىن ئاقسارايىنىڭ ئالدىغا قاراپ يۈگۈرۈشتى.

مەنسەپدارلارمۇ ھەممىدىن بۇرۇن قايتىشقا ئالدىراپ، بىر - بىرلىرىنى ئىتتىرىشىپ، پۇتلىرىغا ئورىلىپ قالغان تونلىرىنىڭ ئېتەك - پەشلىرىگە دەسسىشىپ، ئۆز ئاتلىرىغا قاراپ يۈگۈرۈشتى. بۇ مەنسەپدارلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزلىرىگە چۇشلۇق مەنسەپ - ئۇنۋانى، دەرىجە - نىشانلىرى بار ئىدى. شۇڭا، دەرىجىسى چوڭلىرى ئۆزىدىن تۆۋەنرەكلىرى-نىڭ كەينىدە قېلىشنى خالىمايتتى.

مەنسەپدارلارنىڭ ئاۋۋال يېتىپ بارغانلىرى ئۆز ئېتىغا مىنىشى بىلەنلا، باشقا ئاتلىقلاردىن ئۆتۈپ كېتىش ئۈچۈن، قولىدىكى قامچىسى بىلەن يېنىدىكى ئاتلارنىڭ كاللا - باشلىرىغا ئۇرۇشقا باشلايتتى. ئاتلار قامچىنىڭ زەربىسىدىن ئالدى پۇتلىرىنى كۆتۈرۈپ سەكرەپ كېتەتتى. بەزىدە بۇ قامچىلار ئادەملەرگىمۇ تېگىپ كېتەتتى. بۇنداق ئالا - توپىلاڭدا مەنسەپدارلار بىلەن تىجارەتچىلەر ئارىلىشىپ كېتىپ، تىجا-رەتچىلەرنىڭ بېشىدىكى، قولىدىكى ۋە ئالدىدا تۇرغان پەتنۇس، تەۋەكلەردىكى تىزىقلىق نەرسىلىرى ئۆرۈلۈپ كېتىپ، مەنسەپدارلارنىڭ ئاياغ - ئاستىدا قېلىپ كېتەتتى. تىجارەتچىلەر بۇ مەنسەپدارلارنى ئارقىسىدىن

تىلىلاپ، قارغاپ، يەرگە چىچىلغان نەرسىلەرنى تېرىپ، توپا - چاڭلىرىنى يەڭلىرى بىلەن ئېرتىپ، ئاغزى بىلەن پۈۋلەپ، ئۇلارنى يېڭىباشتىن پەتنۇس ۋە تەۋەڭلىرىگە سېلىپ، خېرىدارلارنى چىللايتتى.

تىجارەتچىلەر تېخى ئورۇنلىشىپ بولمىغانىدى. يۇمىلاق شەھەر كۆلىبېشى① تەرەپتىن مەشكاپچىلار (سۇچىلار) چىقىپ كېلىشتى. ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسى يوغان ئىككى سوغا ئارتىلغان ئېشەكلىرىنى ئالدىلىرىغا سېلىۋېلىپ: «خىخ! ۋۇ قوتۇرا!» دېيىشىپ ھەيدەپ كېلىشىۋاتاتتى.

ئېشەكلەر ئېگىز لىڭگىرچاقنىڭ ئۈستىگە توغرا قويۇلغان يوغان بالداقنىڭ ئىككى ئۇچىغا ئېسىلغان يوغان سوغىلار بىلەن تىجارەتچىلەر قاتارىغا كىرىپ كەلدى - دە، ئۇلارنىڭ پەتنۇس، تەۋەڭلىرىنى ئىككىنچى رەت ئۆرۈپ تاشلىدى.

قورسىقى ئېچىپ كەتكەن بىر يولۇچى زاسۇيپەزدىن قوينىڭ بىر شىرىقىنى سېتىۋېلىپ، تازا ئىشتەي بىلەن غاجاپ ئولتۇراتتى. سوغا ئارتىلغان بىر ئېشەك زاسۇيپەزنىڭ يېنىدىن ئۆتۈۋېدى، ئۇڭ تەرىپىدىكى سوغا مىس پەتنۇسقا تېگىپ كېتىپ، ئۇنىڭدا تىزىقلىق تۇرغان كاللا - پاقالچاقلار يەرگە چۈشۈپ كەتتى. زاسۇيپەز سۇچىنى قاچۇرۇپ قويماي دەپ، بىر قولى بىلەن ئۇنىڭ ياقىسىدىن ئالدى - دە، يەنە بىر قولى بىلەن يەردىكى توپىغا مىلىنىپ بەزەپ بولۇپ كەتكەن كاللا - پاقالچاقلارنى يەردىن ئېلىپ، چاپىنىنىڭ پېشىگە سۈرتۈپ يىغىشقا باشلىدى....

---

① يۇمىلاق شەھەر كۆلىبېشى — شۇ چاغلاردا قەشقەر شەھرىنى ئىچىدىغان سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان چوڭ كۆلنىڭ نامى. بۇ كۆل ھازىرمۇ بار.

نەزمە:

تۇردىسەن رەزىل زالىم رەڭگىڭ قىچىپ،
بىز قالدۇق زۇلمىڭدا ئازاب چېكىپ.
ئارمانىمىز بۇ دۇنيادىن ئۆتەر ئىدىم،
بىر قوشۇق قېنىڭنى مەن كەتسەم ئىچىپ.

— تاڭجارىق جولدىباي

# يەتتىنچى باب

## ئەنگلىيە ئەلچىلىرى بەدۆلەتنىڭ ھوزۇرىدا

مىلادى 1873 - يىلى ياز پەسلى.

ھىندىستاننىڭ كالكۇتتا شەھىرى، ھۆكۈمەت بىناسى.

ئىشىك يېنىك چېكىلدى. ئىجازەت بېرىلگەندىن كېيىن، ئاق بەرقۇت بىلەن قاپلانغان ئىشىك يېنىك ئېچىلدى. كاتىپ كۈمۈش پەتنۇستا «كىنتاۋۇر» ماركىلىق ۋىسكىدىن بىر رومكا ۋە پېچەتلەنگەن بىر ئالاقىنى كۆتۈرۈپ كىردى - دە، باش ۋالىي بارون نۇسبېرىگ جانابلىرىنىڭ ئۈستىلىگە قويۇپ قويدى، كېيىن ئارقىچە مېڭىپ، بەرقۇت ئىشىكنى يېنىك ياپتى - دە، چىقىپ كەتتى. بارون نۇسبېرىگ ۋىسكىنى بىر ئوتلام ئوتلىغاندىن كېيىن، ئالاقىنى ئېچىپ كۆرۈشكە باشلىدى:

«ھىندىستاندىكى گۆھەر ئوردېنلىق چوڭ لورد①، ھىن
دىستان باش ۋالىيسى، پادىشاھلىق زوراغالىق مەھكىمىسى
نىڭ زوراغاسى بارون② نۇسبېرگ. توماس. جورج باللىن
جانابلىرىغا:

ئەڭ ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرۈش بىلەن بىللە، بىزدىن سىز جانابلىرىغا مەلۇم بولغايكى، ئەنگلىيە پۇقراسى سىر توماس. دوگراس. فورسېت ئەپەندى بۈيۈك برىتانىيە ۋە ئىرلاندىيە كورولىۋاسى ۋىكتورىيە ئالىيلىرىغا دوكلات ئەۋەتكەنىكەن. پادىشاھلىق زوراغالىق مەھكىمىسى ئويلىشىپ كۆرگەندىن كېيىن، سىر فورسېت ئەپەندىنىڭ قارىشىغا قوشۇلدى. ھازىر سىر فورسېت ئەپەندىنىڭ كورولىۋا ئالىيلىرىغا ئەۋەتكەن دوكلاتىنىڭ كۆپىيىسىنى سىز ھۆرمەتلىك جانابىغا ئەۋەتتۇق. ئىمكانىيەت يار بەرگەن دائىرە ئىچىدە ئويلىشىپ بىر تەرەپ قىلىشىڭىزنى ھەمدە بۇ ئىشنىڭ نەتىجىسىنى پادىشاھلىق زوراغالىق مەھكىمىسىگە يوللىشىڭىزنى بۇيرۇيمىز.

بۈيۈك برىتانىيە ۋە ئىرلاندىيە پادىشاھلىق
زوراغالىق مەھكىمىسى. (تامغا)

كاتولىك كالېندارى بويىچە 1869 - يىل 6 - ئاينىڭ
25 - كۈنى»

باش ۋالىي نۇسبېرگ ئالاقىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، قىزىل سىر بىلەن پېچەتلەنگەن، يىپەك بوغقۇچ بىلەن

① لورد — ئەنگلىيە پادىشاھلىق جەمەتىنىڭ خىزمەت كۆرسەتكەن ئەمەلدارلارغا بېرىدىغان مەرتىۋە نامى. ئادەتتە مىراس قالمايدۇ.

② فېئوداللىق مەرتىۋە، دەرىجە نامى. 4 - دەرىجە.

چىرايلىق چىگىلگەن خەتنى قولىغا ئالدى ـ دە، ئالماستىن كۆز قويۇلغان پىل چىشى ساپلىق خەنجىرى بىلەن بوغقۇچنى كەستى. ئاندىن خەتنى ئوقۇشقا باشلىدى:

«بۈيۈك برىتانىيە ۋە ئىرلاندىيە پادىشاھلىق زوراغالىق مەھكىمىسى خارجى ئىشلار ھەيئىتى ئارقىلىق كورۇلىۋا ئالىيلىرىغا:

مەلۇم بولغايكى، قارا قۇرۇم تاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى «سانى بۇخارا»① دەپ ئاتالغان قەشقەرگە بېرىپ سودا قىلىپ كەلگەن ھىندىستانلىق سودىگەرلەردىن ئۇقۇشىمىزچە، بۇ ئۆلكىدە يېڭى، ئاجايىپ ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەن. مانجۇلار ئۇ يەرلەردىن قوغلاپ چىقىرىلغان. قوقاندىن كەلگەن يېڭى بىر پادىشاھ تەختتە ئولتۇرغان. گەرچە پىچاقنىڭ بىسىدەك خەتەرلىك قارا قۇرۇم تاغلىرى بىلەن كۈئېنلۈن تاغلىرىدىن بۇ چاغقىچە ئىنگلىزلاردىن ھېچكىم ئۇ ياققا ئۆتۈپ باقمىغان بولسىمۇ، ئەمما «ئالتە شەھەر» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ ئەلدىكى خوتەن، سانجۇ ئەترابلىرىدىكى جايلاردىن لاداق② قا سودىگەرلەر پات ـ پات كېلىپ تۇرغان. ئۇلار ئېلىپ كەلگەن خەۋەرلەر ئانچە ئىشەنچلىك بولمىسىمۇ، ھەرھالدا بىز بۇ ئەلنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋالىدىن، مەسىلەن، ئۇ يەردە تىنچلىق ئورنىتىلغانلىقى ياكى ئۇرۇش بولۇۋاتقانلىقى، خەلقنىڭ رازى ياكى نارازى ئىكەنلىكىدىن ئاز ـ تولا خەۋەردار بولۇپ تۇردۇق. يېقىندا ئەنگلىيە پۇقراسى ئادۇلف . شىراگىن. ۋات ئەپەندى يەكەنگە بارغاندا، شۇ يەردىكى ۋەلىخان تۆرىنىڭ پاترول قىسىملىرى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنغان ھەمدە بۇ بەڭگى تۆرە تەرىپىدىن كېيىپچىلىكتە

① قەشقەر ـــ شۇ چاغلاردا «سانى بۇخارا» (ئىككىنچى بۇخارا) دەپمۇ ئاتالغان.

② لاداق ـــ كەشمىر بىلەن جۇڭگو چېگرىسىدىكى بىر شەھەرنىڭ نامى.

ئۆلۈمگە بۇيرۇلغان. ۋات ئەپەندىنىڭ خىزمەتچىلىرى دەرھال ئۇنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئېلىپ لاداققا قېچىپ كەلدى. كاتولىك كالېندارى بويىچە 1868 - يىلى يازغا كەلگەندە، ئۇندىن بىز مانجۇلارنىڭ قەشقەرىيەدىن قوغلاپ چىقىرىلغانلىقىدىن ۋە ياقۇپبەگنىڭ «ئاتالىق غازى» دېگەن نام بىلەن بۇ يەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپتۇق. بۇ خەۋەر بىزگە ئاشۇ «ئاتالىق غازى» دەپ ئاتالغان ياقۇپبەگ ماھمۇد نەزەر دەيدىغان بىر ئادەمنى ئۆزىنىڭ ئەلچىسى قاتارىدا پەنجاپقا ئەنگلىيىگە قارام زېمىنلىرىمىزنى بىلىپ كېلىشكە ئەۋەتكەندە، ئۇنىڭ لاداقتا تۇرۇۋاتقان روبېرت . شاۋ ئەپەندىگە سۆزلەپ بەرگەنلىرىدىن مەلۇم بولدى. ماھمۇد نەزەر دېگەن كىشى دۆلىتىمگە قايتىدىغان چاغدا، مەزكۇر روبېرت . شاۋ ئەپەندى ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ قەشقەرىيەنى زىيارەت قىلىپ، يىراق - يېقىندا داڭق چىقارغان ئاتالىق غازىنى كۆرۈپ كېلىش نىيىتىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرگەندە، ماھمۇد نەزەر ئەپەندى ئۇنىڭ تەلىپىنى قىزغىن قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئەمما، ئېھتىيات يۈزىسىدىن ئەڭ ياخشىسى ئاتالىق غازىنىڭ رەسمىي ماقۇللۇقىنى ئالغان-دىن كېيىن جاۋاب بەرسەك، دېگەن.

روبېرت . شاۋ ئەپەندى تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ 1868 - يىلى 12 - ئاينىڭ باشلىرىدا، قەشقەرىيە زېمىنىغا قەدەم باستى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ قەشقەرگە كىرگەن تۇنجى ئىنگلىز بولۇپ قالدى. روبېرت . شاۋ ئەپەندى قەشقەرگە بارغاندىن كېيىن، ياقۇپبەگ ئۆزىنىڭ قەشقەردىكى ئوردىسىدا ئۇنى ئالاھىدە قوبۇل قىلغان ھەمدە: «بىز دوست بولۇپ قالدۇق. سىزنىڭ دۆلىتىمىزگە ساق - سالامەت يېتىپ كەلگەنلىكىڭىزگە بىز بەكمۇ خۇشال» دېگەن. روبېرت . شاۋ ئەپەندى شۇ قېتىمقى سەپىرىدە قەشقەردە جەمئىي ئۈچ ئاي

تۇرغان. بۇ جەرياندا، ئۇ قەشقەرىيە ئارقىلىق غۇلجىغا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇخاراغا بارىدىغان سودا يولى ئۈستىدە ئەتراپلىق ئەھۋال ئىگىلىگەندىن تاشقىرى، ھىندىستانغا يېقىن بولغان خوتەن بىلەن دۆلىتىمىز ئوتتۇرىسىدىكى قاتنىشى سودىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ ئىمكانىيەتلىرى ئۈستىدە ئىزدەنگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ يەرلەر قەدىمدىن تارتىپ داڭلىق بولۇپ كېلىۋاتقان تاتار قويى چىقىدىغان ئاساسلىق رايونلار بولغاچقا، قوي يۇڭىلا بىر تۈرلۈك ئاساسىي خام ئەشيا بولۇپ قېلىش ئىمكانىيىتىگە بەكمۇ يېقىن ئىدى. يەكەن، قەشقەر، ئاقسۇدەك ئاھالە زىچ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا مانچېستىر① ماللىرى بىلەن ھىندىستان چايلىرى كەڭ ئىستىقبالغا ئىگە.

لېكىن، ئۇزاقتىن بۇيان بىزنىڭ بۇ مەسىلىدىكى بىخەستەلىكىمىز نەتىجىسىدە، چارروسىيە ئۇلار بىلەن بىرنەچچە شەرتنامە ئىمزالاشقا مۇۋەپپەق بولغان ھەمدە دىپلوماتىيە جەھەتتە ئۈستۈنلۈك ئىشلىتىپ، مانجۇ ئىمپېراتورلۇقىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى قورۇلۇن② دىن تارتىپ ئۈرۈمچى، ماناس، چۆچەك، غۇلجا ۋە قەشقەرىيىگە قەدەر بولغان كەڭ بازارنى قولغا كەلتۈرۈۋالغان. ئەسلىدە ئەنگلىيە سودا جەھەتتە مانجۇ ئىمپېراتورلۇقىنىڭ ئىچكى بازارلىرىنى ھىندىستان ۋە كەشمىر تەرەپتىن بېرىپ ئېچىشتا چارروسىيىدىن كۆپ ئەۋزەللىككە ئىگە ئىدى ۋە تامامەن شۇنداق قىلالايتتى. كۆپىنچە ھاللاردا، سىياسىي پائالىيەتلەر ئومۇمەن سودا تەۋەككۈلچىلىكىنىڭ كەينىدىنلا ئېلىپ بېرىلىسىمۇ، ئەمما، بىز مانجۇلار بىلەن

① مانچېستىر — ئەنگلىيىنىڭ بىر چوڭ سانائەت شەھىرىنىڭ نامى. توقۇمىچىلىقى بىلەن مەشھۇر.

② قورۇلۇن — موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى ئۇلانباتورنىڭ بۇرۇنقى نامى.

مۇناسىۋەت قىلغانىدا. دەل ئۇنىڭ تەتۈرىسىچە ئىش قىلدۇق. ئەسلىدە سىياسىي تەكلىپ ۋە دىپلوماتىك ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق سودىغا يول ئېچىش تامامەن مۇمكىن ئىدى...»

باش ۋالىي نۇسبېرىگ توماس. دوگراس. فورسېتنىڭ دوكلاتىنى كۆرۈپ بولغاندا، گېرىنۋىچ① ۋاقتى سائەت 12 گە ئون مىنۇت قالغانىدى. ئۇ كاتىپقا ئۆزىنىڭ دوگراس. فورسېت ئەپەندىنى دەرھال قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ قەشقەرىيىگە ئەۋەتىلىدىغان ئەلچىلەر ئۆمىكىدىكىلەرنىڭ ئىسىملىكىنى تەييارلىغاچ كېلىشىنى ئۇقتۇرۇپ قويۇشنى جېكىلىدى، كېيىن، پالىمىزارلىقتا ئۆتكۈزۈلىدىغان بالغا كەتتى.

9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، پاس ئوردېنى بىلەن تارتۇقلانغان، ھىندىستان ئالتۇن يۇلتۇز كاۋالېرىيىسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك سىرى② توماس. دوگراس. فورسېت ئەلچىلەر ئۆمىكىنى باشلاپ لاداققا يېتىپ كەلدى. بۇ ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ تەركىبىدە، باش ئەلچى فورسېتتىن باشقا يەنە باش ئەلچى ئورۇنباسارى، ھىندىستان ئالتۇن يۇلتۇز كاۋالېرىيىسىنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك سىرى، كوماندىر، پودپولكوۋنىك گوردۇن، ھىندىستان ئالتۇن يۇلتۇز كاۋالېرىيىسىنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك سىرى، ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ مايور دەرىجىلىك تىببىي خادىمى دوكتور بىللېۋ، ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ كاتىپى كاپىتان چاپمان، خەرىتە سىزىش ۋەزىپىسىنى ئۈز ئۈستىگە ئالغان توپوگراف، كاپىتان تىروتتېر ۋە كاپىتان بىدولىف، جۇغراپىيىون، دوكتور

① گېرىنۋىچ — ئەنگلىيىنىڭ لوندون شەھرىنىڭ سىرتىدىكى بىر جاينىڭ نامى. 0° مېرىدىئان سىزىقى شۇ يەرنى كېسىپ ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن، خەلقئارادا گېرىنۋىچ ۋاقتى ئۆلچەملىك ۋاقىت قىلىنغان.

② سىر — ئاقسۆڭەكلەرگە بېرىلىدىغان مەرتىۋە نامى. ئادەتتە مىراس قالمايدۇ.

ستولىزكا ①، ئېگىزلىك قىسىملىرىنىڭ بىر تۆۋەن دەرىجىلىك ئىنگلىز ئوفىتسېرى ۋە كەشمىرلىك ئالتە ئوفىتسېر ھەم تاغ يوللىرىغا پىششىق بىرقانچە ياردەمچىلەر، ھىندىستان چېگرا پولكىدىن ئاجرىتىلغان ئون ئاتلىق ئەسكەر ۋە ئون پىيادە ئەسكەردىن تەشكىل قىلىنغان بىر مۇھاپىزەتچى ئەترەت بار ئىدى. سودىگەر دارا. سېنگ ئەپەندى قوشۇمچە ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ مالىيەسىگە مەسئۇل ئىدى. سوۋغا - سالاملارنى ۋە ئۆمەكنىڭ يۈك - تاقلىرىنى قەشقەرىيىگە ساق - سالامەت يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن، ئەلچىلەر ئۆمىكىگە يەنە يۈز تۇياق ئالاھىدە تاللانغان قېچىر سەپلەپ بېرىلگەنىدى. شۇڭا، كىشىلەر ئەلچىلەر ئۆمىكىنى «ئادىمى ئۈچ يۈز، ئۇلىغى تۆت يۈز، چېدىر - بارگاھلىق قوشۇن» دەپ تەرىپلىگەنىدى.

فورسىت باشچىلىقىدىكى ئەلچىلەر ئۆمىكى 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى لاداقتىن يولغا چىقىپ، 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى جۇڭگو تەۋەسىدىكى شەھىدۇللا② دېگەن جايغا يېتىپ كېلىشتى. بەدۆلەتنىڭ خارجى ئىشلارغا مەسئۇل بولغان ئەمەلدارلىرىدىن بىرى بولغان ئەھرارخان تۆرە بىلەن ھەربىي قىسىملىرىنىڭ باشلىقلىرىدىن بىرى بولغان مۇھەممەت زەرب يۈز بېشى ئەلچىلەر ئۆمىكىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئالاھىدە چېگرىغا كېلىپ تۇرغانىكەن. بەدۆلەتنىڭ جىيەنى سەئىد مۇھەممەت ياقۇپخان تۆرىمۇ ئەسلىدە مۇشۇ يەردە ئىكەن. ئەمما ئۇ كۆتۈۋېرىپ، ئەلچىلەر

① دوكتۇر ستولىزكا قاراقۇرۇم ئېغىزىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، ئېگىز تاغ رېئاكسىيىسى بىلەن ئۆلۈپ كەتتى.

② شەھىدۇللا — قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى بىر تاغلىق يۇرت. ئەسلىدە ناھىيىگە تەۋە بىر جاي ئىدى، كېيىن خارابىلاشقان.

كەلمىگەنلىكتىن، ئاخىرى لاداققا كېتىپ قاپتۇ، ئەلچىلەر بۇ يەردە تۆت كۈن دەم ئالغاندىن كېيىن، ئەھرارخان تۆرە، مۇھەممەت زەرب يۈز بېشى قاتارلىقلارنىڭ ھەمراھلىقىدا، گېرىم ئېغىزى ئارقىلىق سانجۇ داۋىنىدىن ئۆتۈپ سانجۇغا يېتىپ باردى، سەئىد مۇھەممەت ياقۇپخان تۆرىمۇ كەينىدىن يېتىشىپ كېلىپ ئۇلارغا قوشۇلدى.

ئەلچىلەر ئۆمىكى غىلتاڭ تاشلىق سايدا ئۇدا بىرنەچچە كۈن ماڭغاندىن كېيىن، پاكىزە ئاق قار بىلەن قاپلانغان پايانسىز دالا — ئاقسايچىنغا يېتىپ كەلدى. ئاقسايچىن كۆز يەتكۈسىز يەرلەرگىچە سوزۇلۇپ بېرىپ، ئاخىرى ئېگىز - پەس قارا قۇرۇم تاغ تىزمىلىرىغا تۇتىشىپ كېتەتتى. قارا قۇرۇم تاغلىرى كىشىنىڭ كۆز ئالدىنى خۇددى ئېگىز بىر تام توغرا توسۇپ تۇرغاندەك توسۇپ تۇراتتى. كۆكنى يارغان چوققىلار تىنىق، كۆك رەڭلىك ئاسماندا ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنەتتى. ئەلچىلەر ئۆمىكى قاراقۇرۇم ئېغىزىدىن ئۆتكۈچە، سەككىز قېچىر بىلەن تۆت ئات ھاڭغا چۈشۈپ كەتتى. تاكى گېرىم ئېغىزىدىن ئۆتكەندىلا، ئەلچىلەر ئۆمىكى قەشقەرنى يېنىڭ دەل - دەرەخلىك تۈز يولى بىلەن مېڭىشقا مۇۋەپپەق بولالىدى.

ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ قەشقەرىيىگە كېلىۋاتقانلىقىدىن بۇ يەردىكى كىشىلەر بۇرۇنلا خەۋەر تاپقانىدى. مۇنچىۋالا كۆپ ئەجنەبىيلەرنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقان ئۇيغۇرلار ئۇلار بارغانلىكى جايدا، «ماۋۇ گادايلارنىڭمۇ بىزگە ئوخشاش ئىككى كۆزى، ئىككى قۇلىقى، بىر بۇرنى، بىر ئېغىزى بار ئىكەنغۇ!» دېيىشىپ، ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋالاتتى. ئالمادىن ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بەزى جايلاردا تېخى ئەلچىلەر ئۆمىكىگە مەخسۇس ساقچىلارمۇ قوشۇپ بېرىلدى.

ئەلچىلەر ئۆمىكى قاغىلىق، يەكەن، يېڭىسار قاتارلىق

جايلارنى بىسىپ ئۆتكەندىن كېيىن، 1873 - يىل 12 - ئاينىڭ 4 - كۈنى قەشقەر شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. ئۇلار، قەشقەر كوچىلىرىنىڭ رەتلىكلىكىنى، رەستىلىرىنىڭ ئاۋاتلىقىنى، كوچىلارنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئېرىق بويلىرىدا ئۆسكەن باغجاللاپ كەتكەن چىنارلارنى، ئەتىگەندىلا تەكشى سۇ سېپىلىپ، چاڭ - توزانسىز پاكىزە تۇرىدىغان كوچىلارنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشتى. ئەھرارخان تۆرە ئۇلارنى چىنەباغدىكى ئالىي مۇساپىرخانىغا ئورۇنلاشتۇردى. مۇساپىرخانا گۈلەخقە ① يېقىن ئىدى.

مىلادى 1873 - يىل 12 - ئاينىڭ 4 - كۈنى (ھىجرىيە 1289 - يىلى) بەدۆلەت ئۆزىنىڭ ئاقسارايىدىكى ئەيىنەكلىك زالىدا ئەنگلىيە ئەلچىلىرىنى قوبۇل قىلدى. ئۇلارنى شاھنىشىنگە باشلاپ ئېلىپ كىردى. باش ئەلچى سىر توماس، دوگىلاس. فورسىيت دەرھال بىر پۈتىنى ئالدىغا چىقاردى - دە، بەدۆلەتكە قاراپ تەزىم قىلدى ۋە ئوڭ قولىدىكى پەي تاقىغان شىلەپىسى بىلەن بوشلۇققا ئەدەب بىلەن بىر دائىرىنى سىزىپ، ئاندىن شىلەپىسىنى كۆكسىگە تەگكۈزۈپ ھۆرمەت بەجا كەلتۈردى. ئاندىن كېيىن ئىنگلىزچە سۆزلەشكە باشلىدى. ئەھرارخان تۆرە بىر تەرەپتە ئۇنىڭ سۆزىنى ئۇيغۇرچىغا ئاغدۇرۇپ تۇردى.

— قەشقەرىيە ھۆدۇتلۇقىنىڭ ئەمىرى، ئاتالىق غازى، بەدۆلەت مۇھەممەت ياقۇپخان جانابىي ئالىيلىرىغا ئەڭ ئالىي ئېھتىرامىمىزنى بىلدۈرىمىز، مەلىكە ئالىيلىرى بىزنى دوستلۇق، تىنچلىق، سودا ۋە بۇرادەرلىك ئالاقىسىنى باغلاش ئۈچۈن سىزنىڭ

① گۈلەخ — مۇنچا.

مۇبارەك ھۇزۇرىڭىزغا پەۋقۇلئاددە تولۇق ھوقۇقلۇق ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇلۇغ مەلىكىمىز سىز بەدۆلەت جانابى ئالىيلىرىغا ئۆزىنىڭ سوۋغا - سالاملىرىنى ۋە ئۇشبۇ ئىنايەتنامىنى ئەۋەتتى.

باش ئەلچى فورسىت قولىدىكى يۇمىلاق قىلىپ تۇرۇلگەن، ئاق يىپەك يىپ ئۆتكۈزۈلۈپ، قىزىل موم بىلەن پېچەتلەنگەن قەغەزنى ۋە چىرايلىق چۇچىلار بىلەن بېزەلگەن، ئالتۇن ھەللىك تۇتقۇ بېكىتىلگەن ۋە ھېقىق بىلەن نەقىشلەنگەن سارغۇچ كۋارتس قۇتىنى بېشىدىن ئېگىز قىلىپ كۆتۈردى.

بەدۆلەت دەرھال ئەھرارخان تۆرىگە ئەنگلىيە ئەلچىسىنىڭ قولىدىكى ئىنايەتنامىنى ئېلىپ ئوقۇشنى ئىشارەت قىلدى.

ئەھرارخان بەدۆلەتكە قۇللۇق بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئىنايەتنامىنى ئۇيغۇرچىغا ئاغدۇرۇپ ئوقۇشقا باشلىدى:

«بىز قەشقەرىيە ئەمىرى، ئاتالىق غازى بەدۆلەت مۇھەممەت ياقۇپخان جانابى ئالىيلىرىنىڭ قۇدرەتلىك پادىشاھ ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپتۇق. شۇنىڭدەك جانابى ئالىيلىرىنىڭ شاھلىق ھۆرمىتى ۋە قۇدرىتىنىڭ ھىندىقۇش① نىڭ شىمالىدىكى كۆپلىگەن مەملىكەتلەر ئالدىدا يۈكسەك ئىكەنلىكىنى بىلدۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن، قەشقەرىيە ئەمىرى، ئاتالىق غازى بەدۆلەت مۇھەممەت ياقۇپخان، سىز بىلەن دوستلۇق ئالاقىسىدە بولۇشنى ئۆزىمىزنىڭ بۇرچى دەپ بىلىمىز. سىز جانابى ئالىيلىرىنىڭ ئۆزىڭىزمۇ ئاياندۇركى، بىزكىم بۈيۈك برىتانىيە ۋە ئىرلاندىيە ئىمپېراتورلۇقى كۈنچىقىشتىن تاكى كۈنپېتىشقا قەدەر بولغان زېمىنلارنى ئۆزىمىزنىڭ

---

① ھىندىقۇش — پاكىستان بىلەن ئافغانىستاننىڭ چېگرىسىدىكى تاغ تىزمىلىرىنىڭ نامى. بۇ يەرلەر شۇ چاغدا ئەنگلىيىگە قارام ئىدى.

تەسەررۇپىغا ئالدۇق. ئۇنىڭدىن تاشقىرى، سىز جانابىي ئالىيلىرىغا تەۋە ھۇدۇتلۇقتا قوشنا زېمىنلارنىمۇ ئۆز ئىدارىمىزگە تەۋە قىلدۇق...»

بەدۆلەت بېشىنى چايقاپ قويدى ـ دە، بىرلىيانت كۆزلۈك ئۈزۈك سالغان بارماقلىرىغا ئۆزىنىڭ ماش گۈرۈچ بولغان ساقىلىنى ئۇراشقا باشلىدى.

«... بىزگە تەۋەلىك بىلدۈرگەن يەرلەر ئۇلۇغ برىتانىيە ۋە ئىرلاندىيە ئىمپېراتورلىقىنىڭ مەڭگۈ يېڭىلمەس قوشۇنلىرىغا قارارگاھ ئىكەنلىكى ۋە بۇ قۇياش پاتمايدىغان زېمىنلاردا ئالتۇن ـ كۈمۈش ۋە نېفىت كانلىرىنىڭ ھەممىدىن كۆپلۈكى سىز جانابىي ئالىيلىرىغا ئايان. ئىمپېراتورلۇقىمىزنىڭ پايانسىز كەڭ زېمىنىدا، ھەرتۈرلۈك ئۈزۈق ـ تۈلۈكلەر، بايلىق ـ دۇنيالار ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرۇپتۇ. شۇ ۋەجىدىن، باشقا مەملىكەتلەردىن ئۆزىمىزگە ئولجا ئىزدەشكە ھېچقانداق ئېھتىياجىمىز يوق. مۇبادا، سىز جانابىي ئالىيلىرى بىر ـ بىرىمىزنىڭ تۇپرىقىمىزغا سودىگەرلىرىمىز ئۈچۈن يول ئېچىشنى پايدىلىق دەپ بىلسىڭىز، بۇنىڭ بىز ئىككى ئەلگە كۆپ مەنپەئەتى تېگىدۇ، دەپ ئويلايمىز. سىز جانابىي ئالىيلىرى ۋە مەن ئىككىمىز بۇنىڭدا چوڭ قانائەت ھاسىل قىلىمىز...»

ئەھرارخان تۆرە ئەنگلىيە كورۇلىۋاسىنىڭ بەدۆلەتكە يازغان ئىنايەتنامىسىنى تەرجىمە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئىنايەتنامىنى تەۋەززۇلۇق بىلەن بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ بەدۆلەتكە سۇندى. ئۇنىڭغىچە، شىغاۋۇل شاھ سۇپىدىن چۈشۈپ، ئۇنىڭ قولىدىن ئىنايەتنامىنى ئالدى ـ دە، ئېھتىرام بىلەن شاھنىشىندا ئولتۇرغان بەدۆلەتكە سۇندى. بەدۆلەت ئەنگلىيە كورۇلىۋاسىنىڭ ئىنايەتنامىسىنى ئېلىپ، كۆزىگە سۈرتكەندىن كېيىن، ئۇنى سەللىسىگە قىستۇرۇپ قويدى. ئاندىن ئورنىدىن

تۇرۇپ شاھنىشىندىن چۈشتى-دە، باش ئەلچى فورسىت بىلەن قوش قوللاپ ئېلىشىپ كۆرۈشتى. بىردەم تەكەللۇپ قىلىشقاندىن كېيىن، بەدۆلەت ئۇنى شاھنىشىننىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى كەڭ دېرىزە ئالدىغا باشلاپ كېلىپ، جايى مېھرىبانلىق① كۆرسەتتى ۋە كورۇلىۋا ئالىيلىرى بىلەن باش ۋالىي جانابلىرىنىڭ تەن ساقلىقىنى سورىدى. ئاندىن، ئەھرارخان تۆرىگە ئەنگلىيە ئەلچىلەر ئۆمىكىدىكى باشقا ئەمەلدارلارنىمۇ شاھنىشىنگە باشلاپ كىرىشنى ئىشارەت قىلدى. ئۇلار شاھنىشىن ئىچىگە كەينى-كەينىدىن كىرىپ كېلىشتى. بەدۆلەت ئەلچىلەر ئۆمىكىدىكى ھەر بىر ئەمەلدار بىلەن بىر-بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئۇلارغىمۇ جايى مېھرىبانلىق كۆرسەتتى. بىرپەس، دىمىقتۇرىدىغان جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. بەدۆلەت ئەنگلىيە ئەلچىلىرىگە بىردىن-بىردىن ئىنچىكىلەپ قاراپ چىقتى. فورسىت كۆپ سۆزلەشنىڭ ئەدەبسىزلىك بولىدىغانلىقىنى پەملىدىمۇ-قانداق، يەرگە قاراپ جىمجىت ئولتۇردى. ئۇلار بىردەملىك جىمجىتلىقنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، بەدۆلەت ئىشارەت قىلىۋىدى، ئوردا باش داستىخانچىسى ئون ئالتە نەپەر مۇلازىمى بىلەن بىللە، داستىخان كۆتۈرۈپ كىردى. داستىخان سېلىنغاندىن كېيىن، بەدۆلەت داستىخاندىن بىر ناننى ئېلىپ ئوشتۇپ بىر بۇردا ئاغزىغا سالدى ۋە ئەلچىلەرنىمۇ بىللە ئېغىز تېگىشكە تەكلىپ قىلدى. داستىخان ئېلىنغاندىن كېيىن، بەدۆلەتنىڭ يېنىدا شاھ سۇپا ئۈستىدە ئولتۇرغان شەيخۇلئىسلام «ئاللاھۇ ئەكبەر!» دەپ دۇئاغا قول كۆتۈردى. دۇئادىن كېيىن، بەدۆلەت «خوش ئەمىسە!» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، تەنتەنىلىك

---

① جايى مېھرىبانلىق كۆرسەتتى — يېنىدىن ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلدى، دېگەن مەنىدە.

سالام مۇراسىمى ئاياغلاشتى.

12 - ئاينىڭ 11 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، رەسمىي قوبۇل مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. بەدۆلەتنىڭ ئەكابىر - ئەشرەپلىرى، ئەمرۇل - ئۇمرالىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مۇراسىم كىيىملىرىنى كىيىشىپ، شاھنىشىن ئالدىدا ھازىرلىنىپ تۇرۇشاتتى. قولىغا ئالتۇن دەستىلىك ھاسا تۇتقان، ئۇستىگە زەرباب تون كىيگەن شىغاۋۇل ① ئىشىكتە كۆرۈنگەندە، «سەربازچە» كۈيى ياڭراپ، كەتتى. كۈي ئەۋجىگە چىققاندا، بەدۆلەت ئالدىراج دادخاھ، ئابدۇراھمان ئاپتابەچى قاتارلىق ئەركانلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا شاھنىشىن ئىشىكىدە ھەممەيلەنگە چىرايىنى كۆرۈنۈش قىلدى. ئەنگلىيە ئەلچىلىرى شاھنىشىن ئالدىدىكى كەڭ ئەينەكلىك زالدا بەدۆلەتكە سالام بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئون بەش پاي ھۆرمەت توپى ئېتىلدى. ئارقىدىن بىر يۈز ئەللىك ئادەم ئەنگلىيە كورۈلىۋاسىنىڭ بەدۆلەتكە تەقدىم قىلغان سوۋغاتلىرىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ، سەپراس بولۇشتى. بۇ سوۋغاتلارنىڭ ئىچىدە ئىككى دانە ئاتمىش مىللىمېترلىق مىنامىيوت، كەينىدىن ئوقلىنىدىغان ھەرخىل مىلتىقلار، ئاتلىق ئەسكەرلەر مىلتىقى، كەركىدان مۈڭگۈزىدىن سېپىغا بەدەخشان ياقۇتى قويۇلۇپ نەقىش ئىشلەنگەن كۈمۈش قىنلىق كەشمىر قىلىچى، ئالتۇندىن ياسالغان كالتۇس تاپانچا ۋە ھەرخىل گۆللۈك لوڭقىلار بار ئىدى.

سوۋغاتلار تەقدىم قىلىنىپ بولۇنغاندىن كېيىن، ئەلچىلەر بىر تەرەپكە ئۆتۈپ تۇرۇشتى. بەدۆلەت شاھنىشىندىن سەل كۆتۈرۈلۈپ، ئۆزىنىڭ ئەنگلىيە كورۈلىۋاسىنىڭ سوۋغاتلىرىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى بىلدۈردى.

— مەلىكەئى پەرەڭ دۇنيادىكى ئۇلۇغ پادىشاھلارنىڭ بىرىدۇر، — دېدى بەدۆلەت، — ئۇل ئالىيلىرىنىڭ ھۆكۈ-

① شىغاۋۇل — مۇراسىم بېگى.

مىتى قۇدرەتلىك ھۆكۈمەتتۇر. بۇنداق ھۆكۈمەت بىلەن دوست-ئىناق ئۆتۈش بىزنىڭ ئارزۇيىمىز. چۈنكى مۇنداق دوستلۇق ھەممىمىزنى تەڭ مەنپەئەتدار قىلىپ تۇرىدۇ. كۆرۈپ تۇرۇۋېسىزلەر، مەلىكەئى پەرەڭ — ئۆز زېمىنىدىكى پاتماس قۇياش. ئۇ بىزلەرگىمۇ ئۆز نۇرىنى سېخىيلىق بىلەن سېپىپ تۇرۇۋېتىدۇ. بىز سىزلەرنىڭ دوستلۇقىڭىزلارغا موھتاج. مۇشۇنداق زۆرۈرىيەت تۇپەيلىدىن، بۇنىڭدىن كېيىن بۇ يەردىن ئەنگىلىيە دۆلىتىنىڭ پايتەختى لوندونغىچە ھەرقانداق ئادەم پۈتۈنلەي ئەركىن - بېرىپ كېلەلەيدۇ.

ئەھرارخان تۆرە بەدۆلەتنىڭ سۆزىنى ئەنگلىيە ئەلچى-لىرىگە ئۇدۇللۇق ئاغدۇرۇپ بېرىپ تۇردى.

— ھۆرمەتكە سازاۋەر ئەلچى جانابلىرى، بىزدىن مەلىكەئى پەرەڭگە شۇل خىتاب مەلۇم بولغايكى،— دېدى بەدۆلەت سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن،— بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىز بۇ مۇبارەك ئانا زېمىننى ئۆز قولى بىلەن ئۆزلەشتۈرگەن. مۇبادا بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىز بولمىغان بولسا، بۇ زېمىن يورۇقلۇقتىن، بۇ زېمىندا ياشايدىغان خەلق باتۇرلۇقتىن مەھرۇم قالغان بولاتتى. بۇ زېمىننى دۇنياغا تونۇتقان بىزنىڭ ئەجدادىمىز...

بىزنىڭ ئۇلۇغ ئاتا - بوۋىلىرىمىز دۈشمەنلىرىنى دائىم يەڭ-گەن. دۆلىتى بارلارنى دۆلىتىدىن مەھرۇم قىلغان، خاقانى بارلار-نى خاقانىدىن ئايرىغان، تىزى بارلارنى تىزلاندۇرغان، بېشى بار-لارنى باش ئۇردۇرغان. ئەجدادلىرىمىز مۇشۇ ئانا ماكاندىن چىقىپ، ئابىسكۇن① دېڭىزىنىڭ بويلىرىغا قەدەر يامرىغان، ھەتتا پەرەڭلەرنىڭ چېگرىسىغا قەدەر بېسىپ كىرگەن... بىز تارىخلار-غا ئىسمىمىزنى ئالتۇن ھەرپ بىلەن يازغان خەلقمىز. جابىرىقا

① ئابىسكۇن دېڭىزى — كاسپىي دېڭىزىنىڭ قەدىمكى نامى.

دېڭىزى① بويلىرىدىن تاكى ئابېسكۇن دېڭىزىنىڭ بويلىرىغا قەدەر بولغان پۈتۈن دالىلار ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇچقۇر ئاتلىرىنىڭ تۇيىقى ئاستىدا تىترەيتتى. ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئايغىرلارنىڭ ئۈستىگە لاچىندەك قونۇۋېلىپ، يەر - يۈزىنى ئايلانغانىدى...

بەدۆلەت سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، ئەنگىلىيە ئەلچىلىرىنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆزىتىپ ئولتۇردى. ئۇلار ھەدەپ باشلىرىنى لىڭشىتىپ، بەدۆلەتنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ تۇرۇشاتتى.

بەدۆلەت ئەھرارخاننىڭ ئۆز سۆزىنى ئاغدۇرۇپ بولغانلىقىنى كۆردى - دە، شىغاۋۇلغا ئىشارەت قىلدى.

شىغاۋۇل ھەربىي پاراتنىڭ باشلانغانلىقىنى ئېلان قىلدى. «سەربازچە» كۈيى باشقىلەتتىن ياڭرىدى. ئوردا ئومۇمخورچىلىرى «سەربازچە» كۈيىگە تەڭكەش قىلىپ ئېيتقان ئومۇمخور پۈتۈن ئوردا ئىچى ۋە تېشىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى.

بەدۆلەتنىڭ سېرىق خۇرۇمدىن فورما كىيگەن قوراللىق يىگىتلىرى ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن، بوز ئاتلىق ئافغان سەرۋازلىرى توپ - توپ بولۇپ ئۆتتى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىنلا چاپانلىرىنىڭ ئېتەكلىرىنى بەللىرىگە قىستۇرۇۋالغان، بەللىرىدىكى تېرە تاسمىلىرىغا قىلىچ ئېسىۋالغان، مىلتىقلىرىنى مۈرىسىگە ئېلىشقان پىيادە ئەسكەرلەر ھۆرمەت قەدەم بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. «سەربازچە» ناخشىسىنىڭ ياڭراق ساداسى ئىچىدە ئۇلارنىڭ پۈت ھەرىكىتى ناھايىتى رەتلىك كۆرۈنەتتى. ياشلار، قېرىلار، قىپچاقلار، ئەنجانلىقلار يېتىپ كېلىشتى. ئۇلارغا نەسىللىك جىرەن ئايغىر مىنگەن، سەللىسىنىڭ پەتلىسىنى ئوڭ قۇلىقىغىچە چۈشۈرۈۋالغان، شامالدا يەلپۈنۈپ تۇرغان ساقىلى ئېسىل تونىنىڭ ياقىسىغا تېگىپ تۇرۇۋاتقان بىر پەنساد سەردار ئىدى.

① جابىرقا دېڭىزى — ياپون دېڭىزىنىڭ قەدىمكى نامى.

ھەممىدىن كېيىن. يېڭى مۇسۇلمانلاردىن تۈزۈلگەن توپچى قىسىم مانېۋىر قىلىپ مەيداندىن ئۆتتى. بۇ قوشۇن ئەسلىدە مانجۇ ھاكىمىيىتى ۋاقتىدا قاتتىق تەلىم - تەربىيە كۆرگەن قوشۇن بولغاچقا، ئۇلارنىڭ چەبدەس ھەرىكەتلىرى ئەنگلىيە ئەلچىلىرىدە، ھەقىقەتەنمۇ قوشۇنغا لايىق كىشىلەر ئىكەن بۇ! دېگەن تەسىراتىنى پەيدا قىلدى. ئۇلار، ئىككى ئادەم كۆتۈرۈپ ماڭىدىغان، ئۈچ ئادەم باشقۇرىدىغان «تەيپو» دەپ ئاتىلىدى- غان ھەر خىل كالىبىرلىق مىنامىيوتلار بىلەن قوراللانغانىدى. بۇنداق توپ بىلەن بىر چاقىرىم دائىرىدىكى ھەر قانداق نىشاننى ۋەيران قىلىۋەتكىلى بولاتتى.

دوگراس. فورسىت باشچىلىقىدىكى ئەنگلىيە ئەلچىلىرى چىنەباغدىكى ئالىي مۇساپىرخانىغا چۈشتى. بەدۆلەت ئەنگلىيە ئەلچىلىرىنىڭ قەشقەردە كۆڭۈللۈك سەيلى - ساياھەت قىلىشى ئۈچۈن، ئىشلارنى ئومۇميۈزلۈك، تولۇق، ئالاھىدە ئورۇنلاش- تۇردى. ئىنگلىزلار ئۆزلىرى چۈشكەن مۇساپىرخانىدىكى ياتاق ئۆيلەردە تام مەش ۋە پورتوچكىلار بارلىقىنى كۆردى. ئۇلار تاملارغا ئېسىلغان، تاختاي پوللارغا سېلىنغان قەدىمدىن تارتىپ دۇنياغا داڭلىق بولۇپ كېلىۋاتقان خوتەن گىلەملىرىنى كۆرۈپ، ئاغزىنى ئېچىشىپلا قالدى.

ئەتىسى، ئۇلار ئەھرارخان تۆرىنىڭ ھەمراھلىقىدا، قەشقەر- نىڭ ئاساسلىق كوچا ۋە گۈزەرلىرىنى كۆرۈشتى. گۆش بازىرىدا، قاسساپلار گۆشلەرنى كانارىغا تۈر - تۈرى بويىچە قاتار - قاتار ئېسىۋەتكەنىدى. گۆشلەر بىر - بىرىدىن سېمىز ئىدى. بۇ يەردە كىشىلەر ئادەتتە گۆش، ئوتياش، سەۋزە - پىياز، قەنت - گېزەك، نان قاتارلىق تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى- نى ئەتىگەندە سېتىۋېلىشسا، زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرىنى پېشىن نامىزىدىن كېيىن سېتىۋېلىشاتتى، ئۇلار «شام» دەپ

ئاتىلىدىغان كەچلىك بازارنىمۇ ئارىلاپ كۆرۈشتى. بۇ بازاردا مەخسۇس دوپپا - تەلپەك، كىيىم - كېچەك ۋە باشقا بۇيۇملار سېتىلاتتى. كەچلىرى كىشىلەر بۇ يەردە «يەر يېغى» دەپ ئاتىلىدىغان كىرسىن بىلەن ياندۇرۇلىدىغان پانار چىراغنىڭ يورۇقىدا سودا قىلىشاتتى.

2 - ئاينىڭ 2 - كۈنى (ھىجرىيە 1290 - يىلى زۇلھەججىنىڭ 15 - كۈنى) بەدۆلەتنىڭ قەشقەردىكى ئوردىسىنىڭ ئەينەكلىك زالىدا تەنتەنىلىك شەرتنامە ئىمزالاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

بەدۆلەتنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى سەئىد مۇھەممەت خان ئەپەندى بىر تەرەپ، ئەنگلىيە پادىشاھلىق زوراغالىق مەھكىمىسىنىڭ زوراغاسى، ھىندىستاننىڭ گۆھەر ئوردىبېلىق ئۇلۇغ لوردى، ھىندىستان باش ۋالىيسى بارون نۇسبېرىگ. توماس. جورج. باللىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى سىرتوماس. دوگراس. فورسىت ئەپەندى بىر تەرەپ بولۇپ، «قەشقەر - ئەنگلىيە شەرتنامىسى»نى ئىمزالىدى. بۇ شەرتنامىدە مۇنۇلار قەيت قىلىنغانىدى:

«قەشقەرىيە ھودۇتلۇقىنىڭ پادىشاھى ئەمىر مۇھەممەت ياقۇبخان جانابىي ئالىيلىرى ۋە ئۇنىڭ ۋارىسى بىلەن ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ۋەكىلى ئوتتۇرىسىدا ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى سەممىي چۈشىنىشنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ۋە كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئىككى تەرەپ پۇقرالىرى ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئالاقىسىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى نەزەردە تۇتۇپ، تولۇق كېڭىشىش ئارقىلىق، تۆۋەندىكىلەر ئۈستىدە چۈشىنىش ھاسىل قىلىندى:

بىرىنچى ماددا: شەرتنامە تۈزگۈچى ئىككى تەرەپ شۇنىڭغا كاپالەتلىك بېرىدۇكى، بىر تەرەپ پۇقراسى يەنە بىر تەرەپنىڭ زېمىنىدىكى ھەرقانداق بىر يەرگە ئىختىيارىي ھالدا كىرسە، ئۇ يەردە ئولتۇراقلاشسا، سودا - تىجارەت بىلەن

شۇغۇللانسا ۋە شۇنىڭدەك ئۆزلىرىنىڭ تاۋارلىرىنى ۋە مال-مۈلۈكلىرىنى ئېلىپ كىرسە ۋە چېگرىدىن ئۆتسە بولىدۇ ھەمدە ئىككىنچى تەرەپنىڭ رېمىن ئىچىدە سودا-سېتىق جەھەتتە يەرلىك پۇقرالار ياكى ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلىدىغان دۆلەت پۇقراسى بەھرىمەن بولىدىغان بارلىق ئىمتىيازلاردىن ۋە ئوڭاي-لىقلاردىن، ھامىيلىقتىن ۋە باشقا ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولىدۇ.

ئىككىنچى ماددا: باشقا دۆلەتلەر تەۋەلىكىدىكى سودىگەر-لەر ئۆزى خالىغان ۋاقىتتا، ئۆزى خالىغان يول ئارقىلىق ماللىرىنى ۋە بارلىق تەئەللۇقاتلىرىنى ئېلىپ، شەرتنامە تۈزۈشكەن بىر تەرەپنىڭ زېمىنىدىن يەنە بىر تەرەپنىڭ زېمىنىغا ئۆتسە بولىدۇ؛ شەرتنامە تۈزۈشكەن ئىككى تەرەپ جىددىي سىيا-سىي سەۋەبكە تاقالمىغان ۋە ئىككىنچى بىر تەرەپكە ئۇقتۇرۇش قىلمىغان ئەھۋال ئاستىدا، بۇنداق نەقلىيات ئەركىنلىكىنى چەك-لىمەيدۇ. بۇنداق چەكلىمە زۆرۈرىيىتى قالمىغان چاغدا دەرھال بىكار قىلىنىشى لازىم.

ئۈچىنچى ماددا: پەرەڭلەر ئەمىر ئالىيلىرىنىڭ زېمىنىغا كىرىپ تىجارەت قىلغان ياكى باشقا ئىشلارنى قىلغاندا، ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ قولىدا دۆلەت تەۋەلىكىنى ئىسپاتلايدىغان پاسپورتى بولۇشى شەرت. بۇنداق پاسپورت بولمىسا، ئۇلار بۇ شەرتنامىنىڭ ئىمكانىيىتىدىن بەھرىمەن بولالمايدۇ.

تۆتىنچى ماددا: ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئەمىر ئالىيلىرىنىڭ زېمىنىنىڭ جەنۇبىدىكى ھىمالايا تاغلىرىنىڭ ھەرقانداق بىر ئېغىزى ئارقىلىق ئەنگلىيىگە قارام ھىندىستانغا كىرگەن ماللاردىن ئېكسپورت بېجى ئالماسلىققا كاپالەت بېرىدۇ. ھىندىستاندىن ئەمىر ئالىيلىرىنىڭ زېمىنىغا كىرگەن ماللاردىن باھاسىغا قاراپ ئىككى يېرىم پىرسەنتلىك دائىرە ئىچىدە ئىمپورت بېجى ئېلىنىدۇ. شەرتنامە تۈزۈشكەن ھەر ئىككى

تەرەپنىڭ زېمىنىغا كىرگەن يۇقىرىقى ماللار خاھى توپ ياكى پارچە سېتىلسا، شۇنىڭدەك ئەنگلىيىگە قارام ھىندىستان زېمىنى ئىچىدە ۋە ئەمىر ئالىيلىرىنىڭ زېمىنى ئىچىدە بىر جايدىن يەنە بىر جايغا ئاپىرىپ سېتىلسا بولۇۋېرىدۇ. بۇ ماللار ئومۇمەن مۇشۇ خىلدىكى ماللارغا خاس باج قائىدىسى، باج نىسبىتى ۋە شۇنىڭدەك چوڭ شەھەرلەر ۋە بازارلارنىڭ باج قائىدىسى ۋە باج نىسبىتى بويىچە باشقۇرۇلىدۇ.

بەشىنچى ماددا: ھىندىستاندىن ئەمىر ئالىيلىرىنىڭ زېمىنىغا كىرگەن ماللار تاكى مال تاپشۇرۇلىدىغان ئورۇنغا يېتىپ بارغانغا قەدەر يېشىپ تەكشۈرۈلمەيدۇ. ئەگەر مۇشۇ ماللارنىڭ باھاسى توغرىسىدا تالاش - تارتىش يۈز بەرسە، گۆمرۈك خادىملىرى ياكى ئەمىر ئالىيلىرىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان باشقا ئەمەلدارلار قىرىقتىن بىرىنى زاكاتقا تاپشۇرۇش ئۆلچىمى بويىچە ھېسابلاپ چىقىپ، گۆمرۈك بېجى ھېسابىدا بىر تۆركۆم مالنى ئۆتكۈزۈۋېلىش ھوقۇقىغا ئىگە. ئەگەر يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان ئەمەلدارلار بۇ تۆركۆم مالنى باج ھېسابىغا ئېلىشنى رەت قىلسا ياكى مالنى پارچىلاش مۇمكىن بولمىسا، بۇ ئىش بۇ جەھەتتىكى تالاش - تارتىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا لاياقەتلىك بولغان ئىككى كىشىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇلىدۇ. بۇنداق كىشىلەرنىڭ بىرى يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان ئەمەلدارلار تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئۇلار مالغا باھا قويۇپ بېرىدۇ؛ ئەگەر خالىس كېسىم قىلغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا پىكىر ئىختىلاپى تۇغۇلسا، ئۇلار بىر كېسىمچى بەلگىلەيدۇ. بۇ كېسىمچىنىڭ قارارى ئاخىرقى قارار بولىدۇ - دە، بەلگىلەنگەن مۇشۇ قىممەت بويىچە گۆمرۈك بېجى ئېلىنىدۇ.

ئالتىنچى ماددا: ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئەمىر ئالىيلىرىنىڭ ھوزۇرىدا بىر ۋەكىل تۇرغۇزىدۇ ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق بىر نەپەر سودا ۋەكىلىنى تەيىنلەيدۇ. بۇ سودا ۋەكىلى ئەمىر

ئالىيلىرىنىڭ زېمىنى ئىچىدە مۇۋاپىق تېپىلغان ھەرقانداق بىر شەھەر - بازار ياكى جايدا تۇرىدۇ؛ ئەمىر ئالىيلىرى ھىندىستان باش ۋالىيسىنىڭ ھۇزۇرىدا تۇرۇشقا بىر ۋەكىل تەيىنلەيدۇ ھەمدە ئەنگىلىيە ھۆكۈمىتىگە قارام ھىندىستان زېمىنى ئىچىدە مۇۋاپىق تېپىلغان ھەرقانداق بىر يەردە سودا ۋەكىلى تۇرغۇزىدۇ. بۇ ۋەكىللەرگە خەلقئارا قانۇن بويىچە باش ئەلچى دەرىجىلىك مەرتىۋە ۋە ئىمتىياز بېرىلىدۇ. سودا ۋەكىللىرى ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلىدىغان دۆلەتنىڭ كونسۇللىرىغا خاس ئىمتىيازغا ئىگە.

يەتتىنچى ماددا: ئەنگىلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ پۇقرالىرى ئەمىر ئالىيلىرىنىڭ زېمىنى ئىچىدە ئىختىيارىچە يەر - زېمىن، ئۆي-ئىمارەت ياكى مال ساقلايدىغان ئامبارلارنى سېتىۋالسا، ساتسا ياكى ئىجارىگە بەرسە بولىدۇ. ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى ياكى ۋە كالەتچىسى ئىجازەت بەرمىگۈچە ۋە ئادەم ئەۋەتىپ تۆپىدە تۇرغۇزمىغۇچە، ئەنگىلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ پۇقرالىرىنىڭ ئۆي - ئىمارەتلىرىنى، ئامبارلىرىنى ياكى باشقا ئۆي - جايلىرىنى ئاختۇرۇشقا بولمايدۇ.

سەككىزىنچى ماددا: ئەمىر ئالىيلىرىنىڭ زېمىنى ئىچىدە ئەنگىلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ پۇقرالىرىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەق تەلەپ دەۋالىرىغا ۋە جىنايى ئىشلار دېلولىرىغا نىسبەتەن ھەر ئىككى تەرەپ تۆۋەندىكى كېلىشىمگە قوشۇلدى:

(1) ئەيىبكار بىلەن دەۋاگەر پۈتۈنلەي ئەنگىلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ پۇقراسى بولغان ھەق تەلەپ دەۋالىرىنى، شىكايەت قىلغۇچى بىلەن ئەيىبلەنگۈچى پۈتۈنلەي ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ پۇقراسى بولغان جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى ياكى ئەيىبلەنگۈچى مۇشۇ شەرتنامىنىڭ ئۈچىنچى ماددىسىدا ئېيتىلغان ياۋروپادىكى باشقا دۆلەتنىڭ پۇقراسى بولغان جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى ئەنگىلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى ياكى ئۇنىڭ

ۋەكالەتچىسى ئەمىر ئالىيلىرى تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن ۋەكىلىنىڭ ئالدىدا سوراق قىلىدۇ.

(2) بىر تەرەپ ئەمىر ئالىيلىرىنىڭ پۇقراسى، يەنە بىر تەرەپ ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ پۇقراسى بولغان ھەق تەلەپ دەۋا ئىشلىرى ئەمىر ئالىيلىرىنىڭ قازىخانىسىدا سوراق قىلىنىدۇ. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى ياكى ئۇنىڭ ۋەكالەتچىسى سوراق ئۈستىدە تۇرىدۇ. ياكى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى ياكى ۋەكالەتچىسى بىر نەپەر خادىم بەلگىلەپ سوراققا سىرتتىن قاتناشتۇرىدۇ.

(3) شىكايەت قىلغۇچى ياكى ئەيىبلەنگۈچى ئەمىر ئالىيلىرىنىڭ پۇقراسى بولغان جىنايى ئىشلار دېلولىرىدىن يۇقىرىدا بەلگىلەنگەنلىرىدىن باشقىلىرىنى ئەمىر ئالىيلىرىنىڭ قازىخانىسى سوراق قىلىدۇ. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى ياكى ئۇنىڭ ۋەكالەتچىسى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن بىر كىشى سوراققا سىرتتىن قاتنىشىدۇ.

(4) يۇقىرىدا بەلگىلەنگەنلىرىدىن باشقا، بىر تەرەپ ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ پۇقراسى، يەنە بىر تەرەپ باشقا دۆلەت پۇقراسى بولغانلارنىڭ جىنايى ئىشلار دېلوسىنى ئەگەر ھەر ئىككى تەرەپ مۇسۇلمان بولغان بولسا، ئەمىر ئالىيلىرىنىڭ قازىخانىسى سوراق قىلىدۇ؛ ئەگەر ھەر ئىككى تەرەپ مۇسۇلمان بولمىغان بولسا، شۇ كىشىلەر قوشۇلغان ئەھۋال ئاستىدا، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى ياكى ئۇنىڭ ۋەكالەتچىسى سوراق قىلىدۇ. ئەگەر ھەر ئىككى تەرەپ بۇنىڭغا قوشۇلمىسا، ئەمىر ئالىيلىرىنىڭ قازىخانىسى سوراق قىلىدۇ.

(5) ئەمىر ئالىيلىرىنىڭ قازىخانىسى تەرىپىدىن بىر تەرەپ قىلىنغان ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ پۇقراسى بىر تەرەپ ھېسابلانغان ھەر قانداق بىر دېلو ئەگەر ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى تەرىپىدىن ئادىل ھۆكۈم قىلىنمىدى دەپ قارالسا،

دېلونىڭ ئەھۋالى ئەمىر ئالىيلىرىنىڭ ھۇزۇرىغا مەلۇم قىلىنىدۇ. ئەمىر ئالىيلىرى بۇ دېلونى يەنە بىر قازىخانىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرىدۇ. بۇ قازىخانا ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى ۋە ياكى ئۇنىڭ ۋەكالەتچىسىنى ياكى بولمىسا، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى ۋە ياكى ئۇنىڭ ۋەكالەتچىسى تەيىنلىگەن ئادەمنى سوراق ئۈستىدە تۇرغۇزغاندىن كېيىن، مەزكۇر دېلو ئۈستىدە يېڭىباشتىن سوراق قىلىپ، ھۆكۈم چىقىرىدۇ.

توققۇزىنچى ماددا: ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ پۇقرالىرى بۇ شەرتنامە بويىچە ئەمىر ئالىيلىرىنىڭ زېمىنى ئىچىدە بەھرىمەن بولىدىغان ھوقۇق ـ ئىمتىيازلاردىن ئەنگلىيىگە قارام ھىندىستاننىڭ بارلىق بەگ ـ تۆرىلىرى ۋە بەگلىكلىرىنىڭ پۇقرالىرىمۇ ئوخشاش بەھرىمەن بولىدۇ. ئەگەر بۇ شەرتنامىدە ياكى باشقا ئىشلاردا يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان ھىندىستاننىڭ بەگ ـ تۆرىلىرىگە ياكى بەگلىكلىرىگە چېتىشلىق بولغان ھەرقانداق بىر تارماق مەزمۇننى قوشۇشقا توغرا كەلسە، بۇ توغرىلىق ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈلۈشى شەرت.

ئونىنچى ماددا: شەرتنامە تۈزگەن ئىككى تەرەپنىڭ زېمىنى ئىچىدە ئېتىراپ قىلىنغان ھەرقانداق بىر قازىخانىدا ياكى لاداق ۋالىيسىنىڭ بىرلەشمە قازىخانىسىدا ئارخىپ سۈپىتىدە ساقلىنىۋاتقان قەسەمنامە ۋە ياكى باشقا قانۇنىي ھۆججەت ـ ۋەسىقىلەر ئۇشبۇ ھۆججەتلەرنىڭ خاتاسىز كۆچۈرۈلمىسى ئارقىلىق تەھقىقلىنىدۇ. مەزكۇر كۆچۈرۈلمىگە ئەسلى ھۆججەتنىڭ ئىگىسى بولغان قازىخانا مۆھۈر باسىدۇ. مەزكۇر قازىخانىنىڭ مۆھۈرى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، مەزكۇر قازىخانىنىڭ قازىلىرى ياكى بىر نەپەر قازىسى ئىمزا قويىدۇ.

ئون بىرىنچى ماددا: ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ پۇقرالىرى ئەمىر ئالىيلىرىنىڭ زېمىنىدا ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭ

شۇ يەردىكى كۆچمە مۈلكى ۋە مۇقىم مۈلكى مەزكۇرنىڭ مى-
راسخورىغا ياكى ۋاسىيسىغا ۋە ياكى مال - مۈلكىگە ئىگىدار-
چىلىق قىلغۇچىغا ياكى بولمىسا باشقا مۇناسىۋەتلىك ۋەكىلىگە
تەئەللۇق بولىدۇ ۋە ياكى (مۇنداق ۋەكىلى بولمىغان شارائىتتا)
يۇقىرىدا بايان قىلىنغان زېمىندا تۇرۇشلۇق ئەنگلىيە ھۆكۈمى-
تىنىڭ ۋەكىلىگە تەئەللۇق بولىدۇ. بۇ مەسئۇلىيەتنى ئۈز ئۈستىگە
ئالغۇچى كىشى باشقىلارنىڭ مەرھۇمدىن زىياننى تۆلىتىۋېلىش
ھەققىدە ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپلىرىنى قاندۇرۇشى، ئېشىپ قالغان
مال - مۈلۈكلەرنى (ئەگەر بار بولسا) مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرگە
تەقسىم قىلىپ بېرىشى لازىم. يۇقىرىقى بەلگىلىمىلەرگە ئەمەلىي
ئەھۋالغا قاراپ زۆرۈر تۈزىتىشلەرنى كىرگۈزۈشكە بولىدۇ.
بۇ بەلگىلىمىلەر ئەمىر ئالىيلىرىنىڭ ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىگە قا-
راشلىق ھىندىستاندا ئۆلگەن پۇقرالىرىغىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ.

ئون ئىككىنچى ماددا: ئەمىر ئالىيلىرىنىڭ زېمىندا
تۇرۇشلۇق ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ پۇقرالىرى مۇبادا ئۆزىنىڭ
قەرزىنى تۆلىيەلمىسە ياكى قازىخانا ئۇنى قەرزىنى تۆلەشكە
بۇيرۇپ ھۆكۈم چىقارغاندىن كېيىنكى ئەقىلغا مۇۋاپىق سۈرۈك
ئىچىدە قەرزىنى تۆلەپ بېرىشكە قۇربى يەتمىسە، ھەقدار
مەزكۇر قەرزدارنىڭ بارلىق مال - بىساتى ۋە كۆچمە مۈلكى
بىلەن ئۆز ھەققىنى ئۇندۇرۇۋالسا بولىدۇ. ئەمما، زۆرۈر تېپىل-
غاندا، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى ئۆزرىسىز ياردەم بېرىشى،
قەرز تۆلەشكە قۇربى يەتمىگەن قەرزدارنىڭ ھىندىستاندا
تۆلەشكە يارىغۇدەك مال - مۈلكىنىڭ بار - يوقلۇقىنى تەك-
شۈرۈپ بېقىشى كېرەك. شەرتنامىدىكى مۇشۇ دوستانە بەلگىل-
مىلەر ئەمىر ئالىيلىرىنىڭ ھىندىستاندا تىجارەت قىلىدىغان،
قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدىغان پۇقرالىرىغىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ.

ئۇشبۇ شەرتنامە ئۇيغۇرچە، ئىنگلىزچە ئىككى نۇسخا
تەييارلاندى ھەمدە ئەمىر ئالىيلىرى تەرىپىدىن كۆزدىن كۆچۈرۈ-

لۇپ تەھقىقلەندى. ئۇنىڭ بىر نۇسخىسى ۋاقىتىنچە ئەمىر ئالىيلى-
لىرىنىڭ ھۇزۇرىدا ساقلىنىدۇ؛ يەنە بىر نۇسخىسى ھىندىستان
باش ۋالىيسى كۆزدىن كۆچۈرۈپ تەھقىقلەپ چىققاندىن كېيىن،
ئۇن ئىككى ئاي ئىچىدە ئەمىر ئالىيلىرىنىڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەتىلىدۇ
ھەمدە ئەمىر ئالىيلىرىنىڭ ھۇزۇرىدا ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسى
بىلەن ئالماشتۇرۇلىدۇ.

ئۇشبۇ شەرتنامە ھىجرىيە 1290 - يىل 15 - زۇلھەج-
جەدە، كاتولىك كالېندارى بويىچە 1874 - يىل 2 - ئاينىڭ
2 - كۈنى قەشقەردە ئىمزالاندى.

قەشقەرىيە ئەمىرى، ئاتالىق غازى بەدۆلەت مۇھەممەت يا-
قۇبخان ئالىيلىرىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى: سەئىد
مۇھەممەتخان (ئىمزا)

ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىگە قارام ھىندىستاننىڭ باش ۋالىيسى
باروُن نوسبېرىگ. توماس جورج باللىن جانابلىرىنىڭ تولۇق
ھوقۇقلۇق ئالاھىدە ئەلچىسى: توماس. دوگلاس. فورسىت
(ئىمزا)

قەشقەرىيە ھۆددۇتلۇقى بىلەن ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى
ئوتتۇرىسىدىكى مەۋجۇت سەمىمىي چۈشىنىشنى كۈچەيتىش ۋە
ئىككى ئوتتۇرىدىكى سودا ئالاقىسىنى ئىلگىرى سۈرۈش
ئۈچۈن، تارىخىي ھىجرىيە 1290 - يىلى 15 - زۇلھەججە
كۈنى قەشقەردە، ھىندىستان ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرى بىلەن قەشقەرىيە
ھۆددۇتلۇقىنىڭ ئەمىرى بەدۆلەت ئالىيلىرىنىڭ رەسمىي تولۇق
ھوقۇقلۇق ۋەكىللىرى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ بىر ئېغىزدىن
قوشۇلۇشى بىلەن ئۇشبۇ شەرتنامىنى تۈزۈپ ئىمزالىدى.

بىزكىم ئەمىر ئىسلام، ئاتالىق غازى بەدۆلەت شۇ
ۋەجىدىن ئۇشبۇ شەرتنامىنى تەستىقلىدۇق ۋە تەھقىقلىدۇق.

ھىجرىيە 1290 - يىلى 15 - زۇلھەججە كۈنى قەش-
قەردىكى ئوردىمىڭ ئەينەكلىك زالىدا ئۆز قولىمىز بىلەن

مۆھۆر باستۇق. مۇھەممەت ياقۇبخان (ئىمزا)

قەشقەرىيە ھۇدۇتلۇقىنىڭ پادىشاھى ئەمىر مۇھەممەت ياقۇبخان ئالىيلىرى بىلەن ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سەمىمىي چۈشىنىشنى كۈچەيتىش ۋە ئىككى ئوتتۇرىدىكى سودا ئالاقىسىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، كاتولىك كالېندارى بويىچە 1874 - يىل 2 - ئاينىڭ 2 - كۈنى قەشقەردە ئەمىر مۇھەممەت ياقۇبخان ئالىيلىرى بىلەن ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ رەسمىي تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىللىرى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ بىر ئېغىزدىن قوشۇلۇشى بىلەن بۇ شەرتنامىنى تۈزۈپ ئىمزالىدى. مەن، ھىندىستاننىڭ باش ۋالىيسى، بارون نوسبېرىگ. توماس. جورج. باللىن شۇ ۋەجىدىن يۇقىرىقى شەرتنامىنى تەستىقلايمەن ۋە تەھقىقلەيمەن.

كاتولىك كالېندارى بويىچە 1874 - يىل 4 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، كالكۇتتادىكى ھۆكۈمەت بىناسىدا ئۆز قولۇم بىلەن ئىمزا قويۇپ، مۆھۆر باستىم. نۇسبېرىگ (ئىمزا)

ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئەلچىلىرى قەشقەردە تۇرغان مەزگىلدە، ئۇلارنىڭ بارلىق تۇرمۇش ۋە ساياھەت راسخوتلىرى بەدۆلەتنىڭ دۆلەتخانىسى تەرىپىدىن ھەقسىز تەمىنلەندى. بۇ ئىززەت - ھۆرمەت بەدۆلەتنىڭ ئەلچىسى سەئىد مۇھەممەتخان لوندونغا بارغاندا كۆرسىتىلگەن ئىززەت - ھۆرمەتكە روشەن سېلىشتۇرما بولغانىدى. چۈنكى، ئۇ ئۆتكەن يىلى لوندۇنغا بارغاندا بىر سىنتىنىڭ تۆشۈكىدىن نەچچە ئۆتىدىغان پىخسىق ئېنگلىزلار «ئاتام - ئانام كۆرمىگەن بۇ ئۇيغۇرلار ئۈچۈن شۇنچىۋالا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ كەتكەن بارمۇ؟» دەپ نارازى بولۇشقانىدى. بۇلارنى ئويلىغىنىدا، باش ئەلچى فورسېيت سەل خىجىل بولغاندەك ھېس قىلدى.

ئەنگلىيە ئەلچىلەر ئۆمىكى قەشقەرىيىدىكى بارلىق

ئىشلىرىنى توگىتىپ، 3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى بەدۆلەت بىلەن رەسمىي خوشلاشقاندىن كېيىن، ھىندىستانغا قاراپ يولغا چىقتى.

نەزمە:

«بۇ ۋەسقەم،— دېدى مۇسلىم غەزىبى ئۆرلەپ، —
ساختا بولسا جوھۇت بولۇپ ئۆلەي شۇ ھامان مەن!»
«قەسەم ئىچەي تەۋرات بىلەن،— دېدى يەھۇدى،—
سۆزۈم يالغان بولسا سەندەك بىر مۇسۇلمانمەن!»

— شەيخ سەئدى

# سەككىزىنچى باپ

## قەدرى كېچىسى①

«... بىز قۇرئاننى ھەقىقەتەن شەبى قەدرىدە نازىل قىلدۇق (1). شەبى قەدرىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ (2). شەبى قەدرى (شەرەپ ۋە پەزىلەتتە) مىڭ ئايدىن ئارتۇقـ راقتۇر (3)...»

— «قۇرئانى كەرىم» 97 - سۈرە

مىلادى 1874 - يىلى، رامىزان ئېيى.

— كۈن غىلابىغا كىرىپ، ئاسمانغا يۇلتۇزلار چىقسۇن، — دەپتۇ موماي، — دەپ چۆچىكىنى داۋاملاشتۇردى ئايىسخان ئايلا تىزىغا بېشىنى قويۇپ بېرىلىپ چۆچەك ئاڭلاۋاتقان نەۋرىسى مەۋلاننىڭ ئۇچىسىنى سىلىغاچ، — ئانىدىن كېيىن باغراش كۆلىگە بارغايمىز. كۆل ئىچىدە ئەجدىھا نەسلىدىن بولغان سۇ ئېتى — تاي بورۇل بار. تۈن نىسپى بولغاندا، ئانىسى قۇلا بايتال تاي بورۇلنى ئەگەشتۈرۈپ كۆل بويىغا چىقىدۇ...

① قەدرى كېچىسى — رامىزاننىڭ 27 - كۈنى كېچىسى.

— چوڭ ئانا، ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟ — دەپ سورىدى ئون ئىككى ياشلىق مەۋلان تاقەتسىزلىنىپ. ئۇنىڭغا خۇددى تاي بورۇل ھازىرلا قېچىپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلدى.

— مانا سۆزلەۋاتىمەنغۇ؟ جىم تۇرۇپ ئاڭلىغىنا! — دەپ نەۋرىسىنى جىملىدى ئايىسخان ئايلا، — شۇ زامانلاردا بۇ ئەلدە، تاي بورۇلنى كىم قولغا چۈشۈرسە، بۇ ئالەمدە سامادا پەرۋاز قىلـغاي. ئەزەلدىن - ئەبەدكىچە ئۇنىڭ يېنى يەرگە تەگمىگەي، بەخت - سائادىتىنى تاپقاي، ئۇنىڭغا ھېچكىم تەڭ كېلەلمىگەي، دېگەن رىۋايەت تارقالغانىكەن.

شۇنداق قىلىپ، موماي ئوغلىنى باشلاپ كۆل بويىغا كېلىپتۇ. بىر كەملەردە قارىغۇدەك بولسا، كۆلنىڭ يۈزى داۋالغۇپتۇ. قۇلا بايتال قاتتىق بىر كىشنەپ سۇنىڭ ئىچىدىن سەكرەپ ساھىلغا چىقىپتۇ. بىردەمدىن كېيىن، بېلىقتەك ئويناپ، يېقىملىق كىشنەپ تاي بورۇل پەيدا بولۇپتۇ. ئۇ، ئەركىلەپ قۇلا بايتالنىڭ سول تەرىپىدىن ئېمىشكە باشلاپتۇ.

مومايىنىڭ ئوغلى تاي بورۇلنى تۇتماقلىققا بەل باغلاپتۇ. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى قارا كاپىر دېگەن پادىشاھ پۈتۈن دۇلدۇللىرىنى ئىشقا سېلىپ ئۇنى قوغلاپ زادىلا تۇتالمىغانىكەن. تاي بورۇل قاناتلىنىپ ساما يېرىپ ئۇچار ئىكەن. ئۇ شۇنچە چىرايلىق، شۇنچە ئۇچقۇر ئىكەنكى، نى - نى ئوغلانلار ئۇنى تۇتالماي ھەسرەت چېكەر ئىكەن. كۆل بويىدا تاي بورۇلنى ئەگەشتۈرۈپ ئوتلاۋاتقان قۇلا بايتال ئادەمنىڭ ھىدىنى سېزىپ، تاي بورۇلنى ئەگەشتۈرۈپ كۆلنىڭ دولقۇنلىرىغا شۇڭغۇپتۇ - دە، بىر دەمدە كۆزدىن غايىپ بولۇپتۇ. موماي تاي بورۇلنى تۇتالماي تولا يىغلاپ ئىسسىدىن كېتىپ يەردە ئولتۇرۇپ قالغان ئوغلىنى يۆلەپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ:

— يىغلىما ئوغلۇم، يىغلايدىغان ھېچ ئىش يوق. تاي بورۇلنى تۇتماق شۇنچە ئوڭاي ئىش دەپسەنمۇ؟ ئەجىرسىز ئۈمىد

ئىشقا ئاشمايدۇ. كىشىلەرنىڭ يامان كۆز، يامان سۆزلىرىدىن ئېھتىيات قىل ئوغلۇم. تەگرىم ئەزىز بېشىڭنى ئامان قىلسا، چوقۇم تاي بورۇلنى مىنىپ كېلەرسەن!... دەپتۇ.

مەۋلاننىڭ ئۇخلاپ قالغانلىقىنى كۆرگەن ئايسخان ئايلا ئۇنىڭ بېشىنى سۇپىدا قويۇقلۇق تەكىيەگە قويدى ـ دە، ئۆزىمۇ مەۋلاننىڭ يېنىدا ياتتى.

ئايسخان ئايلا بەكمۇ تېز قېرىپ كەتتى. ئۇ بىرى كەم يەتمىش ياشقا كىرىپ قالغانىدى. ئۇ ھەممە قېرىپ، كونىراپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى. ئۇنىڭ كۆزىگە قېرى باغراشمۇ كىچىكلەپ قالغاندەك، قەدىناس بوۋىيى نادىر ئاخۇندىن قالغان كۆلبىسىمۇ كونىراپ، پاكارلىشىپ دۇمچىيىپ قالغاندەك كۆرۈنىدىغان بولدى.

بۇ يەردىن پەسكە قارىسا، كۆل بىر پارچە ئەينەكتەك تىنىق ھالەتتە پارقىراپ كۆرۈنەتتى. بۇ يەر ـــ تۈگمەن جىلغىسىنىڭ يۈرىكى، ياپىيېشىللىقتا پۈركەنگەن جاي ئىدى. قوپال چوققىلار يىراقتىن چوقچىيىپ كۆرۈنەتتى. تاغ باغرىغا جايلاشقان تۈگمەن مەھەللىسى بىردىنلا ئۆزگەرگەن ۋە كىچىككىنە بىر خىلۋەت، يوشۇرۇن دۇنيانى شەكىللەندۈرگەن. بۇ يەردە ئىللىق كەيپىيات بار ئىدى. ئادەملىرى يۇۋاش، رايىش، بۇ يەردىكى ھەممە نەرسە تىپتىنچ ئىدى. ھەتتا تاغ داراسىدىن ئېقىپ چىقىدىغان تىنىمسىز سۇلارمۇ مەھەللىگە كىرگەندە، ئېرىق ـ شاخابچىلارغا سولىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ شارقىراشلىرىنى بىردىنلا توختىتاتتى ـ دە، تىنچ ئېقىپ بېرىپ باغراشقا قۇيۇلاتتى.

تۈگمەننىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدە بىر پارچە چىملىق بار ئىدى. سالقىن، يۇمشاق، يېشىل پاياندازدەك بۇ چىملىق تېك يارنىڭ ئاستىغا قەدەر، كۆلنىڭ بۇ تەرىپىدىكى بىر

پارچە تەكشى كەتكەن دۆڭلۈكنىڭ ئۇدۇلىدىكى قارىياغاچلىقتا قە-
دەر سوزۇلغانىدى. دۆڭدىكى گۈل - گىياھلار ئىچىدىكى قىزىل،
يېشىل، سېرىق رەڭلىك گۈللەر كۆزنى ئالاھىدە چاقنىتىپ تۇراتتى.
تۈگمەن جىلغىسىنىڭ ئىچى خىلۋەت ماكان ئىدى. جىلغىسىنىڭ
باش تەرىپىگە بارغاندا، تىك يارلار بىر - بىرىگە يېقىنلىشىپ
باراتتى. تاشلارنىڭ ئۈستىدىكى مۇخلارنى پىلەك، يالمانقۇلاق،
پاقا يوپۇرمىقى. لويلا كۆكات ۋە قارىياغاچنىڭ شاخلىرى
گويا يېشىل پەردىدەك يوشۇرۇپ تۇراتتى. جىلغىنىڭ ئۈستىدىن
ئېغىز ئىچىگە نەزەر سالغاندا، قاتمۇ قات غوللار، تاغلار،
يېشىل قارىغايلىقتا پۈركەنگەن تاغ ئېتەكلىرى تۇمان ئىچىدىن
غۇۋا كۆرۈنەتتى. يەنىمۇ يىراقتا ئاپئاق قارلىق چوققىلار قۇياش
نۇرىدا گويا كۆك ئاسماندىكى ئاق بۇلۇتتەك تاۋلىنىپ تۇراتتى.
تۆۋەنگە قارىسا، مەھەللىدىكى مېچىتنىڭ قۇببە - پەشتاقلىرى
كۈمۈش رەڭدە يالتىراپ كۆرۈنەتتى.

جىلغا ئىچىدە چاڭ - توزان يوق ئىدى. دەرەخ يوپۇر-
ماقلىرى، گۈللەر پارقىراپ تۇراتتى. يۇمران ئوت - چۆپلەر
ماموق كەبى يۇمشاق ئىدى. كۆل بويىدا ئۆسكەن ئۈچ تۈپ
ئاق تېرەكنىڭ ئاق توزغاقلىرى ئاستا لەپىلدەپ ئۇچۇپ يەرگە
چۈشەتتى. دۆڭدە ئۆسكەن ئىلما دەرەخلىرىنىڭ ھال رەڭ
گۈللىرى ھاۋاغا باھار ھىدىنى تەكشى سېپىپ تۇراتتى. ئۇلار-
نىڭ تەجرىبىلىك يوپۇرماقلىرى پات يېقىندا يېتىپ كېلىدىغان
يازنىڭ قۇرغاقچىلىقىدىن ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىش ئۈچۈن،
سەل - پەل قورۇلۇپ قالغانىدى. دۆڭلۈكنىڭ دەرەخلىرىنىڭ
سايىسى چۈشمىگەن يەرلىرىدە ئۆزگىچە تۈر بىلەن ئېچىلىپ
كەتكەن پىياز گۈللەر خۇددى ئۇچۇشتىن توختىغان سانسىز
كېپىنەكلەر قانىتىنى تىترىتىشىپ، باشقىدىن ئۇچۇشقا تەييار
تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. گۈللەرنىڭ قىزىلچىسى ھېسابلىنىدىغان
نامازشام گۈلى كىشىلەرنىڭ كۆزىچىلا سەھەردىكى قىزىل

رەڭدىن گەچتە سېرىق رەڭگە ئۆزگىرىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ بۈككىدە، توختىماستىن ئېچىلىدىغان رەڭگا رەڭ گۈللەردىن ئۆزگىچە تاتلىق خۇش پۇراق تارقىلاتتى. بۇ گۈللەردىن باھارنىڭ شېرىن پۇرىقى كېلەتتى.

بۇ يەردە قىلچە شامال يوق ئىدى. ھاۋادىكى خۇش پۇراق كىشىنى مەست قىلغۇدەك ئىدى. ئەگەر ھاۋا بەكلا نەم بولۇپ كەتسە، بۇنداق خۇش پۇراق ئادەمنى بىزار قىلغان بولاتتى. لېكىن بۇ يەردە ھاۋا ناھايىتى ساپ، ئارامبەخش ئىدى، كېچىلىرى ئاسماندا چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلار ھاۋادا ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك يورۇق كۆرۈنەتتى.

كېپىنەكلەر ئاندا - ساندا ئۇياق - بۇياققا ئۇچۇپ قالاتتى. بەزى چاغلاردا تاغ ھەرىسىنىڭ كىشىنى ئەللەيلەي-دىغان غوڭۇلدىشى ئاڭلىنىپ قالاتتى. تەييارغا ھەييار بۇ ئالقاناتلارنىڭ زىياپەت داستىخىنىدا قىستىلىشىپ، بىر - بىرى بىلەن جېدەللىشىدىغان ۋاقتىمۇ يوق ئىدى. ئېرىقتىكى تىپ-تىنچ ئاققان سۇ بەزىدە خۇددى پىچىرلىشىۋاتقاندەكلا ھېلىدىن-ھېلىغا شىلدىرلاپ قوياتتى.

جىلغىنىڭ بۇ يۈركىدە ھەممە نەرسىنىڭ ھەركىتى خۇددى لەيلەپ يۈرگەندەك تۇراقسىز ئىدى. قۇياش نۇرى ۋە كېپىنەكلەر دەرەخزارلىقتا ئۈزۈپ يۈرەتتى. ھەسەل ھەرىسىنىڭ ناخشىسى ۋە ئېرىق سۇلىرىنىڭ شېرىن پىچىرلاشلىرى گاھ ئاڭلىنىپ، گاھ يوقاپ تۇراتتى، لەيلەپ يۈرگەندەك ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان رەڭلەر ۋە ھېلى ئاڭلىنىپ، ھېلى يوقاپ كېتىدىغان ئاۋازلار گويا بىر پارچە نازۇك توردەك پۈتۈن ئەتراپنى قاپلىغانىدى. بۇ مۇشۇ يەرنىڭ روھى ئىدى. بۇ تىنچلىق روھى ئىدى، ئۇنىڭدا ھالاكەت ئەمەس، بەلكى ھاياتلىق-نىڭ تومۇرى سوقۇپ تۇراتتى. ئۇ تىنچ، ئەمما ئۆلۈك ئەمەس، ئۇ شوخ ئەمما ھەرىكەتسىز ئىدى. بۇ كۆرەش ۋە ئازابقا

ئولغان جەسەدنى تۇرمۇش بولماستىن، بەلكى ھاياتنى كۆچكە ئېگە. خاتىرجەم، ئاسايىشلىق تۇرمۇش ئىدى. بۇ يەردىكى روھ تىنچ تۇرمۇشنىڭ روھى ئىدى. بۇ روھ تاكى يېقىنقى زامانلارغا قەدەر گۈللىنىشتىن راھەت ۋە قانائەت تېپىپ، ھەر ھالدا يىراقتىكى ئۇرۇش ۋە يېغىلارنىڭ كاشىلىسىغا ئۇچرىماي كېلىۋاتقانىدى.

شۇ كۈنلەردە، شەيخ مۇھەممەت سەئىد ۋەققاس ۋە شەيخ ئەھمەت باغدادى دېگەن ئىككى تېجىمەل ساياھەت قىلىپ ئىراق تەرەپتىن چىقىپ، بەدەخشان تەرەپلىرىدە توختاپ قالغانىدى. ئۇلار بەدۆلەتنىڭ ۋاقىئاتلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنى مۇبارەكلەپ، ئۆزلىرىنىڭ پەزىلۇ - دىيانەتلىرىنى ئىزھار قىلىپ، قەشقەرگە خەت يازغانىدى. بۇ خەتتە: «بىزلەر مەككە مۇئەززەمە شەرىپلىرىنىڭ ساپ نەسەبلىك ئەۋلادلىرىدىن بولىمىز. ھەزرىتى رەسۇلۇللا سەللەللاھۇنىڭ مۇبارەك قەبرە - باغىستانلىرىدىن بېشارەت بولۇپ، رىسقىمىز بۇ دىيار- لارغا چۈشتى. خېلى مۇددەتتىن بۇيان، بەدەخشان ئۇلۇغلىرى- نىڭ ئىلتىجا - تەلەپلىرى بىلەن بۇ جايدا تۇرۇپ قالغانىدۇق. ھالا بۈگۈنكى كۈندە، ئەمىر ئىسلام جانابىي ئالىيلىرىنىڭ ئىسلام قىلىچىنى ئوينىتىپ، تۇران يۇرتىدا ئىسلام تەرتىپلىرىنى جارى قىلدۇرغانلىقىدىن ۋاقىپ بولدۇق. جانابىي ئالىيلىرىغا بۇ دۇنيالىق ۋە ئاخىرەتلىك توغرىسىدىن بىرنەچچە كەلىمە سۆز قىلىش لازىم ۋە زۆرۈر كۆرۈلدى. ھازىر بىزگە ئالەمۇلغايىب- تىن شۇ نەرسە مەلۇم بولدىكى، ئۆزلىرىنىڭ جەمئىي يۇرتلىرىغا ئىلاھ قازاسى بىلەن بىر ئاسماندەك ئاپەت چۈشۈپ تۇرۇپتۇ، بىر ئىلاجى قىلىپ، ۋەقە يۈز بېرىشتىن بۇرۇن، بۇنىڭدىن قۇتۇلماق لازىم. جانابىي ئالىيلىرى باشلىق ھەممە چوڭ - كىچىك ئۆلىما ۋە پەزىلالار، ئەمىر ۋە ئەمرائىيلار،

پۇقرايۇ پەقىر، بەگۇ بېگات، ئەكابىر - ئەشرەپلەر ئاتا -
بوۋا ۋە ئۇلۇغ ئەرۋاھلارغا سېغىنىپ، يېڭىباشتىن توۋۋا قىلىمى-
ڭلار، يالۋۇرۇپ يىغا - زارە قىلىمىغىڭلار لازىم. نەزىر -
نىياز، خەير - سەدىقىلەرنى ئادا ئەيلەپ، بۇ بالايى ئەزەم-
دىن نېرى قاچماق لازىم. شۇ ۋەجىدىن ئامان ۋە نەجات
تېپىشقا دۇئا ۋە ئىلتىجا قىلغايلا. بىزمۇ كېچە كۈندۈز
دۇئاغا مەشغۇلدۇرمىز» دېگەن سۆزلەر يېزىلغانىكەن.

بەدۆلەت بۇ خەتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئەكابىر - ئەشرەپ، ئەمرۇل - ئۇمرالىرىنى دەرھال ھازىر قىلدى - دە، بۇ خەتنىڭ مەزمۇنىدىن ئۇلارنى دەرھال ۋاقىپلاندۇردى ھەمدە ئۆزى باشلىق ھەممىسىلا يېڭىدىن ئالاھىدە توۋۋا قىلىپ، يۇرت - ۋىلايەتلەرنىڭ ھاكىمبەگلىرىگە، قازى - قۇززاتلىرىغا ۋە بەگ - بېگات، پۇقرايۇ پېقىر، ئاممۇ خاسقا ئېلان جاكارلىتىپ: «ھەر قانداق كىشى مەنئى قىلىنغان يامان ئىشلاردىن يېنىپ، توۋۋا - ئىستىغپار ئوقۇپ، مازار - ماشايىخلارنىڭ ھەققىگە نەزىر - سەدىقە بەرسۇن!» دەپ، ئالىي ئىنايەتنامە چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ئەل - ئايماق، يۇرت - شەھەرلەردىكى كىشىلەر تېخىمۇ تەقۋادار، ئىخلاسمەن بولۇپ، بىتەرەت يەرگە دەسسىمەيدىغان، ناشايان ئىشلارغا نەزەر - كۆزىنى سالمايدىغان بولۇپ كېتىشتى. يەتتە ياشتىن ئاشقان ئەركەكلەر سەللىسىز كوچا - كويلارغا چىقمايدىغان، بەش ۋاخ نامازنى مېچىتسىز ئوقۇمايدىغان، يەتتە ياشتىن ئاشقان قىز - سېكىلەكلەر پەرەنجىسىز يۈرمەيدىغان، ئۆزىنىڭ ئاتا - ئانىلىرى ۋە بىر تۇغقان قېرىنداشلىرىدىن باشقىلارغا كۆرۈنمەيدىغان بولۇپ كېتىشتى.

بەدۆلەت — ئاتالىق غازى ھېلىقى كاززاپ شەيخلەردىن ئامانلىق سوراپ، ئۇلارغا تۆھپە - ھەدىيە ئەۋەتىپ، ئىنايەتنامە بەردى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككى بەدبەختنىڭ ئىشىكى تۆت

چىشلىق بولۇپ، «بىزنىڭ دېگەنلىرىمىز ياقۇببەگ باشلىق يەتتە شەھەر ئادەملىرىگە تەسىر قىلىپتۇ. ئەمدى ئۆزىمىز بېرىپ پازىل - كارامەت قىلىپ كۆرەيلىچۇ، قېنى ئىشىمىز نەدىن چىقىدۇ؟» دېيىشىپ، ھىيلە - مىكىر، دام - تۇزاقلىرىنى كەڭرى يېيىشتى، يالغانچىلىق دانلىرىنى تەكشى چېچىشتى. شەيخ مۇھەممەت سەئىد ۋەققاس دەرھال ئۆزىنى «مەھدى ئاخىرقى زامان» ① دەپ ئېلان قىلدى. شەيخ ئەھمەت باغدادى ئۇنىڭغا ھەمراھ بولدى، ئۇلار يەكەن دىيارىغا كەلدى ۋە: «بىز سىزلەرنى بەيئەت ۋە ئىناۋەت قىلدۇرۇپ، ھىدايەت يولىغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن كەلدۇق» دەپ، رەسمىي يوسۇندا «ئىمام مەھدى» لىك دەۋاسىنى كۆتۈرۈپ چىقتى.

ئىسلام ئېتىقادىدا پەيدا بولغان بۇنداق خۇراپىيلىق ئاھالىنىڭ رېئاللىققا بولغان نارازىلىقى، ئۇلارنىڭ ھاياتىنى ئەمىر ئىسلام — بەدۆلەت ۋەكىللىكىدىكى پۈتۈن روھانىيلار ۋە يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە يەم قىلغۇچى ئىستىبدات تۈزۈمنىڭ زۇلۇم - ئاسارەتلىرىگە بولغان قارشىلىقى تۈپەيلىدىن تېخىمۇ راۋاجلاندى. بۇنداق نارازىلىق پۈتۈن ئەھلىي مۇسۇلمانلارنى قېرىنداش دەپ ئېلان قىلغان پەتىۋا - پەرمانلار ۋە يەنە خۇددى شۇ شەرىئەت نامىدىن ئىش كۆرىدىغان كاززاپ، مەنپەئەتپەرەس روھانىيلارنىڭ پەتىۋاسىغا تايانغۇچى مەئمۇرلارنىڭ زوراۋانلىقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر تۈپەيلىدىن بارغانسېرى چوڭقۇرلىماقتا ئىدى.

قەشقەر خەلقئارا سودا يولى ئۈستىگە جايلاشقانىدى.

① مەھدى ئاخىرقى زامان — ئاخىرقى زاماننى قۇتقازغۇچى، دېگەن مەنىدە. ئۇ ئىسلام دىنىدىكى شىئەلەرنىڭ ئون ئىككى ئىمامىنىڭ ئاخىرقىسى بولۇپ، ئەسلى ئىسمى ئەبۇلقاسىم مۇھەممەت بىننى ھەسەن ئەسكىرىي. مىلادى 875 - يىلى باغدات شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. رىۋايەتتە، ئۇ دادىسى ئىمام ھەسەن ئەسكىرىي ۋاپات بولۇپ، تۆتىنچى يىلى ئۇشتۇمتۇت غايىپ بولغان دېيىلىدۇ.

ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن چىقىپ ھىندىستانغا، روسىيىگە، شام ئەجەمگە، بۇخارا ـ سەمەرقەندلەرگە ۋە بۇ يەرلەر ئارقىلىق رۇم ـ پەرەڭ ئەللىرىگە بارغىلى بولىدىغان يوللارنىڭ ھەممىسى قەشقەردىن ئۆتەتتى. بۇ يەردىكى جەڭگى ـ جېدەللەر، يوللاردىكى باسقۇنچىلىقلار، ئەمىر ئىسلامنىڭ سارىيىدىكى كۆپرانىي مەئىشەتلەر، خۇراپاتلىقلار ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى بۇ ئەلنىڭ ئىككى ئىقتىسادىي يىلتىزىغا ـ ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودا ـ تىجارەتكە پالتا چاپاتتى. شۇڭا، ئاھالىنىڭ يوشۇرۇن مەجلىسلىرىدە، سودىگەرلەرنىڭ كارۋان سارايلىرىدا ئەمىر ئىسلام ھاكىمىيىتى ئۈستىدىن شىكايەتلەر قىلىناتتى.

«پالتا ئۆز سېپىنى كەسمەيدۇ» دېگەن گەپ بار. بىراق، بۇ سۆز يالغان. چۈنكى، پالتىنىڭ سېپى دەل شۇ دەرەخنىڭ ئۆزىدىن ئېلىنىدۇ، ئەمەسمۇ!

ئەمىر ئىسلام بەدۆلەتنىڭ «ھەربىرىڭلار مەنئى قىلىنغان ناشايان ئىشلاردىن يېنىپ، تەۋۋا قىلىپ، خۇداغا يالۋۇرۇپ، نەزىر ـ سەدىقە بېرىڭلار» دېگەن پەرمانى بويىچە، مىرزىلار ئالتە شەھەر تەۋەسىدىكى بارلىق يۇرت، ئايماق، كەنت ـ مەھەللە، يېزا ـ قىشلاقلارغا مازار، مېچىت، خانىقا ياساش ھەققىدە ھاشار ۋە ئالۋان قويۇپ، مۇنداق يارلىقنامە چىقاردى: «... يۇرت بېگى، مىڭبېگى، تۈمەنبېشى، مىڭبېشى، يۈز بېشى، كۆكبېشى، قاپبېشى قاتارلىقلارغا، چوڭ ـ كىچىك، ئۇلۇغ ـ ئۇششاق ھەممە يۇرت ئەھلىگە مەلۇم بولغايكى، ھەممەيلەن ئەمىر ئىسلام بەدۆلەت جانابى ئالىيلىرىنىڭ پەرمانىغا بىنائەن، ئۇلۇغ ئاپپاق خوجا بۇزرۇكۋارىمىزنىڭ مازارى شەرىفى ۋە باشقا مازارگاھلار ئۈچۈن ئىشلىسۇن. مۇشۇ يارلىق يېتىپ بارغاندىن باشلاپ يۇقىرىقى ئادەملەر بىردىن كەتمەن، بىردىن زەمبىل، بىردىن قاپ، ئوزۇق ـ تالقان،

قىلىچ ـ قالقان، چوپۇن ـ داڭقان قاتارلىق نەرسە ـ كېرەكلىرىنى بىللە ئېلىپ كېلىپ، ھەزرەتنىڭ ھاشىرىغا ئىشلەپ قايتقاي! مۇبادا، بۇ ئىشقا گىردىيلىك قىلىپ، ھايال بولغۇچىلار كۆرۈلسە، قاتتىق جازالىنىپ زىندانغا تاشلانغاي، گۇناھى ھەرگىز كەچۈرۈم قىلىنمىغاي! ئەييۇھەننas! ئىشتىڭىگلار ئامۇ خاس!»

ئالتە شەھەر تەۋەسىدىكى بۇ خانىقا، مازارگاھ ھاشىرى يېزا ـ قىشلاقلار ئۈچۈن ئاپەت بولدى. ئاھالە ئارىسىدىكى ئاساسلىق ئەمگەك كۈچى بولغان ئەرلەر ھاشارغا ھەيدەپ كېتىلگەندىن كېيىن، يەرلەر تېرىقسىز قالدى. دېھقانلار قاقشىماقتا ئىدى. يەرلەرمۇ قاقشىماقتا ئىدى. ئەرلەر بىلەن ئات ـ ئۇلاغلار ھاشارغا ھەيدەپ كېتىلگەندىن كېيىن، ئىشنىڭ نۇرغۇنىنى خوتۇنلار بىلەن ئېشەكلەر قىلىدىغان بولۇپ قالدى. ئايىسخان مومايىنىڭ ئاق ئېشىكى پۇتۇنلەي دەرماندىن كەتكەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئايىسخان موماي ئۆزى يەيدىغان ئاخىرقى نانىنىمۇ ئۇنىڭغا بۆلۈپ بېرەتتى. مومايغا نەۋرىسى مەۋلانىلا ياردەم قىلالايتتى. ئۇ ھەممە ئىشقا ئۈلگۈرۈش ئۈچۈن يۈگۈرۈپ يۈرەتتى. ئۇ ئېشەككە يەم بېرىشكىمۇ، ئۆشكىگە ئوت ئەكىلىشكىمۇ، سۇ ئەكىلىشكىمۇ، ھەتتا سېۋەت توقۇش ئۈچۈن مومىسىغا تال چىۋىق توشۇپ بېرىشكىمۇ ئۈلگۈرەتتى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە تولا سۆزلەيتتى. ئۇ بىر ۋاقىتلاردا چوڭ دادىسى بىلەن قاراشەھەرگە بارغانلىقىنى زادىلا ئېسىدىن چىقارمىغانىدى.

ـ بىز خۇددى جەننەتنىڭ ئۆزىدىن ـ دەريانىڭ يېنىدىن ئۆتكەنىمىز، ـ دەپ ماختىناتتى ئۇ قارا شەھەر دەرياسىنى ئەسلەپ.

ـ بۇ يىل يەرنى قانداق قىلارمىز؟ ـ دەپ خۇرسىندى ئايىسخان موماي.

ـ سۇ بولمىسا، قانداق تېرىش مۇمكىن؟ ـ دەپ ئېتىراز بىلدۈردى مەۋلان.

— ئۇنىڭغۇ راست، بىراق يەرنى تېرىمىساق، ئەمىر ئىسلام-
نىڭ زاكاتچىلىرىغا نېمىنى بېرىمىز؟— دەپ ئۆزىچە غودۇڭ-
شىدى ئايىسخان موماي.— تېرىيلى دېسەك، ئۇرۇق بولمىسا؟
چېقىر ئۇچمە پىشىقىغا يەنە ئىششەك ۋاقىت بارغۇ؟
تۇرمۇش كەچۈرۈش بارغانسېرى ئېغىرلاشماقتا. مازار
ھاشىرى بولسا سوزۇلۇپ كېتىۋاتقانىدى.
كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىۋاتقان خۇراپاتلىق ۋە تەپرىقە-
چىلىك تەھدىتى ئەل - يۇرتنىڭ غېمىنى يەيدىغان، پىتنە -
پاساتقا ۋە ئەلنى پارچىلاشقا قارشى بىر قىسىم پازىل
ئۆلىمالارنىڭ ھەققانىي غەزىپىنى قوزغىماي قالمىدى. ئۇلار
ئەمىر ئىسلام بەدۆلەتكە: «شەرىئەت ۋە مىللەتنىڭ توغرا ۋە
پاك ھۆكۈم - يوللىرى بويىچە، بۇ دەۋاگەر كاززاپلارنىڭ
جازاسىنى بېرىپ، ئەھلى مۇسۇلمانلارنى بۇ ئالدامچىلارنىڭ
كاساپىتىدىن ئامان قىلمىساق، ئەل بۇزۇلىدۇ» دەپ ئەرز قىلدى.
بۇ چاغدا، فىقىھ ئىلمىنىڭ ئەللامەسى زىيائىددىن
داموللا يەكەندە قازىكالان ۋە شەيخۇلئىسلام بولۇپ تۇرۇۋاتقا-
نىدى. ئۇ بۇ شەيخلەرگە: «بۇنداق بىمەنە دەۋالارنى قىلىپ،
ساراڭلىق قىلماڭلار، يۇرتنى بۇزماڭلار!» دەپ، شەرىئەت
يولىنى كۆرسىتىپ، پەند - نەسىھەت قىلىپ باققان بولسىمۇ،
ئەمما بۇ ئازغۇنلارنىڭ قارا كۆڭلى قىلچىمۇ تەۋرەپ
قويمىدى. ھەتتا، بۇنىڭدىنمۇ چوڭ ۋە ئاجايىپ دەۋالارنى
قىلىپ چىقىشتى: «خۇداۋەندە ئالىميان ئۆز ئىرادىسى ۋە
تىلىكى بويىچە، ئۆزىنى ئەمىر ئىسلام بەدۆلەتنىڭ ۋۇجۇد
شەكلىدە كۆرسەتكەن، بۇ روھىي - زېمىنىنىڭ خۇداسى -
بەدۆلەتتۇر. بىزنى بەدۆلەت سىزلەرنى ھىدايەتكە باشلاشقا
ئەۋەتكەن. بۇنى ئۆزى بىلىدۇ، مۇبادا بىزنى ئۆلتۈرسەڭلار، ئاس-
مان چوغ، يەر - زېمىن قوغ بولۇپ، بىزنىڭ قېنىمىزدىن لەكمىڭ،
لەكمىڭ قورال - ياراقلىق ئەسكەرلەر پەيدا بولىدۇ، ئۇلار يەتتە

شەھەرنى، ھەتتا پۈتۈن زېمىننى خاراب ۋە كۆمپەيكۇم قىلىپ تاشلايدۇ. بىزنى سەل چاغلاپ، بىرەر چوڭ بالا-قازاغا مۇپتىلا بولماڭلار!» دەپ تېخىمۇ چوڭ بىسمەنە سۆزلەرنى قىلىشىپ يۇقىرانى پاراكەندە قىلدى.

ئالتە شەھەر خەلقى مۇنداق خوجا دەۋاسى قىلغۇچىلاردىن جاق تويۇپ كەتكەنىدى. ئىش بۇ يەرگە يەتكەندە، ھەممە شەرىئەتشۇناس ئۆلىمالار بىر نىيەتتە بولۇپ، بىر يەردىن قول چىقىرىشتى. قازىكالان، شەيخۇلئىسلام زىيائىددىن داموللا بۇ يالغانچى ئازغۇنلارنى ئاخىرى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى. ئۇلۇغ-ئۇششاقلارنىڭ ھەممىسى ھازىر بولۇشۇپ، بۇ كاززاپلارنى بىر كەڭرى مەيدانغا ئېلىپ چىقىپ، يەرگە بېلىگىچە كۆمدى. ئالدى بىلەن قازىكالان تاش ئاتتى. ئاندىن ئۇلۇغ-ئۇششاقلارنىڭ ھەممىسى تاكى بۇ ئازغۇنلار ئۆلگەنگە قەدەر ئۇلارنى چالما-كېسەك قىلىشتى. بۇ پاك زېمىننى ئۇ بۇزۇقلارنىڭ يامانلىقىدىن تازىلىدى.

بۇ ئىش گەرچە شۇ چاغلاردا يۈز بەرگەن قىسقا بىر پەردىلىك كومېدىيە بولسىمۇ، ئەمما، مۇشۇ ئىلدىكى نادان خەلقنىڭ ئېڭىغا قاتتىق تەسىر قىلماي قالمىدى. كىشىلەرنىڭ ئاغزىدا، «ئىمامى مەھدى ئاخىرقى زامان دۇنياغا كەپتۇ، ئاخىرقى زامان بولغۇدەك» دېگەن ۋەھىمىلىك سۆزلەر تاكى بەدۆلەت ئۆلگەنگە قەدەر ئېقىپ يۈردى. بۇ ئىشتىن پىتنە بىلەن تەپرىقىنىڭ ئەل-يۇرتنى خاراب قىلىشتىكى رولىنىڭ نەقەدەر چوڭ ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئايىسخان ئايلىنىڭ چاچلىرى سارغىيىپ شالاڭلاشتى. كىرپىكلىرىمۇ تۆكۈلۈپ تۈگەيلا دەپ قالدى. ئۇچتەك ئاقارغان ئاپئاق چاچلىرى ئۇزاقتىن بۇيان تارغاق كۆرمەي چىگىشلىشىپ

كەتكەندى. موماينىڭ ئۇستىخانلىرىمۇ يىگىلەپ قۇرۇلۇپ قالغانىدەك، بوي - بەستىمۇ كىچىكلەپ كەتكەندەك كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ئۆزىمۇ بەدىنىدىن ئەت قاچقانلىقىنى، پەقەت تېرىسى بىلەن ئۇستىخىنىلا قالغانلىقىنى سېزەتتى.

ئايىسخان ئايلا پالۋانەدەك بەش ئوغۇل، ھۆرلەردەك ئۈچ قىزغا ئانا بولغان. نەۋرە - چەۋرىلىرى مول ئىدى. ئۇنىڭ نەزەرىدە باللىرى بىردىن شەھەرنىڭ ئىگىسى ئىدى. جاھانگىر خوجا يېغىلىقىدا ئايىسخان ئايلىنىڭ ئائىلىسى مۇشۇ خىلۋەت ماكانغا قېچىپ كېلىپ ئورۇنلاشقانىدى. كېيىن مانجۇلار كېلىپ ھەممە بېساتىنى بۇلاپ كېتىپ، ئۇلارنى سويغان پەيازدەك يالىڭاچلاپ قويغانىدى. ئوغۇللىرى ھاشاردىن قېچىپ، بېشىنى ئېلىپ باشقا يۇرتلارغا قېچىپ كېتىشتى. قىزلىرى مۇشۇ مەھەللىدە ياتلىق قىلىنغان بولۇپ، ئۇلار ئۆيلىرىدە ئۆز تىرىكچىلىكى بىلەن مەشغۇل ئىدى، موماينى ئارىلاپ - ئارىلاپ يوقلاپ قويۇشاتتى، خالاس. رەھمەتلىك قەدىناس بوۋىيى ئۇنى كۈنجۈتلۈكتىكى قارانچۇقتەك يالغۇز تاشلاپ قويۇپ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ تولا غېرىبسىنىدىغان بولۇپ قالغانىدى. «ھېلىمۇ ياخشى مەۋلانجاننى يېنىمغا ئەكەلتۈرۈۋاپتىكەنمەن» دەپ ئويلايتتى ئۇ بەزىدە قەدىنىسى ئېسىگە كېلىپ قالسا.

قەدىناس بوۋىيىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا قېرىلىقمۇ تېز يېتىپ كەلدى. دەسلەپتە كۆزلىرى خىرەلەشتى، بارا - بارا يېنىدىكى نەرسىنى تازا ئېنىق ئىلغا قىلالمايدىغان بولۇپ قالدى. بەزىدە ئىش - ھەرىكىتى تازا قولاشماي قالاتتى. بىراق، ئۇنىڭ زېھنى كارامەت كۈچلۈك بولۇپ، چۆچەككە تولىمۇ ئۇستا ئىدى. ئۇنىڭ چۆچەكلىرى كېچە - كېچىلەپ ئېيتسىمۇ زادىلا تۈگىمەيدىغاندەك قىلمايتتى.

ئۇ تولىمۇ تەقۋادار ئىدى، ئۇزاق يىللاردىن بۇيان بەش ۋاخ نا- مازنى تاشلىماي، روزا - پەرھىزنى تەرك ئەتمەي كەلدى. ھەرنامىزى-

دا پەرزەنتلىرىنىڭ بەختىنى تىلەپ، خۇداغا چىن دىلىدىن سېغىناتتى.

بىر كۈنى، ئايسخان ئايلا ھەقەمسايىسى تىللاخان چوڭ ئانىسىنىڭ يېنىغا كىرىپ، ئۇ يەردە جىنىدەك ئولتۇرۇپ ھال - مۇڭ قىلىشتى. خېلى ۋاقىتلاردىن كېيىن، ئايسخان ئايلا ئۆز كولبىسىغا قايتىپ ماڭدى. ئۇ، يولدا مەھەللىنىڭ مەسچىتى ئەمەت ئۇستام بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. بۇ ئادەم بىر يۈز ئون بەش ياشقا كىرگەن ئادەم ئىدى.

— ئەسسالام!— دەپ تەزىم قىلدى ئايسخان ئايلا،— ياخشى تۇردىلامۇ ئەمەت چوڭ دادىكا؟

— ھە، بۇ سەنمۇ ئايسخان؟ تىنچ تۇردۇڭمۇ؟ نەدىن كېلىۋاتىسەن؟— دەپ سورىدى ئەمەت ئۇستام ئۇنىڭ سالىمىنى ئېلىك ئالغاچ. بۇ ئادەمنىڭ ئاۋازى ياش ۋاقتىدىكىدەكلا جاراڭلىق ئىدى.

— ياراتقان ئىگەمنىڭ شاپائىتى، روھ - ئەرۋاھ-لارنىڭ مەددىتى بىلەن مۇشۇنچىلىك تۇرۇۋېتىمەن. تىللاخان ئايلىنى يوقلاپ چىقاي دەپ بۇ تەرەپكە ئۆتكەنىدىم. ئۆزلىرى تىنچ تۇرۇۋېتىلا، چوڭ دادىكا!

— ھەي، نېمىسىنى دەيسەن ئايسخان؟ بۇ ئاي بۇ كۈنلەردە ئادەم قېرىغانسېرى ئۆزىنىڭ ياشلىق چاغلىرىنى ئەسلەيدىغان بولۇپ قالىدىكەن، — دېدى ئەمەت ئۇستام،— ياش چوڭايغاندا، ئىش - ھەرىكەت ئۆي - ئىچى ۋە ھويلا - ئارام بىلەنلا چەكلىنىپ قالىدىكەن. ئادەمنىڭ دوست - يار، بۇرادەر-لىرى بىلەن مۇڭداشقۇسى كېلىدىكەن. شۇڭىنىسى، ئارمانىغا چۇشلۇق دەرمان يوق دېگىنە!

— شۇنى دېمەمدىلا! سىلىغۇ كۆپنى كۆرگەن، كۆپنى بىلىدىلا!

— قېرىدۇق ئايسخان، كېرەكسىز بولۇپ قالدۇق. قارىسام-

سەن! مۇشۇ كۈن، مۇشۇ ئايلاردا ھەتتا ئۇزاق يىللار بىللە ئۆتكەن قەدىنىسىمۇ مېنى رەنجىتمىۋاتىدۇ. كۆڭۈل ئاياشنى زادى بىلمەيدىۇ، بۇ جاڭۋا!

— ھە، يەنە غىژىلدىشىپ قالغان ئوخشىمامدۇق، چوڭ دادىكا! بۇ قانداق گەپ؟ خەقلەر ئاڭلىسا سەت بولمامدۇ؟

— ھەي نېمىسنى دەيسەن، ئايىسخان؟ سەت بولىدۇ، دەپ مۇشۇ يەرگە كەلدىم. ئوتتۇزدەك نەۋرە - چەۋرە، كۈكۈن نەۋرىلىرىم بار مېنىڭ! بۇ شۇملار چوڭ ئانىسى بىلەنلا بولۇشىدۇ، ئۇنى ماڭا قاراتمايدۇ. بايا زېرىكىپ، «زىنۋىدەم! قېنى سەنوي!» دەپ توۋلىسام، ھېلىقى ھارىملار: «چوڭ ئانام يوق!» دەيدۇ. مەن: «بۇ كاساپەت خوتۇن دىسەم - دېمىسەم ئۆمەر قاسساپنى ئىزدەپ كەتكەن چېغى» دەپ ئويلاپ، ئىزدەپ چىقمىشىم،— دەپ چېقىمشتى ئەمەت ئۇستام.

— توۋا! تولىمۇ قىزىق سىلە جۇمۇ، ئەمەت چوڭ دادىكا! تېخىچە چاقچاقتىن قالماپتىلا. ھە راست، سىلىدىن سورايمەن، دەپ يۈرگەن بىر ئىش بار ئىدى.

— قېنى، دە! قۇلىقىم سەندە.

— كىتابلاردا: «شىۋى قەدرىگە يولۇقسا، شۇ ئادەمنىڭ ھەممە دۇئا - تىلاۋىتى ئىجابەت بولۇر» دېيىلىدىكەن. ئۇستام، دەپ باقسىلاچۇ، قانداق ئادەم شىۋى قەدرىگە يولۇقالايدۇ؟

— شىۋى قەدرى رامىزاننىڭ 27 - كۈنى كېچىسى ئۆتىدۇ. مۇشۇ كېچىسى چىن دىلىدىن تائەت - ئىبادەت قىلىپ چىققان ئادەمگە خۇدايتائالا خىزىر ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتەرمىش. خىزىر ئەلەيھىسسالام يېشىل تون، ئاق سەللە ۋە نۇرانە قىياپەت بىلەن مۇبارەك جامالىنى نۇر - شولا ئىچىدە كۆرسىتەرمىش، مۆمىن بەندىلەر ئاشۇ شولىنى تۇتۇپ تىلاۋەت قىلسا، نېمىنى تىلىسە، شۇ تىلىكى ئىجابەت بولارمىش.

— رەھمەت، ئامان بولغايلا، چوڭ دادىكا!— دېدى

ئايسخان ئايلا.

ئۇ نەۋرىسى مەۋلاننى چاقىرتۋېلىپ، يالغۇز كولبىسىغا قايتىپ كەلدى. هويلىدىكى قوزۇققا باغلاقلىق جاغۇل ئۆچكە مەرىدى.

— هە، يىلىنىڭ چىڭقىلىپ كەتتىمۇ؟ جىندەك تەخىر قىل. قولۇمنى يۇيۇپ، نەۋرەمگە چاي بېرىۋېتىپ، ساغىمەن جۇمۇ!

ئايسخان ئايلا نەۋرىسىنىڭ چېيىنى بېرىۋەتكەندىن كېيىن، قوللىرىنى پاكىز يۇيدى ــ دە، جاغۇل ئۆچكىنى سىغىشقا باشلىدى. سىغىپ بولۇپ، ئۆچكىنى قوتانغا ئەكىرىپ قوزۇققا باغلىدى، ئاندىن ئالدىغا بىر باغلام چۆپنى سېلىپ بەردى ــ دە، قوتاننىڭ ئىشىكىنى يېپىپ قويدى. ئەمما، كۆڭلى بىر نېمىنى تۇيغاندەك قىلىپ، قوتاننىڭ ئىشىكىگە يالت قىلىپ قارىدى. قۇلۇپ سالمىغانلىقىنى كۆرۈپ، لوكنى ① چىقىرىپ چىڭ ئېتىپ قويدى. چۈنكى، يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان، بىر دەرۋىش سوپى مۇشۇ ئەتراپنى چۆگىلەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. «ئۆزۈڭگە پۇختا بول، ئۆزگىنى ئوغرى تۇتما» دېگەن سۆز بار، دەپ ئويلىدى ئايسخان ئايلا ئىچىدە. ئۇ سەيناغا سەپسېلىپ قاراپ نەۋرىسى مەۋلاننىڭ يوق ئىكەنلىكىنى كۆردى ــ دە، «مەۋلان! قوزام، قايتىپ كەل. ئىپتار ۋاقتى بولۇپ قالدى. موندەك② ئېتىپ بېرىمەن ساڭا!» دەپ توۋلىدى. مەۋلان يىراققا كەتمىگەنىكەن. چوك ئانىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان هامان هويلىغا ئۇندى ۋە «موندەك يېمەيمەن، سانپىلا چامغۇر بىلەن تۇگىدىكەنسىز!» دەپ غەلۋە قىلغىلى تۇردى.

ئاسماندا يۇلتۇز كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئايسخان ئايلا ئىپتار ۋاقتىنىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، غەلۋە

---

① لوك ــ ياغاچتىن قىلىنغان قۇلۇپ.

② موندەك ــ قوناق ئۇنىدا قىلىندىغان جۇۋاۋا.

قىلىۋاتقان مەۋلاننىڭ قولىغا بىر پارچە ناننى تۇتقۇزدى ـ دە، ئىپتارغا تۇتۇش قىلدى.

شۇ كەچ قەدرى كېچىسى. بۈگۈن كېچىدە ئۇرغۇنلىغان تەقۋادار مۇسۇلمانلار تۈن بويى كىرپىك قاقماي، خۇداغا دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىپ چىقىشىدۇ. ئايىسخان ئايلىمۇ ئىپتارنى قىلىپ بولدى. نەۋرىسى ئۇخلىغاندىن كېيىن، تەرەت ئېلىپ جايىنامازغا ئولتۇردى. قانچە ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى ئۇنتۇپ، قولىدىكى تەسۋىسىنى سىيرىپ ئولتۇرغان ئايىسخان ئايلا روجەكنىڭ سىرتىدا پال ـ پال قىلىپ چاقنىغان شولىنى كۆرۈپ قالدى. بۈگۈن تائەت ـ ئىبادىتىم خۇداغا يېتىپ، تىلىكىم ئىجابەت بولىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدى ئۇ ۋە ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن: «ئاللاھۇممەغفىرلىي زۇنۇبىي ۋەفتەھلىي ئەبۋابە رەھمەتىكە! ئاللاھۇممەغفىرلىي زۇنۇبىي ۋەفتەھلىي ئەبۋابە فەدلىكە!»① دەپ ئوقۇدى. بۇ چاغدا شولا ھېلى ئوڭغا، ھېلى سولغا، بىردەم يۇقىرىغا، بىردەم تۆۋەنگە يۆتكىلىپ تۇراتتى. ئايىسخان ئايلىمۇ شولا نەگە يۆتكەلسە، قوللىرى بىلەن شۇ يەردىكى شولىنى تۇتماقچى بولاتتى ۋە «لەببەيكە ئاللاھۇممە لەببەيكە، لەببەيكە لاشەرىكە لەكە لەببەيكە ئىننەلھەمدە ۋەننىئمە تەلەكە ۋەلمۇلكە لاشەرىكە لەكە!» ② دەپ كەلىمە تەيىبە ئوقۇيتتى.

بىرھازادىن كېيىن، ھېلىقى شولا سۇسلىشىپ بارا ـ بارا يوقاپ كەتتى. ئايىسخان ئايلىمۇ دۇئا ـ تىلاۋەتنى قىلىپ

---

① «ئى ئاللا، مېنىڭ گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغايسەن (كەچۈرگەيسەن) ۋە رەھمىتىڭنىڭ دەرۋازىلىرىنى ماڭا ئېچىپ بەرگەيسەن! ئى ئاللا، مېنىڭ گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغايسەن (كەچۈرگەيسەن) ۋە ياخشىلىق دەرۋازىلىرىنى ماڭا ئېچىپ بەرگەيسەن!»

② «مەن ھازىر بولدۇم، ئى ئاللا مەن ھازىر بولدۇم. مەن ھازىر بولدۇم، سېنىڭ ھېچقانداق شېرىكىڭ يوقتۇر. مەن ھازىر بولدۇم. شەك ـ شۈبھىسىزكى، بارلىق ھەمدۇ سانا، بارلىق نېمەت ۋە پادىشاھلىق ساڭىلا خاستۇر. سېنىڭ ھېچقانداق شېرىكىڭ يوقتۇر.»

بولدى ـ دە، چارچىغىنىدىن ھالىدىن كېتىپ، جايناماز‌غا پوكلا چۈشتى...

ئەتىسى، ھەممىدىن بۇرۇن مەۋلان ئويغاندى. ئۇ جايناماز ئۈستىدە ياتقان چوڭ ئانىسىنى كۆردى:

— چوڭ ئانا! چوڭ ئانا! قورسىقىم ئاچتى!— دەپ ئۇنى ئويغاتماقچى بولدى مەۋلان. چوڭ ئانىسى ئوڭدىسىغا ئۆرۈلدى. ئۇنىڭ ئۇمىدكە تولغان كۆزلىرى خىرەلىشىپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما، چىرايى ئادەتتىكىدەكلا كۈلۈمسىرىگەن ھالدا قېتىپ قالغانىدى.

— چوڭ ئانا، نېمە بولدۇڭ؟— دەپ ۋارقىرىدى مەۋلان يىغا ئارىلاش چوڭ ئانىسىنىڭ قېتىپ قالغان قولىنى سىلكىپ تۇرۇپ.

مەۋلاننىڭ ئېچىنىشلىق يىغىسىنى ئاڭلىغان قوشنىلار ھويلا ئىچىگە يۈگۈرۈپ كىرىشتى. ھويلىدىكى قوتاننىڭ ئىشىكىنىڭ لوكى بۇزۇلغان، قوتاندىكى جاغۇل ئۆچكە بولسا يوقالغانىدى...

ئايىسخان ئايلىنىڭ يەتتە نەزىرى روزى ھېيتنىڭ ئۈچىنچى كۈنى ئۆز ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلدى. خەلقىمىزدە: «ئۆلۈمدىن قاتتىق ئىش بولماس» دېگەن سۆز بار. نارەسىدە مەۋلان بۇنى چۈشىنىپ كېتەلمىسىمۇ، ئەمما، ئۇ ئۆزىنى بىردىنلا چوڭ بولۇپ قالغاندەك ھېس قىلدى. ئۇ مۇنداق بىر دەھشەتلىك ھەقىقەتنى چۈشەنگەنىدى: ئەمدى ئۇنىڭغا تاي بورۇل ھەققىدە ساماۋى چۆچەكلەرنى ھېچكىممۇ سۆزلەپ بەرمەيدۇ. چۈنكى، چوڭ ئانىسى تاي بورۇلغا مىنىپ پەرۋاز قىلغىلى ساماغا چىقىپ كەتتى...

چوڭ ئانىسىنىڭ يەتتە نەزىرىدىن كېيىن، ئاپىسى مەۋلاننى ئېلىپ كەتتى. بۇ ئۆي گەرچە مەۋلاننىڭ ئۆزىنىڭ ئۆيى

بولسىمۇ، ئەمما، ئۇ ھەققىي يېتىملىكنى تېخى ئەمدىلا ھېس قىلىۋاتاتتى. ئۇ ھېچكىم بىلەن پاراڭلاشمايتتى. قەدىردان چوڭ ئانىسىنىڭ مېھرىبان چېھرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن زادىلا كەتمەيتتى. ئۇنىڭغا چوڭ ئانىسى دالان ئۆيىنىڭ ئىشىكىدىن ھازىرلا كىرىپ كېلىدىغاندەك تۇيۇلغاچقا، كۈن بويى ئىشىككە قاراپ تەلمۈرۈپ ئولتۇراتتى......

ئايىسخان ئايلىنىڭ يەتتىسى بولغان كۈنى — يۇرتنىڭ ئازنا بازار كۈنى ئىدى. مەھەللىدىكى ئەزنىۋاقى يوچۇن بىر ئادەمنىڭ «ئۆچكە تېرىسى ساتىمەن» دەپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ شىۋى قەدرى كېچىسى رەھمەتلىك ئايىسخان ئايلىنىڭ ئۆچكىسىنىڭ يىتىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغانىدى. شۇڭا، يوچۇن ئادەمنىڭ ئىش - ھەرىكىتىدىن گۇمانلىنىپ ئۇنىڭ ئالدىغا باردى. قارىسا، ئۇنىڭ قولىدىكىسى دەل ئاشۇ ئۆچكىنىڭ تېرىسى ئىكەن.

— بۇ تېرىنى نەدىن ئالدىڭ؟ — دەپ ئۇنىڭ ياقىسىغا ئېسىلدى ئەزنىۋاقى. بۇ ۋاڭ - چۇڭنى ئاڭلاپ ئادەملەر گۇررىدە ئولاشتى.

— بۇ، ئۆزۈمنىڭ! — دەپ تىلىنى چاينىدى ھېلىقى يوچۇن ئادەم.

كىشىلەر بۇ ئادەمنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ سۆرىگەن پېتى، ئۇنى مەھەللىنىڭ چوڭلىرىدىن بىرى بولغان رېھىمشىق ئىمامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى.

— ئەھۇ، ئەھۇ! سەن نېمە ئادەم؟ ئەھۇ، ئەھۇ! نەدىن كەلدىڭ؟ ئەھۇ، ئەھۇ! ... — دەپ سورىدى رېھىمشىق ئىمام كالتە يۆتۈلۈپ تۇرۇپ.

ھېلىقى ئادەم بولسا تېخىچىلا تىلىنى چايناپ تۇراتتى.

ئەزنىۋاقى بېقىنىغا راسا كەلتۈرۈپ ئىككىنى مۇشتلىغان

دىن كېيىن، ئۇ زۇۋانىغا كەلدى.

— مەن ئەھلى مۇسۇلمان، تەقۋادار ئادەممەن! — دېدى بۇ يوچۇن ئادەم.

— سېنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىڭنى كۆرۈپ تۇرۇپتۇق، ئەھۇ، ئەھۇ! بۇ تېرە كىمنىڭ دەۋاتىسەن!

ھېلىقى يوچۇن ئادەم، راست سۆزلىمىسە، ئۆزىنىڭ بۇ يەردىن ساق چىقىپ كېتەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئىقرار قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

بۇ يوچۇن ئادەم يەكەندە «ئىمام مەھدى ئاخىرقى زامان» دەۋاسىنى قىلىپ چىققان ھېلىقى شەيخ مۇھەممەت سەئىد ۋەققاس بىلەن شەيخ ئەھمەت باغدادى دېگەن ئىككى كاززاپ-نىڭ مۇرىتلىرىدىن ئىكەن. بۇ ئىككىسى چالما كېسەك قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇ قېچىپ چىقىپ بۇياقلارغا كېلىپ قالغانىكەن، ئۇ، بۇ يەردىمۇ توغرا كەسىپ، ھالال ئوقەت بىلەن شۇغۇللانماي، خەقنى قاقتى - سوقتى قىلىپ ئالداپ يۈرگەن كۈنلەر-نىڭ بىرىدە، ئايسخان ئايلىنىڭ ئەمەت چوڭ دادىكام بىلەن شۇۋى قەدرى ھەققىدە قىلىشقان ھېلىقى پاراڭلىرىنى ئاڭلاپ قالىدۇ ۋە كەينىدىن ئەگىشىپ كېلىپ ئۇنىڭ ئۆيىنى كۆرۈۋالىدۇ.

ئۇ، شۇۋى قەدرى كېچىسى پۇرسەت يېتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ جىن چىراغدىن بىرنى تېپىپ ياندۇرۇپ ئايسخان ئاي-لىنىڭ دېرىزىسىدىن ئۆينىڭ ئىچىگە شولا چۈشۈرىدۇ. ئايسخان ئايلا بۇ شولىنى تۇتىمەن دەپ، ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇيان - بۇ-يان يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ئاخىر ھالىدىن كېتىپ يىقىلىدۇ. بۇ كاز-زاپ بولسا، ئىشىكنىڭ لوكىنى بۇزۇپ، قوتاندىكى جاغۇل ئۆچ-كىنى يېتىلەپ، بەخىرامان ھويلىدىن چىقىپ كېتىدۇ.

كىشىلەر بۇ كاززاپنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، غەزەپلەنگەنلىك-دىن يېرىلىپ كېتەي دەپ قېلىشقانىدى. رېھىمشىق ئىمامدىن پەتىۋا ئالغاندىن كېيىن، ئۇلار بۇ سوپىنىڭ يۈزىگە قارا كۆيە سۈرتۈپ، قارا ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ، كوچىمۇ كوچا سازايى قىلدى، كېيىن يۇرتتىن قوغلاپ چىقىرىۋەتتى.

يازنىڭ ئىسسىقىدا چىۋىنلار ھۇرۇنلۇق بىلەن غىڭىلدايتتى. يېنىك شامالدا دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى شىلدىرلايتتى. قەيەردىندۇر ئېشەكنىڭ قاتتىق ھاڭرىغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى. مەۋلان چوڭ ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن بۇيان، ئۆزىنى چۆلدە ئادىشىپ قالغاندەك ۋە ئېگىز كۆك ئاسماندا لەيلەپ يۈرگەندەك ھېس قىلاتتى. ئۇ رەھمەتلىك چوڭ ئانىسى سۆزلەپ بەرگەن خىسلەتلىك تاي بورۇل ھەققىدىكى چۆچەكنى كۆپ قېتىم ئەسلىدى. تاي بورۇل ياشايدىغان ئاشۇ سىرلىق سۇ مەملىكىتىنى ئۇ ئۆزى شۇنچىلىك ئىنتىلىۋاتقان ناھايىتى بەختلىك سائادەت دۇنياسى دەپ ئويلايتتى. بۇ بەختكە ئېرىشىش ئۈچۈن، ئاشۇ تاي بورۇلنى مىنىپ كۆكتە پەرۋاز قىلىش ئۈچۈن، خۇددى چوڭ ئانىسى ھايات چېغىدا ئېيتقاندەك، ئىزدەش ۋە مېھنەت سەرپ قىلىش، تەر ئاققۇزۇش لازىم ئىدى! «چۈنكى، ھاياتلىق ئەبەدىي بولغىنىدەك،— دېگەنىدى چوڭ ئانىسى ئۇنىڭغا،— بەخت – سائادەت ۋە جەبرى – جاپامۇ ئەبەدىي بولىدۇ. ئەمما، كىمىكى جەبرى – جاپادىن قورقۇپ بەختنى ئىزدىمىسە، بەخت ھەرگىز ئۇنى ئىزدەپ كەلمەيدۇ!»

مەۋلان خىيال بىلەن كۆزىنىڭ ئىلىنغانلىقىنى تۇيمايلا، ئولتۇرغان جايىدا ئۇخلاپ كەتتى. ئۇ چۈش كۆردى. چۈشىدە چوڭ ئانىسىنى كۆردى. چوڭ ئانىسى قاپقارا سۇمبۇل چاچلىق بېشىغا ئاق لېچەك — ئاق رومال، ئۈستىگە ئاق كۆڭلەك كىيگەن ھالدا ئىمىش، ئۇ پەرىزاتقا ئايلىنىپتىمىش ۋە ئۇنىڭغا:

«ئەي باتۇر يىگىت، جەسۇر بول، بولمىسا، تاي بورۇلنى تۇتمىغىڭ مۈشكۈلدۇر،— دەۋاتقۇدەك،— ئايسىز قاراڭغۇ بولغاندا، سامانىي يۇلتۇز قاپلىغاندا، چولپان كۆكتىكى ئورنىغا چىققاندا، تاي بورۇل باغراش كۆلىدىن چىقىدۇ. شۇ چاغدا مەن چېچىمنى خاسىيەتلىك ئالتۇن يۈگەن، كۆز يېشىمنى چەشمە بۇلاق قىلىپ، تاي بورۇلنى غارغا باشلاي. سەن تۇيدۇر-

ماستىن تاغنىڭ بىلىدە پايلاپ تۇرغىسن، تاي بورۇل چەشمە بۇلاقتا سۇ ئىچىپ قانغاندىن كېيىن، غاردىن يېنىپ چىقىدۇ. سەن شۇ چاغدا شۇڭقاردەك ئۇچۇپ چۈشۈپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مىنىۋال. خاسىيەتلىك ئالتۇن يۈگەننى بېشىغا ئاستا سالغىن، تاي بورۇل ئاسمان پەلەك سەكرەپ توختايدۇ. سېنى مېنىڭ ئىگەم مۇشۇ ئىكەن، دەپ ئويلاپ، پەسلەپ يەر يۈزىگە چۈشىدۇ.»

مەۋلان چۈشىدە چوڭ ئانىسىنىڭ دېگىنىدەك غار ئۈستىدە پىنھان يېتىپ ماراپ تۇرغانىكەن، تاي بورۇل چولپاننى كۆرۈپ كۆلدىن چىقىپتۇ ۋە چەشمە بۇلاقتىن سۇ ئىچمەك بولۇپ غارغا كىرىپتۇ. ئۇ سۇغا راسا قانغاندىن كېيىن، غاردىن چىقىپ سا- ماغا ئۆرلەي دېيىشىگە، مەۋلان شۇڭقاردەك ئۇچۇپ چۈشۈپ، تاي بورۇلنىڭ ئۈستىگە قونۇپتۇدەك. تۇلپار ئۇنى كۆككە بوران- دەك ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇدەك. ئۇ چوڭ ئانىسىنىڭ دېگىنىدەك، خاسىيەتلىك يۈگەننى تاي بورۇلنىڭ ئاغزىغا سېلىپتىكەن، ئەيىۋەھەنناس، تاي بورۇل ئاسمان پەلەك سەكرەپ، پايانسىز سامادا قېيغىتىپ، كېيىن، ئاستا - ئاستا زېمىن تامان پەس- لەپتۇدەك...

نەزمە:

ئەرەب ئېيتۇر: «ھەر فىرئەۋنغا مۇسا بار،
ھەر دەججالغا ھەم ئاخىر بىر ئەيسا بار.»①
ئەبەدىي ئۆچمەيدۇ قۇياشنىڭ نۇرى،
زۇلمەتنى قوغلاشقا يورۇق زىيا بار.

— ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر

① ئەرەب خەلق ماقالى: «كۇللى فىرئەۋنىل مۇسا، كۇللى دەججالل ئەيسا.»

# توققۇزىنچى باب

## «ئالتە يۈز چاقىرىملىق جىددىي پەرمان»①

مىلادى 1875 - يىلى 1 - ئاي.

بېيجىڭدە قىش كۈنلىرى شامال كۆپ چىقاتتى. ئاسماننى يەنە يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ھۇۋلىشىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئاۋازلار قاپلىدى. ئاسمان كۈل رەڭ، سارغۇچ رەڭگە كىرىپ، تۇتۇلۇپ قاراڭغۇلىشىپ كەتكەنىدى. كۆتۈرۈلگەن توپا - چاڭ قۇياشسىز ئاسماننى قاپلىۋالدى. قەغەز پارچىلىرى، قۇرۇق ياپراقلار، كۈلتۈك قارلار، پاسكىنا ئازگاللاردىكى ئۇششاق نەرسىلەر بىر - بىرى بىلەن ئارىلىشىپ ھەر خىل قۇشلارنىڭ سىياقىغا كىرىپ قالاتتى - دە، قالايمىقان ئۇچاتتى، ئۆيلەرنىڭ كۈل رەڭ كاھىشلىق لەمپىلىرىدە دومىلايتتى. يالىڭاچلىنىپ قالغان، ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ بىر قانچە تال - لا يوپۇرماقلىرى قالغان دەرەخ شاخلىرى خۇددى قامچا ئويناتقاندەك، ئۇياق - بۇياققا تاشلىنىپ ۋىژىلدايتتى. ئېھتىمال ئۇلار ھاۋادىكى قانداقتۇر بىر نەرسىنى قامچىلاۋاتسا كېرەك. كوچا - كويلاردا ئۇياق - بۇ-

① «ئالتە يۈز چاقىرىملىق جىددىي پەرمان» — ئوردىدىن تۆۋەنگە ئەڭ تېز، ئەڭ جىددىي يەتكۈزۈلىدىغان ھۆججەتنىڭ نامى. ئادەتتە بىر مەنزىلدىن بىر مەنزىلگە ئات ئالماشتۇرۇپ مېڭىپ كۈنىگە ئالتە يۈز چاقىرىم ئارىلىققا يەتكۈزۈلىدىغانلىقى ئۈچۈن «ئالتە يۈز چاقىرىملىق جىددىي پەرمان» دەپ ئاتالغان.

ياققا ئۆتتۈۋاتقانلار باشلىرىنى ئىچىگە تىقىشىپ، يۈزلىرىنى توسۇشقان ھالدا ئېگىشىپ ناھايىتى تەستە مېڭىشاتتى. جىگموما ۋە تاۋا نېنى ساتىدىغان لاپاسلارنىڭ بىرىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇ-لار بوراندا ئۆرۈلۈپ چۈشكەن، ئورنىدا قالايمىقان ياتقان چاسا تاختايلار ۋە بەندىگىلەرلا تۇراتتى. كوچىلاردا بىرەر لالما ئىتمۇ كۆرۈنمەيتتى. جاھان ئىنسانىيەت دۇنياسىغا ئوخشىمايلا قالغا-نىدى. ھەممىلا يەردە بوراننىڭ قۇدرىتى ۋە چاڭ - توزانلار-نىڭ تۇمانى ھۆكۈم سۈرەتتى. 11 - ئاينىڭ باشلىرىدا، سەد-دىچىن سېپىلىنىڭ سىرتى تەرىپىدىن سوغۇق شىمال شامىلى باستۇرۇپ كىرگەنىدى. خېيبېي تۈزلەڭلىكىدە قوييۇن سىرىق تو-پىلارنى ئۇچۇرۇشقا باشلىدى، پۈتۈن يەر - جاھاننى قار - مۇز قاپلىدى. ياز ۋە كۈز پەسىللىرىدە بۇ يەردە بىپايان دالىلار ياپيېشىل زىرائەتلەر، ئوت - چۆپلەر ۋە كۆكىرىپ تۇرغان دەل - دەرەخلەر بىلەن قاپلىناتتى. بۇك - باراقسانلىق ئىچىدە، يې-راق - يېقىن ئىچىدىكى كەنتلەرنى كۆرگىلى بولاتتى. ھازىر بولسا شامال توسالغۇسىز زېمىنگەرگە ئايلانغان بولۇپ، بوغۇق سادا چىقىرىپ ھۆركىرەيتتى. ئەسەبىيلەرچە ھەممە يەردە قاتراپ يۈرەتتى، قاقاس ھەم سوغ دالىلاردىن، قۇپقۇرۇق بولۇپ قالغان كەنت كوچىلىرىدىن ئۆتۈپ، كىشىلەرنىڭ يېپىقلىق تۇرغان دې-رىزىلىرىنى قاقاتتى، قۇم - توپىلارنى ئۇچۇرۇپ كېلىپ بىراۋلار-نىڭ قەغەز چاپلانغان روجەكلىرىگە ئۇراتتى. بوران ئىنسانلارنى ئۆي - ئۆيلىرىگە قوغلاپ كىرگۈزۈۋېتىپ، بۇ دۇنياغا ئۆزىلا زېمىنگەرلىك قىلماقتا ئىدى.

سەككىز كىشى كۆتۈرۈپ ماڭغان، يېشىل بەرقۇت بىلەن قاپلانغان، چوڭ بىر ياسىداق تەختىراۋان بىلەن تۆت ئادەم كۆتۈرۈپ ماڭغان چاققان، گۈللۈك بىر تەختىراۋان بېيجىڭدىكى

بىنەپشە ھەرەم① نىڭ لۈگزۈگمىن قوۋۇقىغا كەلگەندە توختاپ قالدى. تەختىراۋانلارنىڭ پەردىلىرى شامالدا ئۇچۇپ تۇراتتى. بۇ چاغدا قوۋۇق ئالدىدا قول قوشتۇرۇپ تۇرۇشقان سۇلانلار② دەرھال بېرىپ، تەختىراۋاننىڭ ئالدى پەردىسىنى كۆتۈرۈپ، ئېگىز بويلۇق بىر مۇيسىپىتنى ئۇنىڭدىن يۆلەپ چۈشۈردى. تەختىراۋاندىن چۈشكەن بۇ ئادەم — شەنشى، گەنسۇ ئۆلكىلىرىنىڭ باش ھەربىي ۋالىيسى، تەيپىڭ تيەنگو دېھقانلار قوزغىلىڭى بىلەن شەنشى، گەنسۇ ۋە نىڭشيالاردا پارتلىغان خۇيزۇلار قوزغىلىڭىنى باستۇرغان مەشھۇر شەخس زوزۇڭتاڭ ئىدى. ئۇ يۈزى گۆشلۈك، قويۇق قاشلىق، كەكە ساقال، چاچ - ساقاللىرى ئاقارغان، گەۋدىسى دومچەكرەك كەلگەن ئېگىز بىر ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ نەشتەردەك سوغۇق نۇر چېچىپ تۇرىدىغان، بار بىلەن يوقنىڭ ئورنىدىكى كىچىككىنە كۆزلىرى ئۇنىڭ نۇرغۇن جەڭلەردە سۆڭىكى قاتقان رەھىمسىز بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى.

ئارقىدىكى گۈللۈك تەختىراۋاندا ئولتۇرغان چىرايلىق بىر قىز تەختىراۋاننىڭ پەردىسىنى قايرىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئوردا ئالدىغا كەلگەنلىكىنى بىلدى - دە، تەختىراۋاندىن ئىتتىك چۈشتى. بۇ قىز — زوزۇڭتاڭنىڭ ئاتاق قىزى — شياۋفاڭ خانقىز ئىدى. سۇلانلار زوزۇڭتاڭ بىلەن شياۋفاڭ خانقىزنى ئوردىنىڭ ئىچىگە باشلاپ مېڭىشتى. ئۇلار ئوردىنىڭ ئوتتۇرانچى ئىشىكىگە كەلگەندە، قېرىراق بىر سۇلان ئۇلار بىلەن بىللە قالدى. قالغان سۇلانلار نەگىدۇر غايىب بولۇشتى.

بۇ چاغدا ئوردىنىڭ ئوتتۇرانچى ئىشكى قىيپاش ئېچىلىپ ئىچكىرىسىدىن بىر غۇلامنىڭ بېشى كۆرۈندى.

① بىنەپشە ھەرەم — مانجۇ خان ئوردىسىنىڭ ئومۇمىي نامى.

② سۇلان — خان ئوردىسىنىڭ خاس ساقچىلىرى.

— ھە، زو دارىن كەپتىكەن - دە! — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

— قىزىق ئىش! — دەپ ئويلىدى زوزۇڭتاڭ، — ماۋۇ ئاختىنىڭ ئەلپازىنى كۆرۈڭ. ئىشىكنى ئېچىپ، مېھماننى ئىچكىرىگە باشلىماي تۇرۇۋالغىنى نېمىسى بۇنىڭ؟

زوزۇڭتاڭنىڭ غۇزۇبىدە ئاچچىقى كەلدى - يۇ، بۇ يەرنىڭ خان ئوردىسى ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئۆزىنى زورغا بېسىۋالدى.

شىياۋفاڭ خانقىز ئىتتىك مېڭىپ ھېلىقى غۇلامنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە:

— بۇياق زو زۇڭتاڭ جانابلىرى بولىدۇ. خان ئالىيلىرى ھۇزۇرىغا سالامغا كىرمەكچى، — دېدى.

— خەۋىرىمىز بار، خەۋىرىمىز بار. كىرسىڭىزلەر بولىدۇ، بىراق، ئەن - قائىدىسىنى قىلىپ ‌‌راق كىرىڭىزلەردە! — دېدى ھېلىقى غۇلام تەپ تارتماستىن.

— قانداق ئەن - قائىدە ئىكەن ئۇ؟ خان تاختىنى① تاپشۇرغانغۇ؟ — دېدى زوزۇڭتاڭ. ھېلىقى غۇلام تېخىچىلا كۈلۈپ تۇراتتى. بۇ چاغدا بىر ياندا قاراپ تۇرغان ھېلىقى سۇلان زو زۇڭتاڭنىڭ قۇلىقىغا:

— زو دارىن، بۇ سىلىدىن ئىشىك ھەققى سوراۋاتىدۇ، — دەپ پىچىرلىدى.

— نېمە ئىشىك ھەققى ئىكەن؟ — دەپ سورىدى زوزۇڭتاڭ تەئەججۇبلەنگەن ھالدا، — ئالغاچ كەلمەپتىمەن!

— ئىشىك ھەققىنى بەرمىسىلە، سىلىنى ئوردىغا كىرگۈزمەيدۇ، زو دارىن! — دەپ شىۋىرلىدى يەنە ھېلىقى سۇلان.

— قانچىلىك بەرسەم بولىدۇ؟

— چۆنتەكلىرىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ بېرىدىلا، چۆنتەكلى-

① خان تاختا — مەنسەپدارلار خاننىڭ ئالدىغا سالامغا كەلگەندە ئوردا جىسەكچىلىرىگە تاپشۇرىدىغان تەمتەك.

رىدىكى پۇل كۆپ بولسا بىرەر يۈز تەڭگە بەرسىلىمۇ بولىدۇ. بولمىغاندا يىگىرمە - ئوتتۇز تەڭگە بولسىمۇ بولىدۇ.

— پاھۇي، بىر قېتىم كىرمەك يىگىرمە - ئوتتۇز تەڭگە، ھەتتا يۈز تەڭگىگە توختىسا، نېمىدېگەن قىممەت ئىشلىك بۇ؟— دەپ چۆچۈپ كەتتى زوزۇڭتاڭ.

باياتىن بىر تەرەپتە شۈك تۇرغان شياۋفاڭ خانقىز ئەمدى زادىلا چىداپ تۇرالمىدى - دە، زوكۇنلاشماقچى بولۇپ غۇلامنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ھەي، زەيپانە! ئىشىكنى ئاچامسەن - يوق؟— دېدى ئۇ تىرىكىپ.— بىلمەمسەن؟ بۇ كىشى مەشھۇر سەركەردە زو زۇڭتاڭ بولىدۇ. زو زۇڭتاڭ دېگەن نامنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟

— ۋاي، ۋۇي، ئاڭلىمامدىغان! ئۇنى بىلمىسەم قانداق بولىدۇ؟ بىراق، مەندە نېمە ئامال بولسۇن؟ بۇ ئەن - قائىدىنى تۆتىنچى بېگىم بېكىتكەن تۇرسا؟

— تۆتىنچى بېگىم دېگىنىڭ كىم ئۇ؟— دەپ سورىدى شياۋفاڭ خانقىز.

— مۇشۇنىمۇ بىلمەمسەن؟ كىم بولماقچى ئىدى؟ ھېلىقى غىتمەك لى... لى لەنيىڭ① بولمامدۇ؟ دېگىنىم توغرىمۇ؟— دەپ سورىدى غۇلامدىن زوزۇڭتاڭ.

ئۇ مۇشۇ تاپتا ئۆزىنى خېلىلا بېسىۋالغانىدى:

— قائىدە قېرىمايدۇ. يەنە بىر قېتىمدا تولۇقلاپ قويساق بولار، مەن بۇنداق ئەن - قائىدە بارلىقىدىن راستتىنلا خەۋەرسىز ئىكەنمەن. بولمىسا، چۆنتەككە پۇلنى جىق سالغاچ كەلمەسمىدىم؟

ھېلىقى غۇلاممۇ بوش كەلمىدى:

— مەن بۇ ئەن - قائىدىنى بۇزسام زادى بولمايدۇ.

---

① لى لەنيىڭ — شاھىيبانىيە سىشى تەيخۇنىڭ خاس چاكىرى ئىدى، كېيىن ھەرەمبېگى بولغان، جۇڭگو تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر مۇناپىق.

زىڭ دارىن① كەلگەندىمۇ مۇشۇ ئەن - قائىدە بويىچە ئىشىك ھەققى تۆلىگەن. تېخى، ئۇلۇشكۇن ئۇلۇغ ۋەزىر لى خۇڭجاڭ② جانابلىرى كەلگەندىمۇ قولۇمغا ئون تەڭگىنى ئوشۇق بەردى.

— ئۇلار باي ئىكەن، ساڭا جىق پۇل بېرەلەپتۇ. مەن گاداي تۇرسام! ئەمدى قانداق قىلاي؟ نەدە ئۇنچىۋالا كۆپ پۇل بولسۇن مەندە؟ يۈز - خاتىرەمنى قىلىپ بولسىمۇ بىزنى ئىچكىرىگە كىرگۈزۈۋەتكەن بولساڭ!— دەپ يالۋۇردى زوزۇڭتاڭ تەزىم قىلىپ تۇرۇپ.

— ياق دېدىممۇ، ياق! زو دارىن، ئەن - قائىدىدىن چىقىپ كەتسەك، بۇ جاھاننىڭ يەنە نېمە تۇتقۇسى بولسۇن!

بۇ قېتىم زو زۇڭتاڭنىڭ راستتىنلا ئاچچىقى كەلدى:

— بۇ نېمىدېگەن گەپ؟ شۇنچىۋالا ئوغرى - قاراقچىنى يوقاتقان پېقىر زو زۇڭتاڭ سېنىڭدەك بىر ئۆلۈمتۈككە تېتىيالماي قالارمەنمۇ؟

— ھاي، ھاي، ئەدەب، ئەدەب!— دەپ ۋايساپ كەتتى ھېلىقى غۇلام،— سەۋر قىلسىلا، سەۋر! بۇ دېگەن خان ئوردىسى جۇمۇ! خان ئالىيلىرى ئاڭلاپ قالىدىغان بولسا، سەت بولىدۇ.

— بېگىم، بۈگۈنكى ئىش بەك مۇھىم ئىكەن. زو دارىن ئوردىغا ئىلگىرى كېلىپ باقمىغاچقا، بۇ يەرنىڭ ئەن - قائىدىلىرىنى تازا بىلىپ كېتەلمەپتۇ. شۇڭا، بۇ قېتىمقىسىغا سالاۋات دەۋەتمەمدىلا!— دېدى قېرى سۇلان سالا قىلىپ.

— ياق، بولمايدۇ، سەنمۇ ھەرەم خىزمەتكارىغۇ؟ بۇ

---

① زىڭ گوفەن — تەيپىڭ تيەنگو دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرغان خۇنەن ئارمىيىسىنىڭ سەردارى.

② لى خۇڭجاڭ — شىمالىي مىللىتارىستلارنىڭ كاتتىبېشى. شۇ چاغدا جىلى ئۆلكىسىنىڭ ھەربىي ۋالىيسى، دارىلئۆلۈمنىڭ ئۆلىماسى ئىدى.

يەرنىڭ ئەن - قائىدىلىرىنى بىلمەمسەن؟

— كىرمىسەڭ، كىرمەيتتۇق! — دېدى زوزۇڭتاڭ كەينىگە ئۆرۈلۈپلا. — خوش ئەمسە! خاپا بولماي ئىچكىرىدىكىلەرگە زو زۇڭتاڭ كەپتىكەن دەپ قوي! مەن ھەم گاداي، ھەم ئەن - قائىدە بىلمەيدىغان بولغاندىكىن، ئوردىنىڭ ئىشكى مەن ئۈچۈن تاقاق بولىدىكەن. جۈرۈڭ، شياۋفاڭ خانقىز، كەتتۇق!...

بۇ چاغدا ھېلىقى قېرى سۇلان غۇلامغا ئىشارەت قىلدى- دە، ئۇنىڭ قۇلىقىغا مۇنداق دەپ شىۋىرلىدى:

— بۇ كىشىنىڭ زو زۇڭتاڭ جانابلىرى ئىكەنلىكىنى راست- تىنلا بىلمەمدىلا؟ كىرگۈزۈۋەتسىلە! تەيپىڭ تيەنگو، نيەنجۈن① ۋە تۇڭگانلارنىڭ نەچچە مىليون قاراقچى ئەسكىرى ئۇنىڭ قولىدا تىرىپىرەن بولۇپ كەتكەن. ئۇنىڭ بۇ تۆھپىسى ئۈچۈن خان ئالىيلىرى ئۇنىڭغا ئەركان بەگلىك ئوتۇغاتى بەرگەن، ئۆزىگە ۋەزىر ئەزەم قىلغان، خان مۇپەتتىش قىلىپ بەلگىلىگەن. شەنشى، گەنسۇ ئۆلكىلىرىنىڭ باش ھەربىي ۋالىيلىق مەنسىپىنى بەرگەن. پۈتۈن كىنجاپتا② ئۇنىڭدەك مەرتىۋىسى يۇقىرى، مەنسىپى ئۆرە ئادەمدىن نەچچىسى بار؟ ئۇنى خاپا قىلىپ قويمىسىلا. بولمىسا، پېشىنى قېقىپ كېتىپ قالسا، ھېلىغۇ سىلىكەنلا. تۆتىنچى بېگىممۇ بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماي قالارمىكىن؟

بۇ ۋەھىملىك گەپنى ئاڭلاپ غۇلامنىڭ بېشىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى. دەرھال ئىچكىرىسىگە كىرىپ «تۆتىنچى بېگىم!» دەپ ۋارقىرىدى. ئاڭغىچە، ئوتتۇرانچى ئىشىكتە بولۇۋاتقان ۋاراڭ - چۇرۇڭنى ئاڭلاپ يېتىپ كەلگەن ھەرەمبېگى لى لەنيىڭ

① نيەنجۈن — ئېلىمىزدىكى تەيپىڭ تيەنگو دېھقانلار ئىنقىلابى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، غەربىي، جەنۇبىتىكى ئۆلكىلەردە پارتلىغان دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ئومۇمىي نامى.

② كىنجاپ — پايتەخت، بېيجىڭنى كۆرسىتىدۇ.

ئىشنىڭ بۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنلىكىنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى. ئۇنىڭ جان - پېنى چىقىپ كەتكەندى. ئۇ ئىشىكنى ئۆزى ئېچىپ، زو زۇڭتاڭغا تەزىم قىلدى:

— بۇياققا ئۆتۈپتىكەنلا، زو دارىن، بىلمەي قاپتىمەن. كەچۈرگەيلا! قېنى، مەرھەمەت، مەرھەمەت!... ئۇ ھېلىقى غۇلامغا قاتتىق بىر ئالايدى: — ھەي، بۇتتەك قاراپ تۇرماي، زو دارىننى ئىچكىرىسىگە باشلىمامسەن!

مەڭدەپ قالغان غۇلام دەرھال ئىشىككە كەلدى - دە، تەزىم قىلدى، ئاندىن زو دارىننى قەسىرى پىنھانىغا تەكلىپ قىلدى.

بىراق، زوزۇڭتاڭ پەيلىدىن ياندىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ كىرمەيمەن دېدىمۇ كىرمەيمەن، دەپ قاتتىق تۇرۇۋالدى. ھەرەمبېگى لى لەنيىڭ ئۆزىنىڭ ئالدىدا تۇرغان بۇ ئادەمنىڭ بوش كەلمەيۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال يەرگە تىزلاندى ۋە ئۇنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ تۇرۇپ:

— زو دارىن، بۇ ماڭقىنىڭ گېپىگە خاپا بولمىسىلا! ئەن - قائىدە دېگەن نېمىتى ئۇ! ئاچچىقلىرىغا ھاي بەرسىلە... ئۆزلىرى ياشىنىپ قالغان ئادەم!— دېدى ۋە ھېلىقى غۇلامغا:

— گۇناھىڭنى تىلىمەي، يەنە نېمىگە قاراپ تۇرىسەن؟ دارىندىن گۇناھىڭنى تىلە!— دەپ ۋارقىرىدى.

ھېلىقى غۇلامنىڭ باياتىنقى سۆلىتى نەلەرگىدۇر ئۇچۇپ كەتكەندى:

— خاپا بولمىسىلا زو دارىن، غۇلاملىرى مەن ناماقۇل! بىلمەپتىمەن، نادانلىق قىلىپ ساپتىمەن. مەن پەسنى كەچۈرۈۋەتكەيلا!— دېدى ئۇ ۋە ھەدەپ باش ئۇرغىلى تۇردى.

ئىمتىيازلىق كىشىلەرنىڭ، بايلار ۋە مەنسەپدارلارنىڭ چاكارلىرى تولىمۇ يۈزسىز ۋە تەكەببۇر كېلىدۇ.

— دادىكا، بولدى قىلسىلا، بۇ نېمىسىلەر بىلەن تەڭ بولۇپ يۈرمەيلى!— دېدى شىياۋفاڭ خانىقىز،— ماڭسىلا!

ئۈزۈ زۈڭتاڭنى يۆلەپ ئىچكىرىسىگە قاراپ ماڭدى. سۈلان غۇلامغا تېز بول، دەپ ئىشارەت قىلدى ۋە ئۆزى ھەرەمدىن قايتىپ چىقىپ كەتتى......

تۇڭجى خان① نىڭ 13 - يىلى (مىلادى 1875 - يىلى) 1 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى. قەسىرى پىنھاندىكى ھۇزۇرى مۇبارەكتە شاھزادىلەر، ئىنانچىلار ۋە شىغاۋۇل پىرقىسى، مەنسەپ - تۇتۇق پىرقىسى، جازا پىرقىسى، تەمىرات پىرقىسى، لەشكىرىي پىرقە، سىپلىق - تۆتۈن پىرقىسى قاتارلىق ئالتە پىرقىنىڭ ۋەزىرلىرى، ھۆدەيچى، مۇراسىمبېگى، ئىشىكئاغا، ئاتالىق، خەلپەتبېگى، ئوردامىراخورى، مۇشاۋۇر، سارايىنىڭ چىۋىن قورۇغۇچىسى، دارۇلئۇلۇمنىڭ باش ئۆلىماسى قاتارلىق توققۇز بەگ - بېگات قاتناشقان سارايي كېڭەشى چاقىرىلدى.

دەل مۇشۇ مەزگىلدە، مانجۇ ئوردىسى شەنشى، گەنسۇ ۋە نىڭشىيالاردىكى تۇڭگان يېغىلىقىنى باستۇرۇپ بولغانىدى، شىنجاڭغا ئەسكەر چىقىرىشنى ئويلىشىۋاتاتتى. بۇ چاغدا، «ياپونلار تەيۋەنگە بېسىپ كىرىپتۇدەك» دېگەن ۋەھىمىلىك خەۋەر يېتىپ كېلىپ، ئوردا ئىچى ۋە سىرتىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى.

خەۋەرلەرگە قارىغاندا، 1874 - يىل 5 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، ياپون قىسىملىرى تەيۋەننىڭ جەنۇبىدىكى لاڭچياۋ دېگەن جايدىن ئارالغا چىققانىدى. ئۇلارنىڭ كېيىنكى قىسىملىرىمۇ دېڭىز ئارقىلىق كەينى - كەينىدىن يېتىپ كېلىشىۋاتاتتى. مانجۇ خاقانلىقىنىڭ دېڭىز مۇداپىئەسى چاك - چېكىدىن بوشىلىپ، خەتەرلىك ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى. ئوردا شۇ يىلى 10 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ياپونىيە بىلەن

① تۇڭجى خان — مانجۇ سەلتەنىتىنىڭ 12 - ئەۋلاد پادىشاھى.

«بېيجىڭ مەخسۇس كېلىشىمى» نى تۈزۈشكە مەجبۇر بولدى، مانجۇ ھۆكۈمىتى بەش يۈز مىڭ سەر ئاق كۈمۈش تۆلەشكە ماقۇل بولغاندىن كېيىن، ياپونلار تەيۋەندىن ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. بۇ ۋەقە يۈز بېرىپ بەش كۈندىن كېيىن، خارجى ئىشلار يامۇلى قارا دىۋانغا① قاتلاق مەكتۇپ② يوللاپ، ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئىشقا بولغان كۆزقارىشىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ مەكتۇپتا: «شاپىلاقتەك بىر ئەلگە تەڭ كېلەلمەي يېڭىلىپ قالدۇق، بۇنىڭدىن دېڭىز مۇداپىئەمىزنىڭ نەقەدەر ئۇسال ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. غەربتىكى ئەللەر تەرەققىي قىلىپ بارغانسېرى روناق تېپىپ كېتىۋاتىدۇ. بىز بولساق، بۇ ئەھۋالنى كۆرمەسكە سېلىپ، قۇلىقىمىزنى يوپۇرۇپ يۈرۈۋاتىمىز»، دېيىلگەنىدى. خارجى ئىشلار يامۇلىنىڭ قارىشىچە، دېڭىز مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىشلا، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى ئىدى. شۇڭا ئۇلار مەكتۇپتا «يېڭىچە ئارمىيە تەربىيىلەش، قورال - ياراقنى زامانىۋىلاشتۇرۇش، راسخوت غەملەش، ئۇرۇش پاراخوتلىرىنى ياساش، قابىلىيەتلىكلەرنى ئىشقا قويۇش، ئەلنى چىڭ تۇتۇش» قاتارلىق ئالتە تۈرلۈك كونكرېت تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى.

شۇ كۈنى، قارا دىۋان خارجى ئىشلار يامۇلىنىڭ قاتلاق مەكتۇپىنى دەرھال ھۇزۇرى مۇبارەككە — خانغا يوللىدى. ھەمدە خان نامىدىن جىلى ئۆلكىسىنىڭ باش ھەربىي ۋالىيسى، خانلىق دارىلئۇلۇمنىڭ ئۆلىماسى لى خۇڭجاڭ باشلىق ھەرقايسى باش ھەربىي ۋالىيلارغا، سەييارە مۇپەتتىشلەرگە، خان مۇپەتتىشلەرگە يارلىق چۈشۈرۈپ، خارجى ئىشلار يامۇلىنىڭ قاتلاق

---

① قارا دىۋان — مەركىزىي ھوقۇقلۇق ئورگان.

② قاتلاق مەكتۇپ — چىڭ ئوردىسىنىڭ ئاساسلىق ھۆججەتلىرىنىڭ نامى. ئوڭاي بولۇشى ئۈچۈن ھۆججەتلەر ئىككى بېشىدىن مۇقاۋىلىنىدۇ، قەغىزى قاتلاپ يىغىپ قويۇلىدۇ.

مەكتۇپىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىشلارنى تەپسىلىي مۇھاكىمە قىلىپ چىققاندىن كېيىن، بىر ئاي ئىچىدە ئوردىغا جاۋابىڭلارنى يوللاڭلار، دەپ تەلەپ قىلدى.

1874 - يىلى (تۇڭجى خاننىڭ 12 - يىلى) 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، لى خۇڭجاڭ قارا دىۋانغا: «دېڭىز مۇدا-پىئەسى تەييارلىقى توغرىسىدا» دېگەن قاتلاق مەكتۇپىنى سۇنۇپ، ئۆزىنىڭ خارجى ئىشلار يامۇلى ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرگە بولغان كۆزقاراشلىرىنى مۇپەسسەل مەلۇم قىلدى:

«شىنجاڭدىكى ھەرقايسى شەھەرلەر چەنلۇڭ دەۋرىدىن باشلاپ زېمىن تەۋەيىمىزگە ئۆتكەن، — دەپ يازغانىدى ئۇ مەكتۇپىدا، — بۇ شەھەرلەرنى گۈللەندۈرمەك قىيىن بولدى، ئۇرۇشسىز يىللاردىمۇ ئۇ يەردە قوشۇن تۇرغۇزۇشقا يىلىغا ئۈچ مىليون سەردىن ئارتۇقراق ھەربىي راسخوت كەتتى. شۇنچە كەڭ چۆل - جەزىرىلەرنى ئىگىلىدۇق دەپ، نەچچە مىڭ يىللىق ئەجرىمىزنى بىكاردىن بىكار شامالغا سورۇشنىڭ ئورنى يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ جاي شىمالدا روسىيە بىلەن، غەربتە تۈركىيە، ئەرەبلەر ۋە پىرسىيە بىلەن، جەنۇبتا ئەنگلىيىنىڭ بېقىندىسى ھىندىستان بىلەن يېقىن. چەت ئەللىكلەر بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان، بىز بارغانسېرى ئاجىزلاۋاتقان، كۈچ جەھەتتە ھازىرقى ئەھۋال بۇرۇنقىغا ئوخشىمايۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، قولىمىزدىن چىقىپ كەتكەن ئۇ جاينى يەنە قايتۇرۇۋالىمىز دېسەك قانداق بولار؟ مۇبادا قايتۇرۇۋالىغان تەقدىردىمۇ، كەلگۈسىدە جەزمەن ئۇ جاينى يەنىلا ئۇزۇنغىچە ساقلاپ قالغىلى بولمايدۇ. چەت ئەل خەۋەرلىرى ۋە غەربتىن بېرىلگەن ئاخباراتتىن قارىغاندا، قەشقەردىكى مۇسۇلمانلار سەركەردىسى تۈركىيە سۇلتانىنىڭ ئۇتۇغاتىنى قوبۇل قىلىپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلار روسىيە بىلەن ۋە ئەنگلىيە بىلەن سودا شەرتنامىسى تۈزۈپ، بۇ چوڭ دۆلەتلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋالدى. روسىيە

ئۇ يەردە يالغۇز ئىلىنىلا بېسىپ يېتىش بىلەن قانائەتلەنمەيدۇ، قارىغاندا، ئۇ جاينىڭ زېمىنىنى پىلە قۇرۇتىدەك داۋاملىق يەپ ماڭىدۇ. ئەنگلىيە ئاردىن پايدا تاپىدۇ. ھەر ئىككىلىسى بىزنىڭ كۆچىيىپ كېتىشىمىزنى خالىمايدۇ. ئەمدى ئۆزىمىزنىڭ ھەربىي كۈچىمىزگە كەلسەك، ئۇ ھازىرقى ئەھۋالدا غەربىي يۇرتتىن خەۋەر ئالالمايدۇ. قوشۇن چارچىدى، مالىيە كەمچىل، راسخوت يېتىشمەيدۇ، يەنە باشقىچە ئۆزگىرىشلەر بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. زىڭ گۇفەننىڭ ئىلگىرىلا جىيايۈگۇەننىڭ سىرتىنى ۋاقتىنچە تاشلاپ بېرىپ، ئىچكىرىنى ياخشىلاش نىيىتى بار ئىدى. بۇ ئۇنىڭ دانا قارىشى ئىدى. ھازىر قوشۇنلارغا ئۇ ياققا يۈرۈش قىلىش ھەققىدە بۇيرۇق بېرىلگەن بىلەن، ھەربىي كۈچ بىلەن تەمىنات ھەققىدە بىرنەرسە دېيىشىمىز قىيىنغا توختايدۇ. غەربتىكى ھەرقايسى گېنېراللارغا ھازىرقى چېگرانى ساقلاپ، ئۆز جايىدا بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشقا، غەربكە قاراپ ئالدىراپ - تېنەپ ئىلگىرىلىمەسلىككە مەخپىي ئۇقتۇرۇش چۈشۈرۈلسە توغرا بولارمىكىن؟ ئىلى، ئۈرۈمچى، قەشقەر قاتارلىق جايلاردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقلىرىنى تىنچ ئۇسۇلدا، ياخشى گەپ بىلەن، ئۇكۇت - نەسىھەت بىلەن قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ بېشىنى سىلاپ، ئۇ يەردىكىلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا ئۇلۇس بولۇپ ياشىشىغا يول قويۇشىمىز كېرەك. مەسىلەن، خۇددى يۈننەن، گۈيجۇ، گۇاڭدۇڭ ۋە سىچۇەنلەردىكى بەدەۋىيلەرنىڭ يەرلىك خاقانلىرىغا ۋە ۋېيتنام، كورېيىنىڭ خانلىرىغا تۇتقان ئۇسۇلىمىزغا ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن ئىش قىلساق بولىدۇ. ئۇ يەرلەردە ئىككى تەرەپ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ، تەڭ مەنپەئەت ئالسا، روسىيە بىلەن ئەنگلىيەمۇ ئۇ يەرلەرنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىش نىيىتىدە بولالمايدۇ. بىزمۇ ھەربىي كۈچ جەھەتتىن باش قاتۇرۇپ يۈرمەيمىز. بۇ ئۇزاققىچە ئەسقاتىدىغان تەدبىر. مۇبادا

بۇ قېتىم ئۇ يەرنى قايتۇرۇۋالالمىساقمۇ، بۇ ئىش پۈتۈن دۆلەتنىڭ ئىناۋىتىگە تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. ئەكسىچە، دېڭىز مۇداپىئەسى كۈچەيتىلمىسە، ئاپەت بارغانسېرى چوڭىيىپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ قايسىسى مۇھىم، قايسىسى مۇھىم ئەمەس، ئۇنى ئايرىيالايدىغانلار جەزمەن چىقىدۇ. بۇ پىكىر قوبۇل قىلىنىپ بېكىتىلگەن تەقدىردە، ئۇ تەرەپكە يۈرۈش قىلغان ۋە تېخى يۈرۈش قىلمىغان ھەرقايسى قوشۇنلارنى ئازراق قىسقارتىشقا، ئۇلارنىڭ چېكىندۈرۈشكە بولىدىغانلىرىنى چېكىندۈرۈشكە، توختىتىشقا بولىدىغانلىرىنى توختىتىشقا، چېكىندۈرۈلگەن ۋە توختىتىلغان قوشۇنلارنىڭ تەمىناتىنى يۆتكەپ، ئۇنى دېڭىز مۇداپىئەسىنىڭ تەمىناتى قىلىشقا بولىدۇ. ئۇنداق قىلمىغاندا، ھازىرقى مالىيە ئەھۋالىدا تەمىنات ھەم شەرقىي جەنۇبنىڭ دېڭىز مۇداپىئەسىگە ھەم غەربىي شىمالغا يۈرۈش قىلىشقا ئىشلىتىلسە، مەملىكەتتە تۈگىمەس نامراتچىلىق يۈز بېرىدۇ!»①

ھۆزۈرى مۇبارەكتىكى ساراي كېڭەشچىسى دەل لى خۇڭجاڭنىڭ مۇشۇ «دېڭىز مۇداپىئە تەييارلىقى توغرىسىدا» دېگەن قاتلاق مەكتۇپىنى مۇھاكىمە قىلىش ئۈچۈن، بىز يۇقىرىدا كىتابخانلارغا بايان قىلىپ بەرگەن ئاشۇ بىر قاتار ئارقا كۆرۈنۈشلەر ئاساسىدا چاقىرىلغانىدى. بۇ كېڭەشتە، لى خۇڭجاڭ ئۆزىنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ئاساستا تەپسىلىي بايان قىلدى:

— غەربتىكى مۇسۇلمان شەھەرلىرىنى قايتۇرۇۋېلىش — قايتۇرۇۋالماسلىق، — دېدى ئۇ، — مۇچە بىلەن تەننىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدۇ. ئادەمنىڭ تېنىدىكى مەلۇم بىر مۇچە شىكەست يېگەن تەقدىردىمۇ، ئۇ پۈتۈن تەنگە ئانچە چوڭ تەسىر كۆرسىتىپ كېتەلمەيدۇ. دېڭىز مۇداپىئەسىنى

① «مەرىپەتلىك، ساداقەتمەن لى خۇڭجاڭ ھەزرەتلىرى ئەسەرلىرى. خانغا يوللانغان مەكتۇپلار» 24 - جىلد 19 - بەت.

ئېلىپ ئېيتساق، دېڭىزلار سەلتەنەتىمىزنىڭ مەركىزى — بېيجىڭغا يېقىن. دېڭىز ياقىسى قولدىن كەتسە، بېيجىڭمۇ تەۋرەپ قالىدۇ، سەلتەنىتىمىزنىڭ ئامان - ئېسەنلىكى كاپالەتكە ئىگە بولالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىزگە خەۋپ كۈنپې- تىشتىن ئەمەس، بەلكى كۈنچىقىشتىن كېلىدۇ.

ساراي كېڭىشىدە، زو زۇڭتاڭ باشقىلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بىرچەتتە جىم ئولتۇرغانىدى. ئۇ جىلى ئۆلكىسى- نىڭ باش ھەربىي ۋالىيسى، دارىلئۇلۇم ئۆلىماسى لى خۇڭجاڭ- نىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئەمدى جىم ئول- تۇرۇۋەرمەسلىكىم لازىم دەپ ئويلىدى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ، بىتاپ بولسىمۇ ئوردا ئەركانلىرىنىڭ مۇھاكىمىسىنى يېتىپ ئاڭ- لاۋاتقان تۇڭجى خانغا تەزىم قىلدى ۋە ئىجازەت ئالغاندىن كې- يىن، ئۆزىنىڭ كۆزقارىشىنى ئالدىرىماستىن بايان قىلىشقا كىرىشتى:

— پېقىر ئەسلىدە بىر نامرات تالىپ ئىدىم، — دېدى. ئۇ خانغا تەزىم قىلىپ تۇرۇپ، — خان ئالىيلىرى ماڭا ئالاھىدە خەير - ساخاۋەت قىلىپ، يۇقىرى مەرتىۋە، ئۆرە مائاش - تەمىنات ۋە ئاجايىپ مېھىر - شەپقەت ئاتا قىلدى. بۇلار ئۇخلى- سام چۈشۈمگىمۇ كىرمەيدىغان ئىشلار ئىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق، مەن يەنە قانداقمۇ چېگرىدا خىزمەت كۆرسىتىپ ئىلتىپاتقا ئېرىشسەم، دېگەن تەمەدە بولارمەن؟ يېشىم ئاتمىش بەشكە يەتتى. ئۆمۈر قايغۇسىدا بولۇۋاتىمەن. دېۋەك بولسامۇ، ئۆزۈمنى چاغلىماي، چەت - ياقىغا يۈرۈش قىلىشتەك مۇشكۈل ۋەزىپىنى زىممەمگە ئېلىش ئالدىدا تۇرماقتىمەن. لېكىن ئۇ ياق- تىكى شەھەرلەرنى قايتۇرۇۋالماي بولمايدۇ. ئۇ شەھەرلەر قاي- تۇرۇۋېلىنمىسا، بىزگە قوشۇنلىرىمىزنى تۇرغۇزىدىغانغا مۇھىم ئورۇنلار بولماي قالىدۇ. ئۈرۈمچى قاتارلىق شەھەرلەر قايتۇرۇۋې- لىنغان تەقدىردە، زور قوشۇننىڭ تەمىناتى ۋە راسخوتىنى نە-

دىن ھەل قىلىش كېرەك؟ كاڭشى① بىلەن يۇڭجېڭ② نىڭ دەۋرىدە بىز تالاشقان يەر جۇڭغارىيە ئىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ شەھەرلىرى چيەنلۇڭ③ دەۋرىدە ئىشغال قىلىندى، ئارقىدىن ئۇ جايلاردىكى مۇسۇلمان قاراقچىلار تىنچىتىلدى. ھەرقايسى شەھەرلەردە ھەربىي مەھكىمىلەر قۇرۇلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ جايلار بىريۈز ئون يىل تىنچ ئۆتتى. مانا بۇ — چېگرىنى سۈرۈپ، زېمىننى كېڭەيتىپ، يېڭى زېمىندا ئەسكەر توختىتىشنىڭ ئۈنۈم بەرگەن چارىسى ئىدى. ھازىر ۋاقىت ۋە ئەھۋال ئۆزگەردى، كونا قائىدە - تۈزۈمدە چىڭ تۇرۇۋېلىش ھاجەتسىز. لېكىن، ئىلى رۇسلارنىڭ قولىدا، قەشقەر قاتارلىق شەھەرلەر ئەنجانلىقلارنىڭ قولىدا تۇرماقتا. ئۇ جايلار تىنچىتىلغاندىن كېيىنمۇ، ئۇ يەردىكى ئىشلارنى باشقۇرۇش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشقا زور كۈچ كېتىدۇ. ھازىر كارىمىز بولمىسا، كېيىنچە ئۇ جايلاردىكى ئاپەت ئۈزۈلمەيدۇ، غەمدىن خالى بولغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، خان ئالىيلىرىنىڭ ئالدىدا، سەلتەنىتىمىزگە بولغان ئەرزىمەس ساداقىتىمنى ئىزھار قىلماي تۇرالمىدىم④.

ئۇ خانغا يەنە بىر قېتىم ئېگىلىپ تەزىم قىلىۋەتكەندىن كېيىن، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— سەلتەنىتىمىزدە توپىلاڭ چەت ئۆلكىلەرگىلا مەركەزلەشكەن، — دېدى ئۇ ئۆزى تەشەببۇس قىلغان «قورۇل مۇداپىئەسى» نىڭ مۇھىملىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، — غەربىي شىمالدىمۇ شەرقىي جەنۇبتىمۇ ئوخشاش. غەربىي زېمىن — خاقانلىقىمىز ئۈچۈن مۇھىم، بۇ يەر تىنچ بولسا، موڭغۇلىيىمۇ تىنچ بولىدۇ. موڭغۇلىيە تىنچ بولسا، ئاستانىمىزنىڭ ئامان - ئېسەنلىكىمۇ كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە بولالايدۇ. ئەگەر غەربىي زېمىن قولدىن كېتىپ

①، ②، ③ — چىڭ سۇلالىسىنىڭ خانلىرىنىڭ نامى.

④ «مەرىپەتلىك، مەدەتكار زوزۇڭتاڭ ھەزرەتلىرى ئەسەرلىرى. خانغا يوللانغان مەكتۇپلار» 48 - جىلد، 35 - بەت.

قالىدىغان بولسا، موڭغۇلىيىمۇ مالىمانچىلىق ئىچىدە قالىدۇ. نەتىجىدە، شەنشى، گەنسۇ، سەنشى قاتارلىق ھەرقايسى ئۆلكىلەرگىمۇ تەپرىقىچىلىك ئۇرۇقى تېرىلىدۇ، بەدەۋىيلەر قەدىمكىدەك دۆلىتىمىز گەتاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، بىزگە زادىلا كۈن بەرمەيدۇ.

ئۇ، دېڭىز مۇداپىئەسى مەسىلىسىنىڭ مۇھىم ئەمەسلىكىنى مۇنداق ئىككى تۈرلۈك سەۋەب بىلەن ئىسپاتلىماقچى بولدى:

— بىرىنچىدىن، كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ خاقانلىقىمىزغا كېلىشىدىكى مەقسىتى،— دېدى ئۇ،— سودا - سېتىق قىلىپ، پايدا ئېلىشتۇر. ئۇلار دېڭىز ياقىسىدىكى بىرقانچە پىرىستان - پورتلارنى ئىگىلىۋالسىلا، مەقسىتىگە يەتكەن بولىدۇ. ئۇلاردا زېمىن باسقۇنچىلىق قارا نىيىتى يوق. ئۇلار باشقىلارنىڭ زېمىنىنى بېسىۋالسا، باشقۇرۇش مۇئەسسەلىرىنى كۆپەيتىپ قۇرمىسا بولمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ خىراجەت كېتىدىغانلىقىنى ئۇلار ئەلۋەتتە بىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ دۆلەتلەر بىز بىلەن سودا شەرتنامىسى ئىمزالىدى. ئەمدى ئۇرۇش پارتلايدىغان بولسا، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئىمزالانغان شەرتنامە بىكار بولۇپ كەتمەمدۇ؟ شۇڭا، ئەجنەبىيلەر پايدىسى زىيىنىنى قاپلىيالمايدىغان ئىشلارنى ھەرگىز قىلمايدۇ؛ ئىككىنچىدىن، غەربتىكى كۈچلۈك دۆلەتلەر بىزنى ئۆزلىرىنىڭ توپچى پاراخوتلىرىغا تايىنىپ يېڭىپ كەلگەنىدى. بۇنداق توپچى پاراخوتلار ھازىر بىزدىمۇ بار بولدى. شۇڭا ئۇلاردىن ئانچە قورقۇپ كەتمىسەكمۇ بولىدۇ ①...

«مۇشۇ تاپتا ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشسە،— دەپ ئويلايتتى لى خۇڭجاڭ زوزۇڭتاڭنىڭ ساراي كېڭىشىدە قىلغان سۆزىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ،— شۇ ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسىنى ۋە ئەڭ

① «مەرىپەتلىك، مەدەتكار زوزۇڭتاڭ ھەزرەتلىرى ئەسەرلىرى. خانغا يوللانغان مەكتۇپلارنىڭ داۋامى» 67 - جىلد — «يارلىققا بىنائەن پىلانلانغان ئومۇمىي ۋەزىيەتكە ئائىت ئىشلار توغرىسىدا مەلۇمات».

ئاۋۋال مۇشۇ ‹قاسساپ›① زو زۇڭتاڭنى يانچىپ تاشلىسا!» ئەمما، خاننىڭ ئالدىدا زو زۇڭتاڭغا بولغان ئۆچمەنلىكىنى ئاشكارا ئىپادىلەشكە بولمىغانلىقتىن، لى خۇڭجاڭغا ئۆز ئۆچمەنلىكىنى يەنە تەبەسسۇم بىلەن يوشۇرۇشقا توغرا كەلدى...

شۇنداق قىلىپ، شۇ ۋاقىتتا بىر مەھەل ئوردىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن «دېڭىز مۇداپىئەسى» بىلەن «قورۇل مۇداپىئەسى» ئوتتۇرىسىدىكى بەس - مۇنازىرە لى خۇڭجاڭ بىلەن زو زۇڭتاڭنى چۆرىدىگەن ھالدا قانات يېيىشقا باشلىدى.

زو زۇڭتاڭنىڭ كۆز قاراشلىرى ئالىي ھاكىمىيەت مەركىزى بولغان قارا دىۋاننىڭ دىۋانبېگى، دارىلئۇلۇمنىڭ باش ئۆلىماسى ۋېن شياڭ باشچىلىقىدىكى قارا دىۋان ۋەزىرلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى.

بىراق، ئۇزۇندىن بۇيان ئاغرىقتىن ئۆرە بولالماي كېلىۋاتقان تۇڭجى خاننىڭ ئۇشتۇمتۇت قازا قىلىپ كېتىشى، بۇ مۇنازىرىنى چۆرىدەپ تازا قىزغىن داۋام قىلىۋاتقان ساراي كېڭىشىنىڭ كېچىكىشىگە سەۋەبچى بولدى. ساراي كېڭىشى شۇ يىلى ئەتىيازغا بارغاندا، ئاندىن قايتىدىن چاقىرىلدى.

1875 - يىل 3 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، ئوردا زو زۇڭتاڭغا مەخپىي يارلىق چۈشۈردى. بۇ مەخپىي يارلىقتا لى خۇڭجاڭنىڭ تەشەببۇسى بايان قىلىنىپ كېلىپ: «ھازىرقى ئەھۋالدا غەربكە يۈرۈش قىلىشنى توختىتىپ، تەمىناتنى تېجەپ، ئۇنى دېڭىز مۇداپىئەسىگە خىراجەت قىلغىلى بولسا، بۇ مالىيە ئەھۋالىمىزغا پايدىلىق بولغان بولاتتى. بىراق، خاندانلىقىمىز ئۈرۈمچىنى قايتۇرۇۋالمىسا، ئۇ يەرگە روسىيە ئىلگىرىلەپ بېسىپ كىرىدۇ. ئۇ جايلاردىكى ئەھۋال

① قاسساپ — زو زۇڭتاڭنىڭ لەقىمى. ئۇ تۇڭگانىيلار قوزغىلىڭىنى دەھشەتلىك باستۇرغانلىقتىن، زاماندىشلىرى ئۇنىڭغا مۇشۇنداق لەقەم قويغان.

كىشىنى تەشۋىشكە سالىدۇ. جيايۈگۇەننىڭ① سىرتىدىكى توسۇ-
قىمىز ئېلىپ تاشلانسا، مۇسۇلمان قاراقچىلىرى توپلىنىپ كېلىپ،
جيايۈگۇەننىڭ ئەتراپلىرىدىكى جايلارنى قالايمىقان قىلىدۇ.
بۇنىڭدىن ساقلىنىش قىيىن بولىدۇ. ئۇلار جيايۈگۇەننىڭ ئەتراپىغا
نىسبەتەن بىر تەھدىت بولىدۇ. جيايۈگۇەننىڭ سىرتىدىكى بۇ قاراقچى-
لارنىڭ نىيىتى بۇزۇلسا، بىز ئۇ يەردە بېكىنىۋالغىلىمۇ جاي تاپال-
ماي قالىمىز. ھازىرقى ئومۇمىي ۋەزىيەتنى تىزگىنلەشتە زادى
قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۆزلىرى ئەھۋالنى تولۇق مۆلچەرلەپ
كۆرۈپ، ئاندىن ئەركانىمىزغا جاۋاب بەرگەيلا.»② دېيىلگەنىدى.

مەخپىي يارلىقنىڭ ئورانىدىن قارىغاندا، مەنچىڭ ئوردى-
سىنىڭ لى خۇڭجاڭنىڭ قارىشىغا قوشۇلمايدىغانلىقى روشەن
ئىدى. ھاكىمىيەتنى پەردە ئارقىسىدا باشقۇرۇۋاتقان شاھسانىيە
سىشتەيخۇمۇ خاندانلىقنىڭ ئالىي مەنپەئەتىنى نەزەردە تۇتۇپ،
بۇ جايلارنى تاشلاپ بېرىشكە زادى قوشۇلمايتتى. چۈنكى
بۇ رايوندىكى سىياسىي، ھەربىي ۋەزىيەتنىڭ تەسىرى موڭغۇلىيەگە
تېز يېتىپ كېلەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئالتاينىڭ
ئالتۇنلىرى، ياغبۇلاقنىڭ يەر يېغى، كۇچانىڭ
مىسى، خوتەننىڭ يىپەكلىرى ۋە قاشتاشلىرى مەنچىڭ
ئوردىسىنىڭ ئاساسىي ئولپان بۇيۇملىرىنىڭ مەنبەسى ئىدى.
بۇ جاي يەنە شىمال ۋە غەربىي شىمالدىكى ئۈچ مۇھىم
رايوننىڭ بىرى بولۇپ، شەرققە نىسبەتەن مانجۇلارنىڭ چوڭ ئارقا
سېپى ھېسابلىناتتى. مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇ يۇرتنى قولدىن كېتىپ
قالسا، موڭغۇلىيە رايونىدىمۇ تەۋرىنىش يۈز بېرىپ، مانجۇ خان-
دانلىقىنىڭ ئاساسى ئېغىر تەھدىتكە ئۇچرايتتى.

---

① جيايۈگۇەن — سەددىچىن سېپىلىنىڭ بىر قوۋۇقىنىڭ
نامى. ئورنى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جيايۈگۇەن شەھىرىنىڭ غەربىدە.

② «چىڭ سۇلالىسى دېزۇڭ (گۇاڭشۇي) خان دەۋرانىغا ئائىت ئوردا
خاتىرىلىرى»، تۆتىنچى جىلد، 2 — 3 - بەتلەر.

1875 - يىل 3 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئەتىگەنلىك ئوردا مۇراسىمىدىن كېيىن، شاھسانىيە — سىشتەيخۇ بالا پادىشاھ گۇاڭشۈينى يېتىلەپ، ئوردا ئەركانلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، بىنەپشە راۋاققا كەلدى. شاھسانىيىنىڭ بۇنداق قىلىشىدا كۆڭلىگە پۈككىنى بار ئىدى.

بىنەپشە راۋاق — مانجۇلار سەددىچىندىن ئۆتۈپ ئىچكىرىسىگە بېسىپ كىرىپ بېيجىڭنى ئاستانە قىلغاندىن كېيىن ياسىتقان ئەجدادلار بۇتخانىسى ئىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە، 1616 - يىلى جۇرجىتلارغا باشلامچىلىق قىلىپ مانجۇ خاقانلىقىنى تىكلىگەن تۇنجى ئەۋلاد پادىشاھ چىڭ تەيزۇ — ئىسىنگىرو نۇرخاچىنىڭ، يەنە ئۇنىڭدىن كېيىنكى چىڭ تەيزۇڭ، چىڭ چۇڭدى، شۈن جى، كاڭشى، يۇڭجېڭ، چيەنلۇڭ، جياچىڭ، داۋگۇاڭ، شيەنفىڭ ۋە يېقىندا قازا قىلىپ كەتكەن تۇڭجى خان قاتارلىق ئون ئەۋلاد پادىشاھنىڭ سۈرىتى ۋە ئەرۋاھ تاختىسى بار ئىدى. ئەمما سىشتەيخۇ ئەئيانلىرىنى بۇ مەرھۇم خانلارنىڭ سۈرىتىنى كۆرسىتىشكە ئەمەس، بەلكى چيەنلۇڭ سىزدۇرغان — مانجۇ خانلىقىنىڭ جۇڭغارىيە موڭغۇللىرى بىلەن خوجىلارنى تىنچىتقان چاغدا ئېلىپ بارغان جەڭلىرى تەسۋىرلەنگەن ئون ئالتە پارچە سۈرەتنى كۆرسىتىشكە باشلاپ كەلگەنىدى.

چيەنلۇڭ ئۆزىنىڭ غەربىتىكى مۇھارىبىيە جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن زور مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئالەمگە كۆز - كۆز قىلىش ئۈچۈن، رەسساملارنى ئالاھىدە تەكلىپ قىلىپ، بۇ ئىككى قېتىمقى جەڭنىڭ تەپسىلاتلىرى تەسۋىرلەنگەن ئون ئالتە پارچە سۈرەتنى سىزدۇرغان ۋە بۇ سۈرەتلەرنى ياۋروپاغا ئەۋەتىپ، ئۇ يەردە مىس بەتكە ئالدۇرۇپ، ئۇ رەسىملەرنى ئالبوم قىلىپ باستۇرغانىدى. بۇ سۈرەتلەرنىڭ مىس مەتبەئە بېتى بىلەن رەسىملىك ئالبوملىرىمۇ شۇ يەردە ساقلىناتتى.

چيەنلۇڭ ئاساسلىق كۈچىنى غەربىي يۇرتنى ئىگىلەشكە

قاراتقانىدى. شۇ چاغدا، غەربىي يۇرتنى ئىگىلەش ئۇرۇشى تۆت-بەش يىل داۋاملاشقان، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ ئۇرۇش ئىنتايىن مۇشەققەتلىك شارائىتتا ئېلىپ بېرىلغانىدى، غەلبىنىڭ قولغا كېلىشىمۇ يامان تەسكە توختىغانىدى. غەربنى ئىگىلەش ئىشى ئەينى چاغدا ئوردا ئىچى ۋە سىرتىدىكىلەرنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىغان بولسىمۇ ئەمما چيەنلۇڭ بۇ قارشىلىققا قارىماستىن، ئەسكەر چىقىرىشتا چىڭ تۇرغان. شۇ چاغلاردا، چيەنلۇڭ ئۆزى يازغان «غاپىللىقتىن ئويغىنىش ھەققىدە»، «غەربكە يۈرۈش قىلىش نەزمىسى» دېگەن ئىككى ماقالىسىنى ھۆسن خەت قىلىپ كۆچۈرۈپ چىقىپ، ئۇلارنى قەسرى زەپەرنىڭ ئىچىگە ئېسىپ قويغانىدى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى غەربكە يۈرۈش قىلىش بىلەن يۈرۈش قىلماسلىق ئوتتۇرىسىدا بولۇۋاتقان ئۆتكۈر ئىختىلاپنىڭ ئىنكاسى ئىدى. چيەنلۇڭ ئۆز ئۆمرىدە ماقالە ۋە نەزمە-بېيىتلارنى ساماندەك كۆپ يازغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىچىدە ياخشى يېزىلغانلىرى كۆپ ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ تۇمەن سۆزلۈك «غاپىللىقتىن ئويغىنىش ھەققىدە» دېگەن بۇ ماقالىسى ئۇ يازغان ئاشۇ پايپاق ماقالىلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ ياخشى يېزىلغىنى ئىدى (ئەلۋەتتە بۇ ماقالىنى ئۇنىڭغا باشقىلارنىڭ يېزىپ بەرگەنلىكىنىمۇ مۇستەسنا قىلغىلى بولمايدۇ).

چيەنلۇڭ بۇ ئەسىردە بىر «چاكىنا موللا» نىڭ ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ياراتقانىدى. بۇ «چاكىنا موللا»— ئۆتمۈشنى ماختاپ ھازىرقىنى چۆكۈرىدىغان، كونا ئەمرى-مەرۇپلارغا چىڭ ئېسىلىۋالىدىغان، ئالدىدا سۆزلىمەي كەينىدىن كوتۇلدايدىغان، قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان چاكىنا بىر ئادەم ئىدى. ئۇ غەربكە ئەسكەر چىقىرىشقا قارشى ئىدى. ئۇ ئەسكەر چىقارساق، ئاپەتنىڭ قۇيرۇقى ئۈزۈلمەيدۇ، ئۇرۇشتا چېكىنىمىز، سەركەردىلىرىمىز قىرىلىپ كېتىدۇ. ئاخىرىدا يەنىلا ھېچقانداق

نەتىجىگە ئېرىشەلمەيمىز، دەپ قارايتتى، باشقىلارنى كۆچ بىلەن بويسۇندۇرۇش پەزىلەت ئارقىلىق تەسىرلەندۈرگەنگە يەتمەيدۇ، دەيتتى.

چيەنلۇڭ ئۆزىنىڭ بۇ ماقالىسىدە، «ساھىبكالان»، «ساھىبقىران» دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى ئادەمنىڭ ئېغىزى ئارقىلىق ھېلىقى «چاكىنا موللا» غا رەددىيە بەرگەنىدى.

«قار - شىۋىرغاننىڭ چىقىشى تەڭرىگە تالىق ئىش، — دېگەنىدى ئۇ، — قار - شىۋىرغانلار زېمىندىكى چاڭ - توزانلارنى تازىلاپ، سۈپۈرۈپ ئېلىپ كېتىدۇ. ئاسماندىن قار ياغمىسا، زېمىننى چاڭ - توزان قاپلاپ كېتىپ، زېمىندىكى ئادەملەر تىنالماي قالىدۇ. شۇڭا چوڭ ئىشلارنى قىلماقچى بولغان ئادەم، — دەپ يازغانىدى ئۇ ئۆزىنىڭ كۆزقارىشىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، — ھىيلە - مىكىر ئىشلەتمەيمەن دەپ ئېيتالامدۇ؟ چوڭ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قازىنىمەن دەيدىكەنسەن، بەك رەھىمدىل بولۇپ كەتمە. تەنتەكلىك بىلەن زەپەر قازىنىمەن دېگىلى بولماس. لىگتاسىملىق قىلىپ جاھاننى ئوڭشىغىلى بولماس. بەدەۋىيلەرنىڭ ئۈستىگە خېيىم - خەتەردىن قورقماي تىغ تارتقاندىلا، زەپەر قۇچقىلى بولىدۇ. خېيىم - خەتەردىن قورقۇپ بىر قەدەممۇ ماڭمايدىغان بولساق، ئۇنىڭلىق بىلەن خېيىم - خەتەر توگەپ قالامدۇ؟»

چيەنلۇڭ غاپىللارنى ئويغىتىپ، ئۆزىنىڭ غەربنى ئىگىلەش قارارىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، بايامقى قائىدىلەرنى ماقالىسىدە باشقىلارغا ئېرىنمەي چۈشەندۈرگەنىدى.

شاھسانىيە سىشىتەيخۇ باشچىلىقىدىكى مانجۇ ئىستىبداتى غەربكە ئەسكەر چىقىرىشتا قەتئىي قارارغا كەلگەنىدى. ئوردىنىڭ

زو زۇڭتاڭغا «مەخپىي يارلىق» چۈشۈرگەنلىكى ــ ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭغا ھەربىي يۈرۈش لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقىسىڭ! دېگەن گەپ ئىدى.

1875 - يىلى 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، «مەخپىي يارلىق»نىڭ روھىغا ئاساسەن، زوزۇڭتاڭ ئوردىغا «دېڭىز مۇداپىئەسى، قورۇل مۇداپىئەسى ۋە جىيايۈگۈەندىن ئاشلىق يۆتكەش ھەققىدە مەكتۇپ» نى يوللاپ، «شەرقتە دېڭىزدىن مۇداپىئە كۆرۈش، غەربتە قۇرۇقلۇقتىن مۇداپىئە كۆرۈش ئىشىنى تەڭ تۇتۇش لازىم» دەپ، ئۆزىنىڭ پىكرىنى بىلدۈردى.

شۇنداق قىلىپ، ئوردىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىنى بىر مەھەل زىلزىلىگە كەلتۈرگەن «دېڭىز مۇداپىئەسى» بىلەن «قورۇل مۇداپىئەسى» نىڭ مۇنازىرىسىدە، ئاخىرى زو زۇڭتاڭ ئۇتۇپ چىقتى.

گۇاڭشۈي خاننىڭ تۇنجى يىلى (1875 - يىلى) 5 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، مەنچىڭ ئوردىسى «ئالتە يۈز چاقىرىملىق جىددىي پەرمان» چۈشۈرۈپ، زوزۇڭتاڭنى «خان مۇپەتتىش، شىنجاڭنىڭ مۇھارىبىيە ئىشلىرىنىڭ باش نازارەتچىسى» قىلىپ تەيىنلىدى. پەرماندا، قوشۇن تورپلاش، راسخوت تەييارلاش، پۈتۈن ئارمىيىگە قوماندانلىق قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە زوزۇڭتاڭغا تولۇق ھوقۇق بېرىلگەنلىكى جاكارلاندى. سابىق ئۈرۈمچى باسقاقبەگ مەھكىمىسى رەسمىي يوسۇندا شەنشى، گەنسۇ ئۆلكىلىرىنىڭ بۇ باش ھەربىي ۋالىيسىنىڭ قارمىقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

نەزمە:

مەن ئەمەسمەن ئۇ كىشى ئارقامنى كۆرسەڭ جەڭ كۈنى،
شۇ كىشى مەنكى كۆرەرسەن بىشى قان تۇپراق ئارا.
جەڭگە كىرسە هەر كىشى قانى بىلەن ئويىنار پەقەت،
كىمكى قاچسا جەڭ كۈنى لەشكەرگە بولغاي چوڭ بالا.

— شەيخ سەئدى

# ئونىنچى باب

## «قوي پادا ـ پادا، ئىت بىرە ـ بىرە»①

«ــ ئەي سۇلتان، تەخت ساڭا تۇرمۇشتا
چوڭ قۇدرەت بەرگەن. ئەمما سەن ياخشى‌
لىق يولىنى رەت قىلىپ، زۇلۇم يولىنى
ئەۋزەل كۆردۈڭ. ۋاقتىنى مەنىسىزلىك،
بۇزۇقچىلىق ۋە بەزمىلەردە ئۆتكۈزدۈڭ،
يىغمىدىڭ، تۈزمىدىڭ، قۇرمىدىڭ! شۇنداق
قىلىپ، ئۆز سەلتەنىتىڭنىڭ كۈلىنى
كۆككە سورۇپ، دەپسەندە قىلدىڭ!»

ــ ناۋايى

مىلادى 1875 ـ يىلى، كۈز ئايلىرى.

«... ئىمادۇر سەلتەنە موللا نىياز ھېكىمبەگ جانابلىرىغا!
پىيام مەرھەمەت فەرجام سوگرەمەفھۇم ئۇلكى، بۇ ئەييام
مەيمەنەت ئەنجامدا فەزىل خۇداۋەندە ۋە دۆلەت ئىسلامىدا

① ئۇيغۇر خەلق تەمسىلى: «قوي ـ قوزىلار بىرە ـ بىرە، يورەر
ياپلاقتا كىرە ـ كىرە؛ ئىت ـ كوچۇكلەر كىرە ـ كىرە، يورەر تالادا
بىرە ـ بىرە!»

مەئەتتاۋابىئات لەيلەن ناھارەن ھەزرىتى رەبئۇل ئىززەت دەرگا-
ھىغە ئىلتىجائىي تەمام ۋە ئىستىدايى مەدام سىباتى دۆلەت،
جۇنۇدى مۇنقادى مىللەتنى فانۇس ئىسمەت ئىچرە ئەفاتى
سۇۋەرى ۋە بىللىيات مەئمنۇدىن مەھفۇز ۋە فەتھى زەفەر
ئەتاسى بىرلە مەھزۇر بولماقىن سالاۋات خەمسە ئاداسىدىن
سۇڭرە تىلەپ، شىكەستە دىل غۇربا ۋە ئاجىز فۇقرالەر ھاجىتى
شەرئىي شىرىف ھۆكۈمى بىرلە ئىجرا قىلماق بىرلە خۇرسەندى
ئەيلەپ ۋە بۇ دۆلەت زىياسى ئەھلىي ئىسلام باشىدىن مەھۋى
ئولماسلىقى دۇئاسىغا مەشغۇل ئىكەنىڭىزنى قۇبۇلىيەت شەرىفىن
مۇشەررەف بولماقى ئۇمىدىدە ئەرزە داشت مەئلۇم قىلىپ،
ئىنىڭىز موللا مۇھەممەت ئېلى ئىمىنبەگنى توققۇزدىن توققۇز
بوغچا ئالتۇن، توققۇزدىن توققۇز بوغچا كۈمۈش، توققۇزدىن
توققۇز بوغچا كۆلاھۇ - سەرپاي، توققۇزدىن توققۇز ئات بىرلە
ئىبەرىپ ئىكەنسىز، مۇھەررەم ئەلھەرەمنىڭ يىگىرمە بەشى
جۇمئە نەمازى ئاداسىدىن سوڭرە، سائادىتى مۇۋاسىلەت ۋە
شەرافىتى قۇبۇلىيەت كۆرگۈزدى. مەزامىن مۇندەرەجەلەرى مۇبەھۇ-
ئىمتىلاھ دەرەجە سىغ مۇشەررەف تاقىپ، باسىس ئىھتىياج
ۋە مەسەررەت ئولدى. ئەلتافى خۇدايى ئالىميان شامىلۇ
ھالدۇركىم، ئافتابى شەرىئەت ھەزرىتى سەيدىلئىنس ۋە
ئەلجان ۋە رەسۇلىر رەھمان پەرتۇشئاتى بۇ يەتتە شەھەر
ئاھالى فەرقىدە مۇشەئشەلدۇر. مۇنىسسىق بادىيانەت ۋە
فۇقەھائۇممەت ئۇشبۇ دۆلەتى شەرىئەتغە دۇئا ئىستىدامەت،
ئىلتىزامى ھىممەت مەيزۇل ئەتمىشدۇر. بۇخاكراھى ھەزرىتى
شەرىئەتنىڭ شەرئىي شىرىف تەرۇيجى ۋە فۇقرائى ئەھلى
تەرفىھدىن ئۆزگە مۇددىئا ۋە مەقسۇت قاچان بولسۇن. ھەممە
ھال بۇ مەقسەد مەدامدۇركىم، شەرىيەتى خەيرىلبەشەر
سالاۋاتۇللا ۋە ئەتتەھىيەلاۋاسى زىياسىن مەقسۇد ئېتىپ،
ئۆمۈر شەرئىيە نەبۇۋىيەئەلا شەرئىھا ئەسسالاۋات ۋە ئەتتەھىيە

ۋە ئەھكامى مۇجتەھىددىن رىزۋانۇللا ئەلەيھىم ئەجمەئىن تەرەۋۋىج ۋە روۋناقلىقىغا مۇستەدام شۇغۇل تەمام قىلىسىڭىز كېرەك. بۇ زىيا ۋە روۋناق خاسىيەتنى ئىزدەپ، خاسىيەت ۋە نەتىجەسى رىئايە رىفاھىتى سەۋەبى بولۇشىدىن ئەلتازام قىلىڭ. بۇ ۋەجھىدە جاۋاپ مۇشەققەتتىدۇر. ئۇ قۇۋبا سەئىئىدە بولۇڭ. ئۈمىد رەجابۇكى، دۇئايى بىرىيا ۋە ئىلتىجاھى دەرگاھى بەھەمتا جەھەتى ئىستىدامەت دۆلەت مۇئەللا زىيادە قىلىڭ ۋە ئەلھال ھەزەمولا مۇھەممەد ئىمىنبەگكە سەرۇپا ۋە خەرجى ئىلتىفات ئېتىپ ۋە سىز غەلىباس ۋەسەللا كۇلاھ، رويمال مەرھەمەت ئەيلەپ ئىبەردۇك. ۋەسسالام ھىجرى مىڭ ئىككى يۈز توقسان بىر.»

«... سەلتەنەتنىڭ تۆۋرۆكى بولغان موللا نىياز ھېكىمبەگكە: مەرھەمەتلىك ۋە سائادەتلىك سالاملىرىمىزدىن كېيىن مەلۇم بولسۇنكى، مۇشۇ كۈنلەردە بۇ ئىسلام دۆلىتىدە تەگرىنىڭ پەزلى بىلەن پۈتۈن ئائىلە تاۋابىئاتلىرىڭىزنىڭ خاتىرجەملىكىنى، دۆلەتنىڭ كۈچلۈك ۋە مۇستەھكەم، خەلقنىڭ ئىتائەتمەن بولۇشىنى، مىللەتنى ھەر تۈرلۈك ئاپەت ۋە مەنىۋى بالالاردىن پاك ساقلاپ، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا غەلىبە ئاتا قىلىشىنى تەگرىگە ئىلتىجا قىلىپ، داۋاملىق بەش ۋاخ نامازدىن كېيىن دۇئا ۋە تەلەپتە بولغانلىقىمىزنى ئىزھار قىلىش، غېرىب - ئاجىز، كۆڭلى سۇنۇق پۇقرالارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى شەرىئەت ھۆكمىنى ئىجرا قىلىش بىلەن خۇرسەن قىلىپ، ياخشى دۇئاسىنى ئېلىۋاتقانلىقىڭىزنى، ئۆزىڭىزنىڭمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىدىن بۇ دۆلەتنىڭ نۇرىنىڭ ئۆچمەسلىكىگە دۇئا ۋە تەلەپ بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقانلىقىڭىزنى خەۋەر قىلىپ، خەت يېزىپ پادىشاھ ھەزرەتلىرىنىڭ قوبۇللۇق نەزەرىگە مۇشەررەپ بولۇشنى ئۈمىد ۋە ئارزۇ قىلىپ، ئىنىڭىز موللا مۇھەممەت ئېلى ئىمىنبەگنى توققۇزدىن

تۇققۇز بوغچا ئالتۇن، تۇققۇزدىن تۇققۇز بوغچا كۈمۈش، تۇققۇزدىن تۇققۇز بوغچا كۆلاھۇ - سەرپاي، تۇققۇزدىن تۇققۇز ئات بىلەن سالامغا ئەۋەتكەن ئىكەنسىز، مۇھەررەم ئېيىنىڭ يىگىرمە بەشىنچى كۈنى جۈمە نامىزىدىن كېيىن سائادەت ۋە شاراپەت بىلەن قوبۇللۇق نەزەرىمىزگە مۇشەررەپ بولدى. ئەرزىڭىزگە يېزىلغانلارنىڭ ھەممىسىدىن ۋاقىپ بولۇپ، قانائەت ھاسىل قىلدۇق، كۆپ خۇرسەن بولدۇق.

تەڭرىم دۇنيانىڭ ئەھۋالاتلىرىنى ھەمىشە بىلىپ تۇرىدۇ، ئىنسان ۋە جىنلارنىڭ خوجىسى بولغان پەيغەمبىرىمىزنىڭ شەرىئىتىنىڭ ئۆتكۈر نۇرى بۇ يەتتە شەھەر خەلقىنىڭ بېشىنىڭ ئۈستىدە يېنىپ تۇرغان مەشئەلدۇر. ئېتىقادلىق ۋە دىيانەتلىك كىشىلەر، خۇسۇسەن شەرىئەت ئىلمىنىڭ ئۆلىمالىرى بۇ دۆلەت ۋە شەرىئەتنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن دائىم دۇئا ۋە تەلەپتە بولۇشنى ئۆزلىرىنىڭ زۆرۈر مەجبۇرىيىتى دەپ تونۇيدۇ. ئۇلاردا پەيغەمبىرىمىزنىڭ شەرىئەتلىرىنىڭ راۋاجى، پۇقرالارنىڭ خاتىرجەم - پاراۋانلىقىدىن باشقا نىيەت ۋە مەقسەت يوق. ئۈممەتلىرىگە چەكسىز مېھرىبان پەيغەمبىرىمىزنىڭ شەرىئەت نۇرلىرىنىڭ تېخىمۇ كەڭ تارقىلىشىنى مەقسەت قىلىپ، شەرىئەتنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، ھەمىشە مەشغۇل بولۇشىڭىز لازىم. بۇ نۇرنىڭ روناق تېپىشىنىڭ خاسىيىتى ۋە نەتىجىسى پۇقرالارنىڭ ئاسايىشلىقىغا سەۋەب بولىدىغانلىقىنى بىلىشىڭىز لازىم. بۇ بەش كۈنلۈك ئالەم ئۆتۈپ كېتىدۇ. قىيامەت كۈنى مۇشەققەتلىكتۇر. تاپشۇرۇلغان مەجبۇرىيەتنى ياخشى ئادا قىلىپ، ئاخىرەتلىكىڭىز ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىڭ.

دۆلىتىڭىزنىڭ زىيادە بولۇشى ئۈچۈن تەڭرىنىڭ دەرگاھىغا ھەقىقىي سادىقلىق بىلەن دۇئا ۋە ئىلتىجانى زىيادە قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز.

مۇللا مۇھەممەت ئىلى ئىمىنبەگكە سەردىپاي ۋە خىراجەت ئىلتىپات قىلدۇق. ئۆزلىرىگە كىيىم - كېچەك، سەللە - كۆلا، رومال مەرھەمەت قىلىپ ئەۋەتتۇق، ۋەسسالام. ھىجرىيە 1291 - يىلى.»

ئادەتتە بەدۆلەت ھەربىي يارلىقلىرىنى ئۇيغۇر تىلىدا، ھۆكۈمەت يارلىقلىرىنى پارس تىلىدا يازدۇرۇپ چۈشۈرەتتى. بۇ يارلىقنىڭ پارس تىلىدا يېزىلغانلىقى شۇ ئادەتتىن بولغان.

بۇ ئۆلكە ئىلگىرىكى زامانلاردا ئۆزىنىڭ بايلىقى بىلەن شۆھرەتلەنگەنلىكىنى ئاتا - بوۋىلار ئەۋلادلىرىغا سۆزلەپ بەرگەن. بۇ زېمىندا يەر ناھايىتى جىق ھوسۇل بېرەتتى. چۆل - داللاردا ئوت - چۆپلەر شۇنچىلىك ئېگىز ئۆسەتتىكى، ھەتتا ئەڭ يوغان ئۇينىڭ مۈڭگۈزىنى يىراقتىن ئارانلا ئىلغا قىلغىلى بولاتتى. ئېتىزلاردا پات - پات ئۇنتۇلۇپ قالغان سوقىلار ئۈچ - تۆت كۈن ئىچىدە قېلىن كۆك ئوتلار بىلەن قاپلىنىپ كېتەتتى. ھەسەل ھەرىلىرى شۇنچىلىك كۆپ ئىدىكى، ھەرىلەر دەرەخلەرنىڭ كاۋاكلىرىغا سىغىشماستىن، ھەتتا يەرنىڭ ئۆزىگە توپلىشىپ بال سالاتتى. شۇنداقمۇ بولاتتىكى، بۇ يەردىن ئۆتكەن كىشىنىڭ ئايىغى ئاستىدا ئېقىپ تۇرغان ساپسېرىق ھەسەللەر چاچراپ كېتەتتى. بۇ ئەلنىڭ ئەزىم دەريالىرىنىڭ قىرغاقلىرىنى بويلاپ ھېچقانداق پەرۋىشسىز تاتلىق ياۋا ئۈزۈملەر، تەبىئىي ئۆرۈكلەر، ئالمىلار، پىستە- بادامىلار پىشاتتى.

قىزىل دەرياسىنىڭ بىر قېتىدا كۆپكۆك شاللىقلارنى كېسىپ ئۆتۈپ، قەشقەر شەھىرىدىن تا تۆۋەنكى جايلارغىچە سوزۇلغان چوڭ يول بار ئىدى. بۇ يول گاھىدا توپتوغرا، تۈپتۈز باراتتى. گاھىدا كۆپكۆك كۆكىرىپ ياتقان تۆپىلىكلەرگە دۈچ كېلەتتى. بۇ تۆپىلىكلەر ئۈستىگە ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ لايسۇۋاق، كېسەك ۋە چالمىدىن

قىلىنغان ئۆيلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. يول گاھىدا قاپقاراڭغۇ
مېۋىلىكلەرنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتەتتى. گاھىدا باغ - ئېرەمدىن
چىقىپ، يەنە قايتىپ ئوت - چۆپلۈكلەر ئارىسىدا، ئېتىزلىقلار-
نىڭ ئارىلىقىدىكى ئايدالادا يالت - يۇلت قىلاتتى. ئۇششاق
تاشلار بىلەن قاپلانغان يول ئاقىرىپ كۆرۈنەتتى. مانا بۇ
يولنىڭ ئۆزى قەشقەردىن يېڭىشەھەر ئارقىلىق يەكەن،
خوتەنلەرگە بارىدىغان چوڭ يول ئىدى.

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ھاكىمبېگى نىياز ھېكىمبەگ
بەدۆلەتنىڭ ئىنايىتىنامىسىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ئۇزاق
ئۆتمەيلا قەشقەرگە يېتىپ كەلدى ۋە ئەتىسىلا
ئاقسارايغا — بەدۆلەتكە تەزىم قىلىش ئۈچۈن كىردى. ئۇ
ئاۋۋالقىدەكلا سارايدىكى ئۆزىنىڭ «قۇلاق» لىرىدىن يېڭى
ۋەقەلەر، غەيۋەتلەر، پىتنە - پاساتلار ھەققىدە مەلۇماتلارغا
ئىگە بولدى. مانا ئۇ ھەدېگەندە ساراي مەككارلىرىنىڭ
پىرى ھېسابلانغان ئالدىراج دادخاھنى ئۇچراتتى. ئۇ نىياز
ھېكىمبەگنى بىر چەتكە تارتىپ تۇرۇپ، نىياز ھېكىمبەگنىڭ
دۈشمەنلىرى دەپ ھېسابلانغان مەنسەپدارلار توغرىسىدا
مەلۇمات بېرىپ ئۇلارنىڭ بەدۆلەت توغرىسىدا
بىر سورۇندا قىلىشقان غەيۋەت - شىكايەتلىرىنى ئالاھىدە
سىر قىلىپ سۆزلەپ بەردى. نىياز ھېكىمبەگ بەدۆلەتنىڭ
ئۆزى ھەققىدە قانداق يېڭى تونۇشلاردا ئىكەنلىكىنى سوراپ
بىلىۋالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا يېڭى - يېڭى تاپشۇرۇقلارنى
بېرىپ، ھۇزۇرى مۇبارەككە — ئەينەكلىك زالغا بۇرۇلدى.

ئەينەكلىك زالدا ئۇنى ئادەتتىكىگە ئوخشاش ھېكىمخان
تۆرە① قارشى ئالدى. بەدۆلەتنىڭ ھۇزۇرىدا ئىشلەيدىغان
ئالدىراج دادخاھ بىلەن ھېكىمخان تۆرىنىڭ ئىچلىرىدە
بىر - بىرىگە نىسبەتەن غەزەپ - نەپرەت قايناپ تېشىپ
تۇرسىمۇ، ئەمما، بۇلار ئۆزئارا مۇئامىلىدە قەدىردانلاردەك

① ھېكىمخان تۆرە — كاتتاخان تۆرىنىڭ ئوغلى.

كۆرۈنەتتى. «مېھمان مېھماندىن قىزغىنىدۇ، ئۆي ئىگىسى ھەر ئىككىسىدىن» دېگەندەك، نىياز ھېكىمبەگ بولسا بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى يامان كۆرەتتى: ئالدىراج دادخاھنى بەدۆلەتنىڭ پايلاقچىسى دەپ ھېسابلايتتى. ھېكىمخان تۆرىنى بولسا، ھەردائىم ئۆزىنى چېقىشقا تەييار تۇرغان يىلان دەپ تونۇيتتى.

رەسمىي تەزىم ۋە سالامدىن كېيىن، سۇ بىلەن ئوتتەك چېقىشالمايدىغان رەقىبلەر ئومۇمىي پاراڭغا چۈشۈشتى. ئۇلارنىڭ پاراڭلىرى ئاۋۋال يۇمشاق، شېرىن تۇيۇلۇپ، كېيىن بارا - بارا زەھەرلىك تۈس ئېلىشقا باشلىدى. شۇ ئەسنادا ھۆدەيچى كۆرۈندى ۋە ئۇلارنى شاھنىشىنغا ئىشارەت قىلدى.

بەدۆلەت شاھنىشىندە قېلىن كىمخاب كۆرپە ئۈستىدە بەدەشقىنىنى قۇرغىنىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ كىرگىنىنى كۆرۈپ، بېشىنى لىڭشىتىپ، ئورنىدىن سەل قىمىرلاپ قويدى. بۇ ئۇنىڭ نىياز ھېكىمبەگلەرگە قىلغان ئىلتىپاتى ئىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە، قورۇق چۈشكەن يۈزلىرىدە ئۇيقۇسىز تۈنلەرنىڭ ئىزلىرى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ ھارغىن ئاھاڭدا ئۇلارنىڭ تىنچ - ئامانلىقىنى سورىدى. ئاندىن نىياز ھېكىمبەگدىن خوتەن ۋىلايىتىنىڭ پۇقرادارچىلىق ئىشلىرىنىڭ قانداق كېتىۋاتقانلىقىنى سورىدى.

ئاتالىق غازى نىياز ھېكىمبەگنى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ھاكىم قىلىپ بەلگىلەپ، ئۇنىڭ ئىنىسى مۇھەممەت ئېلى ئىمىنبەگنى ئەمىر لەشكەر قىلىپ تەيىنلەپ، ئۇنىڭغا سەككىز پەنساد تەيىن قىلىپ بېرىپ خوتەندە توختاتقانىدى. ئۇ خوتەنگە ھاكىم بولغان مۇشۇ ئون نەچچە يىلدا، ھەر جۈمەدىن يانغاندا بىر ئەرزچى بىلەن ھەربىر دانىسى يىگىرمە يامبۇلۇق قىممەتكە ئىگە توققۇزدىن ساپ ئالتۇننى

بەدۆلەتكە ئەۋەتىپ تۇردى. ئۇ بۇ ئادىتىنى زادىلا توختاتمىدى ۋە كەممۇ بەرمىدى. يەنە ھەر يىلى ئىككى قېتىم چوڭ تارتۇق ـ پىشكەشلەرنى ئېلىپ ئۆزى ئالاھىدە تەزىمگە كېلەتتى.

بۇ قېتىم بەدۆلەت بىر مۇھىم مۇددىئا ئۈچۈن نىياز ھېكىمبەگكە ئىنايەتنامە ئەۋەتىپ، «بۇ ئىنايەتنامە تەگكەن ھامان بىر مەھرەم بىلەن ئاتنى قامچىلاپ، كىشىلەرگە بىلدۈرمەي، مەخپىي ھالدا كېچىلەپ مېڭىپ ئالىي دۆلەتخانىغا كېلىپ دۇئا قىلىپ يانغايسىز. بىز سىزلەرنى ناھايىتى تاقەتسىز كۈتمەكتىمىز» دېگەنىدى. نىياز ھېكىمبەگ ئىنايەتنامە بارغان ھامان ئاتنى قامچىلاپ بىر مەھرەم بىلەن دېگەن ۋاقىت ـ سائەتتە قەشقەر يېڭىشەھەر دەرۋازىسىغا كېلىۋېدى، ئىككى مەھرەم پانۇس تۇتۇپ، نىياز ھېكىمبەگ ھېلى كېلىدۇ، دەپ قاراپ تۇرغانىكەن. ئۇ ئاتتىن چۈشۈپ، ئۈچ مىڭ سەردىن ئالتە مىڭ سەر نەخ زىخچا ئالتۇن قاچىلانغان ئىككى كىچىك ساندۇقچىنى ھېلىقى مەھرەملەرنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويغاندىن كېيىن، ئۆزى ئوردىغا ماڭدى.

— بىزگە بەش تۈمەن تەڭگە پۇل لازىم! — دېدى بەدۆلەت پەسكە ساڭگىلىغان قاپاقلىرىنى سۈزۈپ.

ھېكىمخان تۆرە يالت قىلىپ ئالدىراج دادخاھقا قارىدى. سۆلەت بىلەن كېدىيىپ ئولتۇرغان ئالدىراج دادخاھ بېشىنى تۆۋەن ساڭگىلاتقىنىچە شۈك ئولتۇردى. ھېكىمخان تۆرە ئوڭايسىزلاندى، قىسىلدى. خەزىنە ئىمارەتتە ① پۇل تۈگەپ قالغانىدى. كەيىپ ـ ساپا ۋە بەزمە ـ زىياپەتلەرگە بېرىلىپ، كەتكەن بەدۆلەت ۋە ئۇنىڭ سارىيى دۆلەتخانىنى يالماپ تۇراتتى. ھېكىمخان تۆرە ھەقىقىي ئەھۋالنى بايان قىلماي، قىزىرىپ شۈك تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

① خەزىنە ئىمارەت — بەدۆلەتنىڭ مالىيە باشقارمىسىنىڭ نامى.

ئالدىراج دادخاھ بىلەن ھېكىمخان تۆرە ئەمدى پۇل تېپىشنى ۋەدە قىلىشقا پېتىنالمىدى. ئەمدى قانچە پۇل تاپساڭمۇ بىكارلا! بەدۆلەتنىڭ غەزىپى ئاستىدا ئۆلتۈرۈش ئېغىر ئىدى. ئۇلار رۇخسەت سوراپ ئەيىبكارلاردەك ئېڭىشىپ، ئېزىلىپ، پۇشۇلداشقىنىچە شاھىنشىندىن تاشقىرىغا چىقىشتى.

نىياز ھېكىمبەگ ئېچىلىپ - يايراپ كەتتى. بەدۆلەت بولسا تەدبىرسىز بەگلەر توغرىسىدا شىكايەت قىلىپ قايناپ كەتتى. نىياز ھېكىمبەگ ئۆز ئارزۇلىرى ئۈچۈن ئەڭ قولايلىق پەيتنىڭ ئەمدى يېتىپ كەلگەنلىكىنى سەزدى. بەدۆلەتنىڭ يېقىندىن بۇيانقى ئۇنىڭغا بولغان ئالاھىدە ئىلتىپاتلىرى، ئۇنىڭ بەدۆلەتكە ئاستىرتتىن سۇڭغۇزغان ئالتۇن - كۈمۈشلىرى ئۇنى تېخىمۇ دادىل بولۇشقا دەۋەت قىلىپ غەيرەتلەندۈردى. نىياز ھېكىمبەگ كۆيۈپ - پىشىپ، ئۆزىنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى گىنەلىرىنى چىقىرىشقا باشلىدى. ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا خۇددى جەڭدە دۈشمەن قاچقاندىن كېيىن باتۇر بولۇۋالغان ئادەمدەك غۇرۇرلۇق بىلەن مۇنداق دېدى:

— ئالەمپاناھ جانابىي ئالىيلىرىنىڭ دۆلىتىدە خەزىنە ئىمارەتنى چەكسىز دەرىجىدە تولدۇرغىلى بولىدۇ... مانا پېقىر مەسلەن، بەش تۈمەن ئەمەس، ئون تۈمەن تەڭگىنى ناھايىتى ئاسانلىق بىلەن يىغىپ بېرىشكە ۋەدە بېرەلەيمەن.

— مەسىلەن، قانداق يىغىپ بېرۇرسىز؟ — دەپ سورىدى بەدۆلەت دەررۇ تېتىكلىشىپ.

— جانابىي ئالىيلىرى، بىز قۇللىرىغا ئىشەنسىلە بولىدۇ، — دەپ قەتئىي جاۋاب بەردى نىياز ھېكىمبەگ. — ئەمما، ئەمىر ئىسلام ئالەمپاناھ جانابىي ئالىيلىرى، بۇنىڭ ئۈچۈن پېقىر قۇللىرىغا مەملىكەتتە تېگىشلىك ئورۇن، ھوقۇق ۋە ئىقتىدار بېرىشلىرى شەرت!

بەدۆلەت بېشىنى كۆتۈرۈپ، ھارغىن، ئۆيچان كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ قارىدى. ماش گۈرۈچ ساقىلىنى ئۇچۇملىرى بىلەن سىقىملاپ ئويغا چۆمدى.

ئۇ نىياز ھېكىمبەگنى ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن ئادەملىرىدىن دەپ ھېسابلايتتى. يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىدىمۇ ئۇنىڭغا ئىشىنىپ، بۇ ئەلنىڭ ئەڭ باي ئۆلكىلىرىدىن بولغان خوتەن مۇزاپىتىنى ئۇنىڭغا جۇلدۇ - جاساق قىلىپ بەرگەنىدى. نىياز ھېكىمبەگمۇ ئۇنىڭغا بولغان ساداقىتىنى ئاشۇرۇپراق بىلدۈرۈپ، قەرەللىك ھالدا مەخسۇس بەدۆلەتنىڭ خەزىنە - ئىمارىتىگە دەپ توققۇزدىن توققۇز ئالتۇن - يامبۇ، قاشتېشى - جاۋاھىراتلارنى ۋە قىز - سېكىنەكلەرنى تۆھپە - تارتۇق قىلىپ، قەشقەرگە ماڭغۇزۇپ تۇراتتى.

«... ھاكىمبەگلەر ياقۇپبەگنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىغا ئاساسەن، يەر - زېمىنلارغا ھەر خىل دەرىجىدە ۋاقىتلىق ياكى ئۆمۈرۋايەت ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈۋالغانىدى. ھەربىر ھاكىم دۆلەت خەزىنىسىگە مەلۇم مىقداردا ئاشلىق ۋە پۇل تاپشۇرغانىنىڭ سىرتىدا، ھەر يىلى يەنە بەدۆلەتكە ئولپان تاپشۇرۇشى شەرت ئىدى. بۇنداق ئولپان ھۆكۈمران بىلەن ئولپان تاپشۇرغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ياخشى ياكى يامان بولۇشىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتەتتى. مۇنداق ئولپانلار نۇرغۇنلىغان ئاتلارنى، سان - ساناقسىز تون - سەرپايلارنى، زىلچا - گىلەملەرنى، تاۋار - دۇردۇنلارنى، تاغار - چايلارنى ۋە شېكەرلەرنى، لېگەن - لېگەن كېپەك ئالتۇنلارنى، تىللا ۋە كۈمۈش تەڭگىلەرنى، زىنچە ئالتۇن ياكى يامبۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. «توققۇز» دېگەن سان يۇقىرىقىدەك ئولپان - سوۋغىلارنىڭ ئومۇمىي مىقدارى جەھەتتە خېلى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. مەسىلەن، ئومۇمەن سوۋغا تەقدىم قىلغاندا، بىر

يۈرۈش ياكى بىرقانچە يۈرۈش نەرسە بىر يولىلا سۇنۇلىدۇ. بىر يۈرۈش دېگەندە، توققۇز تۇياق ئات، توققۇز تېكىق تون بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر سوۋغا سۇنغۇچى كەمبەغەلرەك بولسا، پەقەت توققۇز تون سۇنۇشى، توققۇز قاپ ياكى توققۇز خالتا شېكەر، توققۇز ئالتۇن يامبۇ سۇنۇشىمۇ مۇمكىن (ھەربىر يامبۇ 108 سومغا تەڭ). ھاكىملار بۇ سوۋغىلارنى مەخسۇس ئەلچىلىرىدىن ئەۋەتىدۇ ياكى ھاكىملارنىڭ ئۆزلىرى بەدۆلەتنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ يۈكۈنۈپ تۇرۇپ تەقدىم قىلىدۇ.

بەدۆلەت ھاكىملارنىڭ سۇنغان سوۋغا - ھەدىيىلىرىگە جاۋابەن كۆپىنچە شۇنىڭغا ئوخشاش قىممەتتىكى ماددىي نەرسىلەر بىلەن ئەمەس، بەلكى نۇرغۇن شېرىن سۆزلەر ۋە يېقىنچىلىق بىلەن ئىلتىپات كۆرسىتەتتى. ئۇ ئادەتتە مەيلى يۇقىرى مەرتىۋىلىك ھاكىملارغا بولسۇن ياكى تۆۋەن دەرىجىلىك ئەلچىلەرگە بولسۇن، رەڭگارەڭ بەناراس تون، كەمەر ياكى ناگان ھەدىيە قىلاتتى.»①

«ئۇنىڭغا ئىمادۇر دۆلەتى② دېگەن مەرتىۋىنى رەسمىي بەرسەممىكىن - يە؟» دەپ ئويلىدى بەدۆلەت ئىچىدە. ئاسانلىق بىلەن ئون تۈمەن تەڭگە پۇل تېپىشقا قەتئىي ۋەدە بەرگەن نىياز ھېكىمبەگ ئۇنىڭ نەزەرىدە مۇشۇ تاپتا ھەممىدىن ئىشچان، قەدىر - قىممەتتە ھەممىدىن چوڭ بولۇپ كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى.

لېكىن نىياز ھېكىمبەگنى ھاكىمىيەت ئۈستىگە كەلتۈرۈشكە ھەممىدىن ئاۋۋال تەتەي ئاغىچا قارشى ئىدى. ئۇنىڭدىن قالسا، يەكەننىڭ ھاكىمبېگى، جانابىي مۇھەممەت يۇنۇسجان شىغاۋۇل، ھېكىمخان تۆرە، ئالدىراج دادخاھ قاتارلىق بەگ - بېگاتلار،

---

① ئا. ن. كوروپاتكىن: «قەشقەرىيە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 - يىل نەشرى، 40 - بەت.

② ئىمادۇر دۆلەتى — دۆلەتنىڭ تۈۋرۈكى، تايانچىسى.

ئەمرۇل - ئۈمرالارمۇ قارشى ئىدى. نېمە قىلىش كېرەك؟ بەدۆلەت هارغىن كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئويلىدى. بىر پەس ئۆتكەندىن كېيىن كۆزىنى ئاچتى. ئۇ قەتئىي نىيەتكە كەلگەنىدى:

— نىياز هېكىمبەگ، — دېدى ئۇ، — بىز سىزنى سەلتەنىتىمىزدە ئەڭ ئالىي ئورۇنغا — ئىمادۇر دۆلەتى مەرتىۋىسىگە تەيىنلەيمىز. شۇڭا، ئۇلۇغ ۋەزىپىڭىز ئۈچۈن، زۆرۈر چارىلەرنى هازىردىن باشلاپ كۆرۈشكە بەل باغلىغايسىز!

— رەهمەت! مىڭ مەرتىۋە رەهمەت! — دەپ نىياز هېكىمبەگ يېنىپ - يېنىپ قۇللۇق بىلدۈرۈپ، قىزغىن روهى بىلەن بەدۆلەتنىڭ هەققىگە دۇئا قىلدى، — ئەمىر ئىسلام جانابى ئالىيلىرىنىڭ ئادالىتىنىڭ بەركاتىدىن مەملىكەتتە قوزىلار بۆرىنىڭ ئەمچىكىدىن سۈت ئەمگۈدەك، كەكلىك بىلەن قارچىغا بىر ئۇۋىدا ياشىغۇدەك دەرىجىدە ئادالەت ئورنىدى. ئىلاهىم ئۆزلىرىنىڭ دۆلىتىنى پايانسىز، ئۆمۈرلىرىنى چەكسىز قىلغاي، ئامىن! ...

— بېگىم، سىلى نىياز هېكىمبەگدەك قىزىلكۆز، تۇزكور، نائىنساپ غالچىنىڭ ئىززەت - ئىكرامىنى هەددىدىن ئاشۇرۇۋەتتىلە! — دېدى تەتەي ئاغىچا بىر كۈنى بەدۆلەت بىلەن خالى قالغاندا. ئۇ نىياز هېكىمبەگدەك كىشىلەرنىڭ قولىدىن خائىنلىقتىن باشقا هېچ ئىش كەلمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا، ئۇنى هاكىمىيەت بېشىغا، بولۇپمۇ ساراي ئىشىغا يېقىن يولاتماسلىق هەققىدە ياقۇپبەگنى كۆپ قېتىم سەممىي ئاگاهلاندۇرغانىدى.

— بىلمىدىم، ئۇ قايسى تەدبىر بىلەن بۇ پۇلنى تەييارلايدىكىن؟ ... مۇبادا، ئۇنىڭ تەدبىرى سەلتەنەتكە خەيرلىك نەتىجە بەرسە، هەممىدىن ئاۋۋال مەن خۇشال بولغان بولاتتىم. ئەمما، بۇنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولماسمىكىن، دەپ ئەندىشە

قىلىمەن،— دېدى تەتەي ئاغىچا.

بەدۆلەتنىڭ يۈزى بىر پەس ئەسەبىي تىترەپ كەتتى. ئۇ ئوڭايسىزلانغانىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ سىرلىق پەردە ئاستىدا سىلىقلىق بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغان تەدبىرى مازغاپتەك ھەش - پەش دېگۈچە يېرىلىپ كەتكەنىدى. بەدۆلەت خەزىنە ئىمارەتنى توشقۇزۇش ئۈچۈن، قانداقتۇر ئۆزگىچە بىر چارىلەرنى كۆرۈش لازىملىقى ھەققىدە تەتەي ئاغىچىغا ئىشارەتلەرنى بەردى.

— يۇقىرى ھىممەتلىك باتۇر بەگلىرى، قابىلىيەتلىك خىزمەتچىلىرى بار ئىكەنلىكى راست،— دېدى تەتەي ئاغىچا زېرىكمەي،— سەلتەنەت دەرىخىنى قۇرتتەك يەپ تۈگىتىۋاتقان نىياز ھېكىمبەگدەك كۈپرانى نېمەت مەخلۇقلارمۇ يوق ئەمەس. ئۇلار سەلتەنەتكە كۆز تىكىدۇ. دىللىرى سىلى ئەمىر ئىسلام جانابىي ئالىيلىرىغا ساداقەت ئوتىدا ئەمەس، بەلكى ئالتۇن - كۈمۈش، تەمە - كىبىر ئوتىدا يانىدۇ. ئۇنداقلار كىيىملىرى، قاچا - قوشۇقلىرى ئالتۇن - كۈمۈشتىن بولۇشىغا قانائەت قىلمايدۇ. بىلەمدىلا، باشقا چارىلەر بىلەن خەزىنىنى تولدۇرۇش — خەتەرلىك ئاقىۋەتكە ئېلىپ بارىدۇ! مەن بۇ گەپنى بېكىمگە كۆيۈنۈپ دەۋاتىمەن!...

بەدۆلەت تەتەي ئاغىچىنىڭ سۆزىنى ئېغىر - بېسىق، لېكىن بىپەرۋالىق بىلەن تىڭشىدى، كېيىن بېلى ئاغرىغان كىشىدەك، ئىككى قولى بىلەن بېلىنى تۇتۇپ ئاستا ئورنىدىن تۇردى.

راستىنلا نىياز ھېكىمبەگدەك قارا نىيەت ھىيلىگەرلەر سەلتەنەتتە ھاكىمىيەت تىزگىنىنى قولىغا ئېلىپ كېتەرمۇ؟ بەدۆلەتتىن قالسا، پۈتۈن بەگ - بېگات، ئەمرۇل - ئۇمرالار،

پۇقرايۇ پەقىرلەر ئاشۇ ناكەسكە باش ئېگەرمۇ؟ — دەپ شىۋىر-
لىدى تەتەي ئاغىچا غەمكىن بىر خىيال ئىچىدە ...

ياقۇببەگنىڭ يىگىت - سەرۋازلىرى ئەللىك مىڭدىن ئاشقا-
نىدى. دىۋان، ئىشخانىلاردا مائاش ئالىدىغانلارنىڭ سانىمۇ ئەللىك
مىڭغا يېقىنلاشقانىدى. خەزىنە ئىمارەت بەدۆلەت ۋە بەدۆلەت
سارىيىنىڭ ئەيش - ئىشرەت كەيپ - ساپا غەلۋىسى ئارقىسىدا
قۇرۇقدىلىپ قالدى. بۇ چاغدا، بەدۆلەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقى كۈن-
چىقىش تەرەپلەردە ئۈرۈمچىدىن تاكى ماناس دەرياسىغىچە،
ئۈستۈن تەرەپلەردە مۇز تاغقىچە، تۆۋەنكى تەرەپلەردە قاراڭغۇ
تاغ، لوپ، چەرچەنگىچە، كۈنپېتىش تەرەپلەردە ئالاي، بەدەخشان
ھەتتا تىبەتكىچە سوزۇلغانىدى. نىياز ھېكىمبەگ ئىمادۇر دۆ-
لەتنى مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، ياقۇببەگدىن پەرمان
ئېلىپ، بۇ ھۇدۇت ئىچىدىكى تاغۇ - تاشلار، چۆل - جەزىرە،
يايلاق - قىشلاقلار، جاڭگال - تاشلاق①، ئولجا - خىنىيە،
باغلار - تاغلار، شەھەر ۋە كەنت - قىشلاقلارنى ساتماقچى
بولدى. ئاقسۇغا مۇھەممەت نەزەر قوشبېگى، مىرزا قاسىم
مۇھەتتەر، مىرزا ئابدۇلئەزىز بۇخارى قاتارلىق دىۋانبەگلىرىنى
پەرمان بىلەن ئەۋەتتى. ئۇلارغا ئاقسۇلۇق ئابدۇللا دىۋانبېگىنى
مۇباشىركار② قىلىپ تەيىنلەپ، مانجۇلاردىن قالغان خىنىيە-
لەرنى ئۈلگۈچە سېتىشقا باشلىدى.

بۇرۇنقى چاغلاردا مانجۇخانىدانى بۇ يەتتە شەھەر مۇزاپى-
تىگە ئىگىدارچىلىق قىلغاندا، يۇرت - يۇرتلاردىكى ھاكىمبەگ
ۋە ئىشىكئاغا باشلىق چوڭ - كىچىك بەگ - بىگاتلارنىڭ ھەر

① تاشلاق — ئىگىسىز جايلار.

② مۇباشىركار — باش مەسلىھەتچى.

بىرىگە خاقانلىق ئۈچۈن كۆرسەتكەن ئەجىر - تۆھپىسى ئۈچۈن بېرىلىدىغان مائاش - كۆلىياك① ۋە كۈمۈش ئورنىغا زېمىن ۋە ئادەم تەييارلاپ بەرگەنىدى. چوڭلىرىغا كۆپرەك، كىچىكلىرىگە ئازراق بېرەتتى. مەسىلەن، ئاقسۇغا ھاكىمبەگ بولغان كىشىگە يۈز تۈتۈن، ئىشىكئاغا بولغان كىشىگە ئاتمىش تۈتۈن، مەرتىۋىسى ئۇنىڭدىنمۇ كىچىكلەرگە بولسا تۆت تۈتۈن-دىن ئادەم ۋە شاڭلاپ② زېمىن بەرگەن ھەم ئۇ ئادەملەرنى شۇ بەگ - بىگاتلارنىڭ دېھقانچىلىقىنى قىلسۇن، خىزمىتىنى ئۆتىسۇن دەپ جۈلدۈ - جاساق③ قىلىپ بەرگەنىدى. مانجۇلار يەتتە شەھەر تەۋەسىدىن قوغلانغانغا قەدەر، ھەر قان-داق ئادەم قايسى مەنسەپكە يەتسە، جۈلدۈ - جاساق قىلىپ بېرىلگەن مەزكۇر زېمىننى تېرىپ، ئادەملىرىنى ئىشلىتىپ، خىزمىتىگە سېلىپ كەلگەنىدى. بۇ ئىش كېيىنكى چاغلاردا ئەن-قائىدىگە ئايلىنىپ، بۇ يەرلەردە جارى بولۇپ كەلمەكتە ئىدى. بۇ ئادەملەرنىڭ خوجىلىرى بولغان بەگ - بىگاتلار ئۇلارنى خۇددى سېتىۋالغان مۈلكى ۋە ئالتۇنغا تېگىشكەن قۇللار ياكى ئاتا مىراس قۇللىرىدەك ھېسابلاپ، ئۇلاردىن خالىغىنىچە پۇل-پىچەك، ئوتۇن - سامان، ياغاچ - خەشەك قاتارلىق ھەر خىل ماددىي نەرسىلەرنى ئالاتتى ۋە يەر تېرىتىپ غەللە ھوسۇلى تاپاتتى. بۇنى ئۆزلىرى ئۈچۈن ھالال دەپ ھېسابلاپ، بۇ ئىشقا ئەقىدە قىلىپ كېلىشكەنىدى. بۇ ئادەملەر يۇرت - خالايىققا ئارىلىشالمايتتى ياكى ھەرقانچە پۇل تۆلەشكەن تەقدىردىمۇ، ئەقەللىسى ئون بېشى، مەزىن، جارۇپ قاتارلىق ئەمەللەرنىمۇ ئالالمايتتى. شۇڭا ئۇلار يۇرت ئىچىدە، «تامغىلىق يانچى» دەپ

① كۆلىياك — تەمنات.
② شاڭلاپ — مۆھۈرلەپ.
③ جولدۇ - جاساق قىلىپ — بۇيرۇپ بەرگەن.

ئاتىلاتتى ۋە خارۇ - زار ئىدى. نىياز ھېكىمبەگ بەدۆلەتنىڭ پەرمانى بويىچە، مۇشۇنداق خىنىيە زېمىندىكى يايلاق ۋە قىش-لاقلارنىمۇ شۇ جايدا ئولتۇرۇشلۇق ياكى ئۇنىڭغا يېقىن كەنت - مەھەللىلەردىكى كىشىلەرگە سېتىپ، پۇلىنى خەزىنە ئىمارەتكە ئالدى. مەسىلەن، ئاقسۇ تەۋەسىدىكى ئاقيار، كەلپىندىن تارتىپ تاكى قىرىشتام، ئونباشقىچە بولغان پايانسىز زېمىنلار بەش - لەك — ئەللىك مىڭ تەڭگە پۇلغا سېتىلدى. باي، سايرام قاتارلىق جايلاردىكى خىنىيەلەر بولسا، ئەڭ كەم دېگەندىمۇ تۆت لەك — قىرىق مىڭ تەڭگە پۇلغا سېتىلدى. نىياز ھېكىم-بەگ يۇرت - يۇرتلارغا ئەۋەتكەن ئەركە سوپەت ۋە شۇم تەلەت ۋەھشىي دېۋانبېگى مىرزىلار «پادىشاھلىق زېمىن سېتىلماي قالغانىكەن، بىز تەكشۈرۈشكە كەلدۇق» دەپ تەھقىقلەپ، بانا - سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ، كەمنى تولدۇرىمىز دەپ، نەچچە مىڭ، ھەتتا نەچچە ئون مىڭ تەڭگە پۇلنى خەزىنە ئىمارەتكە ئالاتتى. يەنە «مەزكۇر زېمىنلارنى جانابىي ئالىي بەدۆلەت ئاتالىق غازى سېتىپ پۇلىنى ئالدىم» دەپ خەت - چەك بېرىپ، ئۆزىنىڭ مۆھۈرىنى ۋە ئۆلىمائى - ئەززەملەرنىڭ چوڭ مۆھۈرلىرىنى باستۇرۇپ بېرەتتى. ياقۇببەگنىڭ ئادەملىرى بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، مۆھۈر ھەققىگە دەپ، بىر تەڭگە پۇلغا بىر داچەندىن، يۈز تەڭگىگە يەر - زېمىن ئالغان ئادەمگە تۆت تەڭگىدىن مۆھۈرانە پۇل سېلىق قويۇپ، يەتتە شەھەردىن يەنە نەچچە لەك تەڭگە پۇل يىغىۋالدى.

شۇنداق قىلىپ، ئىمادۇر دۆلەتى نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئىشى پۈتۈن يەتتە شەھەر تەۋەسىدىكى سەھرايىۇ كەنت، يېزا - قىشلاقلارغا ھەر خىل ناملار بىلەن غەللە - خىراج، ئۆشرە - زاكات، زېمىن - تاناپ ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتىپ پۇل يىغىشتىن ئىبارەت بولدى. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئىنسابسىز دېۋانبەگلىرى، مىرزىلىرى ئون مىڭ ياكى يىگىرمە مىڭ تەڭگە

پۇلنى كېچىدە بارسا كۈندۈزگە ئۇلىماي، كۈندۈزى بارسا، كې
چىگە قوندۇرماي، پۇل جايلاشقا پۇرسەت ياكى مۆھلەتمۇ
بەرمەي، ناھايىتى تېز ۋە ئالدىراشلىق بىلەن يىغىۋالاتتى.
ئۇيغۇرلاردا: «ھەر ياغاچنىڭ پانىسى ئۆزىدىن چىقىدۇ»
دېگەن ماقال بار. ھاكىمبەگلەرنىڭ بەش - ئالتە يۈزلەپ، ئاز
دېگەندىمۇ يەتمىش - سەكسەنلەپ جاللات سۈپەت مىرزىلىرى
ۋە زالىم تەبىئەتلىك دىۋانبەگلىرى بار ئىدى. ئۇلار بىرنى
ئون، ئوننى يۈز قىلىپ خەتلەپ، يۇرت ئەھلىنىڭ زىممىسىگە
ئون - يىگىرمە مىڭلاپ تەڭگە پۇلنى ئارتىپ قوياتتى.
بىچارە كىشىلەر تاكى كىگىز - بىسات، قازان - قومۇچلىرىغا
قەدەر سېتىپ پۇل قىلىپ تۆلەپ قۇتۇلمىغۇچە، بۇ غالچىلار
ئۇلارنىڭ ئىشىكىدىن كەتمەيتتى.

يەتتە شەھەردە ئىسلام ئەھكاملىرى جارى بولغاندىن
كېيىن، مانجۇلار زامانىدا بەگ - بەگات بولغان بەزى
نەسەبىي بەگلەر ۋە ئۇلارنىڭ بەگزادىلىرى ئوتۇغات-
لىرىنى، دىڭ قالپاقلىرىنى ساقلاپ، مانجۇلاردىن
ئۈمىد كۈتۈپ كېلىۋاتاتتى. نىياز ھېكىمبەگ بۇلارنىمۇ بەدۆلەت
جانابىي ئالىيلىرىنىڭ نۇرلۇق پاراستى بىلەن تەركە قىلىندى
دەپ، ئۇلارنىڭ مال - مۈلكىنى تارتىۋالدى. ئاقسۇلۇق ئابدۇللا
دىۋانبېگى ئەسلىدە مانجۇلار دەۋرىدە ھاكىمبەگ بولغان كىشى
ئىدى. ئۇ مانجۇلار بەرگەن، كۆز قويۇلغان پۆپۈكلۈك بىر
ئوتۇغات بىلەن بىر دانە جەركىلىك دىڭ قالپاقنى
ساقلاپ كەلگەنىكەن. نىياز ھېكىمبەگ سېزىپ قالغاندىن كې
يىن، ئۇنىڭ ئوتۇغاتىغا ئون مىڭ تەڭگە، دىڭ قالپىقىغا
بەش مىڭ تەڭگە، جەمئىي ئون بەش مىڭ تەڭگە جەرىمانە
قويدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مىراس تەقسىم قىلىش ھەققىنى قو-
شۇپ ھېسابلاپ، تەركە ئالدى. ئۇنىڭ باشقا مال - مۈلكىنىمۇ

مۇشۇنداق باھالاپ، قىرىق تەڭگىدىن بىر تەڭگىنى تەركە ۋە ئەسكەر ھەققى دەپ ھېسابلاپ، ئۇنىڭدىن جەمئىي قىرىق ئالتە مىڭ تەڭگە پۇل تەركە ۋە ئەسكەر ھەققى ئالدى. ئابدۇللا دېۋانبېگى بارلىق مال - مۈلكىنى سېتىپ، ئاران دېگەندە يىگىرمە سەككىز مىڭ تەڭگە پۇل قىلدى. كېمىگە قىزىنى ھېسابلاپ، ئۇنى بەدۆلەتكە تۇتۇپ بېرىپ، بۇ قەرزدىن ئاران دېگەندە قۇتۇلدى. ئۆزى بولسا ئىزا - ئاھانەتكە چىدىيالماي، ئېسىلىپ ئۆلۈۋالدى.

شۇ زامانلاردا بۇ ئىشلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ۋە ئۆزقۇلىقى بىلەن ئاڭلىغان موللا مۇسا سايرامى دېگەن بىر دانا ۋە پازىل كىشى كېيىنكى چاغلاردا بۇ ۋاقىئاتلارغا باھا بېرىپ مۇنداق دېگەنىدى: «بۇ دۇنيا بىر قېرى مومايدۇر. ئەمما ئۇ ئۆزىنى گۈزەل جۇۋاندەك ساھىبجامال كۆرسىتىپ، ھەر كۈنى بىر ئەرنىڭ بويىنىغا قول ئۇزارتىپ، ئۇنى قۇچىقىغا ئالىدۇ. شۇنداقلا بۇ دۇنيا ئۆزىنىڭ سائادەت، سەلتەنەت شادىيانىلىرىنى ھەر زامان باشقا بىر يەردە ئۇرىدۇ، سەلتەنەت خۇتبىسىنى بولسا، ھەر جۇمە كۈنى يەنە بىر ئادەمنىڭ ئىسمى - ناملىرىغا ئوقۇيدۇ. بۇ دەھرى ئالەم ۋە بىۋاپا پەلەك ئۆزىنىڭ بەش كۈنلۈك نەۋۋىتىنى ھەر بىر ئېھتىرام ئىگىسىگە ئەنە شۇنداق كۆرسىتىپ كەلگەن.»

— مەۋلانەم، سىلىدىن بىر ئىشنى سورىسام بولارمۇ؟ — دېدى بىر تالىپ ساۋاق بېرىۋاتقان موللا مۇسا سايرامىدىن:

— قېنى، مەرھەممەت، تارتىنماي سوراۋەر، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ.

— قوي ھەر يىلى پەقەت بىرنى ياكى ئىككىنىلا تۇغىدۇ، ئەمما، نېمە ئۈچۈن پادا - پادا بولۇپ يۈرىدۇ؟ ئىت بولسا

ھەر يىلى يەتتە ـ سەككىزدىن كۈچۈكلەيدۇ. ئەمما نېمە ئۈچۈن ئۇ بىرە ـ بىرە يۈرىدۇ؟

ــ ئىتنىڭ كۈچۈكلىرى ئانىسىنى ئىززەت قىلماي بېسىپ تۇرۇپ ئېمىدۇ. قوينىڭ قوزىسى بولسا، ئانىسىنى ئىززەتلەپ، بېشىنى تۆۋەن قىلىپ، يۈكۈنۈپ تۇرۇپ ئېمىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، قوي پادا ـ پادا يۈرىدۇ، ئىت بولسا بىرە ـ بىرە يۈرىدۇ. خەلق ئانىغا ئوخشايدۇ. ئۇنى خارلىغانلارمۇ ئاخىرىغا بېرىپ ئىتنىڭ كۈنىگە قالىدۇ ــ دەپ جاۋاب بەردى بۇ ئۇستاز.

# ئون بىرىنچى باب

## تابۇشلىق بېگىم

«بىز ئالدىنقىلارغا قانداق باھا
بەرگەن بولساق، كېيىنكىلەرمۇ
بىزگە شۇنداق باھا بېرىشىدۇ.»

— ۋاڭ شىزى①

مىلادى 1876 - يىلى 4 - ئاي.

شەنشى، گەنسۇ ئۆلكىلىرىنىڭ باش ھەربىي ۋالىيسى، خان مۇپەتتىش زوزۇڭتاڭنىڭ قارارگاھى لەنجۇ شەھىرىدىكى جىنتيەنگۇەن قەسرىگە جايلاشقانىدى. بۇ شەھەر ئادەتتە لەنجۇ سىڭ دەپمۇ ئاتىلاتتى. خۇاڭخې دەرياسى شەھەرنى قاپ ئوتتۇرىدىن كېسىپ ئۆتكەنلىكتىن، شەھەرنىڭ كوچىلىرىمۇ دەريا ياقىلاپ ئۇزاققا سوزۇلغانىدى. دەريانىڭ بۇ شەھەرگە كىرىش ئېغىزىدىن چىقىش ئېغىزىغىچە بولغان ئارىلىقى ئون چاقىرىمچە

① ۋاڭ شىزى (307 — 365) — شەرقىي جىن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر خەتتات، ئاقسۆڭەك. ئوڭقول بارگاھ قوشۇنىنىڭ سانغۇنى بولغان.

كبلەتتى. دەرياغا سۇ تولغان چاغلاردا، دۇمباق چيلىپ ئۆتىدىـ
غان ياسىداق كېمىلەر كېچە ـ كۈندۈز ئۈزۈلمەيتتى. شەھەرنىڭ
ئىچى ۋە سىرتىدا جىنتيەنگۇەن، بەييۈنگۇەن قاتارلىق ھەشـ
مەتلىك قەسىر ـ سارايلار، يېشىل كاھىشلىق ئۆي ـ ئىمارەتـ
لەر كۆپ ئىدى. سۇي سۇلالىسى مەزگىلىدىلا لەنجۇ ئايىمىقى
دەپ ئاتىلىدىغان بۇ مەركىزىي ئاۋات شەھەر ئۆزىنىڭ خېشى
كارىدورىنىڭ① ئاغزىغا جايلاشقانلىقتەك ئەپلىك يەر شارائىتى
بىلەن، قەدىمدىن تارتىپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە قۇرۇلغان ھەرـ
قايسى سۇلالىلەرنىڭ غەربىي يۇرتتىكى دۆلەتلەر بىلەن ئالاقىـ
لىشىشىدىكى مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولۇپ كەلمەكتە ئىدى.

بۇ يەردە ۋۇچۇەنسەن، بەيتاسەن، يەنتەن قاتارلىق مەشـ
ھۇر زىيارەتگاھلار بار ئىدى. شەھەر ئىچىدە چوڭ ـ كىچىك
شوپاڭخانىلاردىن ئىككى ـ ئۈچيۈزى بار ئىدى. بۇ يەرگە
كەلگەن كىشى مەيلى ئەڭ چەت، ئەڭ خىلۋەتكە جايلاشقان
كوچىلارغا كىرمىسۇن، ھامان بىر جايدا ئىشىكىگە قىزىل
پانۇس ئېسىلغان شوپاڭخانىنى، چېكىسىگە گۈل قىسقانلارنى،
شوپاڭخانا ئىچىدە ئالدىدىكى شىرەگە بىر تەختە تۇزلانغان
پۇرچاقنى قويۇۋېلىپ، ھاراقنى ئىرناقتەك جاملاردا كىرت ـ
كىرت قىلىپ ئاستا سۇمۇرۇپ ئىچىپ، ئەرخاڭشى② ئاڭلاپ،
پەيزى سۈرۈۋاتقانلارنىڭ لىق ئولتۇرغانلىقىنى كۆرەتتى. ئاخشامـ
لىرى كوچا ـ كويلارنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى شوپاڭخانىلارنىڭ
ئىشىك باشلىرىغا ئېسىلغان پانۇسلار ھەممە تەرەپنى ئاپئاق
يورۇتۇۋەتكەنلىكتىن، يولۇچىلار قولىغا پانۇس ئالمايمۇ يۈرۈۋېـ
رەتتى. خۇاڭخې دەرياسى ئايدىڭدا خىرەلىشىپ كۆرۈنەتتى،

① خېشى كارىدورى ــ تارىخىي ـ جۇغراپىيىۋى يەر نامى. گەنسۇدا، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەربىي قاسنىقىدا بولغانلىقتىن شۇنداق ئاتالغان.

② ئەرخاڭشى ــ گەنسۇ ئەتراپلىرىدا كەڭ تارقالغان بىر خىل يەرلىك چاڭچىلە.

لەرزان ناخشا سادالىرى ياڭراپ تۇرغان كېملەر ئۈزۈلمەي ئۆتۈپ تۇراتتى. بۇ مەنزىرە ۋە سالقىن هاۋا كىشىگە بىر خىل سىرلىق تۇيغۇ بېغىشلايتتى.

تاش ئالمىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تەكشى چېچەكلەپ بولغانلىقىغا قاراپ، چوكانتال مەزگىلىنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى قىياس قىلىش مۇمكىن ئىدى. بۇ يىل نېمىشقىدۇر پەسىل ئۆزگىرىشى تەبىئىي هالدا كېيىن قالدى. كېپىنەكلەر يەنىلا جانسىز ئىدى. دۇنياغا كېلىشتىلا ناهايىتى جانلىق بولغان ھەرىلەر ئۇچۇن بۇ دۇنيا ھەقىقەتەنمۇ شېرىن ئىدى ھەم خۇشاللىق ماكانىدەك بىلىنەتتى. ئاسماندا ئاران ئۇچ - تۆت پارچىلا بۇلۇت ئۈزۈپ يۈرەتتى. تال چىۋىقلار يېڭىدىن تەۋرىنىپ ئەتراپتىكى يېشىللىق بىلەن ئويناشماقتا ئىدى. ئېتىزلاردىكى يېشىللىق ئاستا - ئاستا ۋۇچۇەنسەن، بەيتاسەن تېغىغا كۆچۈپ چىقماقتا ئىدى. چۈنكى ئۇلار يۇمران ھەم ئاجىز بولغاچقا، بىراقلا ئۆرلىسەك چارچاپ كېتىمىز دەپ ئەندىشە قىلىشسا كېرەك. ئېگىزلىگەنسېرى خېشى كاردورنىڭ تۆپىلىكلىرىدە سېرىقلىق يېشىللىققا قارىغاندا كۆپرەك بولۇپ، ئەسىرلەردىن بۇيان يامغۇر سۇلىرى يالاپ كەتكەن يوتىلار ئىرماش - چىرماش كۆرۈنەتتى. تاغ باغرىدىكى دەل - دەرەخلەر يېشىل، ئەمما يۇمران ئىدى. كۆك ئاسمان ئىللىقلىشىپ قالغانىدى، ئۇنداق بولمىغاندا، ياۋا غازلار رەت - رەت تىزىلىپ ناخشا ئېيتىشىپ ئۇچمىغان بولاتتى. تاغدىكى تاشلارنىڭ ئاراشلىرىغا ئۇيىاتچان پىچان گۈللىرى يوشۇرۇنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ يوپۇرماقلىرى تېخى چوڭ ئەمەس ئىدى.

مەلۇمچى: «لوپاشا① نىڭ ئالدىدىن ئەلچى كەلدى» دەپ زوزۇڭتاڭغا مەلۇم قىلدى. تېخى بىرنەچچە كۈنىنىڭ ئالدىدىلا خارجى ئىشلار يامۇلىدىن ئالاقە كەلگەنىدى. بۇ ئالاقىدە، ئەنگلىيە

① لوپاشا — پەدۆلەتنى دېمەكچى.

ئەلچىسى دوگراس. فورسىتىنىڭ 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى تيەنجىندە يېڭى ئارمىيە تەربىيلەش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان لى خۇڭجاڭ بىلەن كۆرۈشكەنلىكى، ئۇنىڭغا مۇسۇلمان قاراقچىلارنىڭ ئاتامانى لوپاشانىڭ يارىشىپ قالساق دېگەن نىيىتىنى يەتكۈزگەنلىكى، لى خۇڭجاڭنىڭ: «لوپاشا بەيئەت قىلىش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، زو زۇڭتاڭنىڭ لەنجۇدىكى قارارگاھىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ بىلەن سۈلھ شەرتلىرى ئۈستىدە سۆزلەشسە بولىدۇ» دېگەنلىكى يېزىلغانىدى. ئەمما، زو زۇڭتاڭ لوپاشانىڭ ئەلچىلىرىنىڭ مۇنداق تېز يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى. شۇڭا، ئۇ ئۆزىنى بۇ مۇسۇلمان قاراقچىلارغا بىر كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن، مەلۇمچىغا: «ئۇلارغا بېرىپ ئېيت. دۆلەت ئىشلىرى بىلەن قولۇم بوش ئەمەس. ئۇلارنى بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن قوبۇل قىلىمەن، ھازىرچە ئۇلارنى خامگۇەنگە① ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇڭلار!» دېدى.

بۇ چاغدا، زو زۇڭتاڭ ئۆزىنىڭ خۇپىيەخانىسىدا روسىيە ئەلچىسى سوسنوۋىسكىي بىلەن قىزغىن سۆزلىشىۋاتاتتى. ئىككى تەرەپنىڭ سۆھبىتى نەتىجىلىك داۋام قىلىنىۋاتقانىدى. تاماق ۋاقتى بولۇپ قالدى. ئۇ رۇسلارغا ھۈنىرىمنى بىر كۆرسىتىپ قوياي دەپ ئويلىدىمۇ - قانداق، ئالاھىدە ئاشخانىغا چۈشۈپ، ئۆزى ئىجاد قىلغان ئىككى خىل قورۇما — «ساقا گۆش» بىلەن «زو زۇڭتاڭ توخۇسى» دېگەن قورۇمىلارنى تەييارلىتىپ چىقتى.

«ساقا گۆش» — كالا گۆشىنى قىزىق مايدا تېز قورۇش ئارقىلىق تەييارلىنىدىغان بىر خىل قورۇما بولۇپ، تەمى ناھايىتى مەززىلىك ئىدى؛ «زو زۇڭتاڭ توخۇسى» — توخۇنىڭ لوق گۆشىدە تەييارلىنىدىغان بىر خىل قورۇما ئىدى. بۇ قورۇمىنى تەييارلاشتا، ئالدى بىلەن توخۇ گۆشىنى ئۇششاق توغرىۋالغاندىن

① خامگۇەن — قونۇل سارىيى.

كېيىن، ئۇنى تۇخۇمنىڭ ئېقى، جاگىيۇ، لەگپۇڭ ئۇنى قاتارلىق-
لار بىلەن تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ ئاندىن يېرىم ئاش پىشمىغىچە
دۇملەپ قوياتتى. ئۇ پىشقۇچە، يەنە كۆك مۇچ ۋە قىزىل مۇچ-
تىن ئۈچ - تۆت تال تەييارلىناتتى، ئۇلارنى يېرىپ ئىچىدىكى
ئۇرۇقلىرىنى تازىلىۋەتكەندىن كېيىن، مايدا تاكى سارغايغىچە
قورۇيتتى، ئاندىن قاچىغا ئۇسسۇۋالاتتى، ئۇنىڭغا يەنە قورۇق
زەنجىۋىل، سامساق، جاگىيۇ، شېكەر، ئاچچىقسۇ، سېرىق ھاراق،
لەگپۇڭ ئۇنى قاتارلىقلارنى قوشۇپ تەكشى ئارىلاشتۇراتتى. توخۇ
گۆشى دۇملىنىپ بولغاندا، ئۇنىمۇ مايدا تاكى سارغايغىچە
قورۇيتتى، ئاندىن ئۈستىگە ھېلىقى خۇرۇچنى تۆكۈپ ئارىلاشتۇ-
راتتى، ئاندىن ئۇنى تەخسىگە ئالسا بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن
ئاچچىق چۈچۈك ۋە تەملىك بولغان «زو زۇڭتاڭ توخۇسى» تەي-
يار بولاتتى. بۇ ئىككى خىل قورۇما ئادەتتە زو زۇڭتاڭنىڭ
ئۆزىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك مېھمانلىرىنى كۈتۈۋالغاندا تەييارلىتى-
دىغان ئەتىۋارلىق غىزالىرى ئىدى.

زو زۇڭتاڭ ھەقىقەتەنمۇ خۇشال ئىدى.

ئۇ نېمىشقا خۇشال بولمىسۇن؟ ھۇزۇرى مۇبارەكتىكى
ساراي كېڭىشىدە، ئۇ لى خۇڭجاڭ باشلىق بىر توپ رەقىبلىرىنى
يېڭىپ، «خان مۇپەتتىش» لىك تاجىغا ئېرىشتى. ئۇنىڭدەك
خان مۇپەتتىشتىن پۈتۈن مەملىكەتتە يەنە قانچىسى بار؟ خان
ئالىيلىرى ئۇنىڭ قولىغا مىسران قىلىچنى تۇتقۇزدى. ئەمدى
ئۇنىڭ رەقىبلىرى «ھۆرت - پۆرت» دەپ باقسۇنچۇ — قېنى؟

ئەمما، غەربكە ئەسكەر چىقىرىش ئۇنداق ئاسان ئىش
ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭغا ھەددى - ھېسابسىز خىراجەت كېتەتتى.
كېرەكلىك راسخوتنى بولسا، شاھسانىيە سىشىتەيخۇ «باغۇ

ئېرەم» نى ياسىتىشقا تەشلىنىپ بولدى①. ئوردا ئۇنىڭغا بېرىشكە ۋەدە قىلغان راسخوتنىن ھازىرغىچە تېخى بىر يارماقمۇ بەرگىنى يوق. ئۇ ئۆزىنىڭ ۋەكىللىنى شاڭخەيگە چەت ئەل بانكىلىرىدىن يۇقىرى ئۆسۈم بىلەن پۇل قەرز ئېلىشقا ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ئۇ ياقتىن تېخىچە ئېنىق بىر ئۇچۇر بولمايۋاتاتتى. ئاشلىقچۇ؟ گەنسۇ، شەنشى ئۆلكىلىرىدە ئۇدا بىرنەچچە يىل قۇرغاقچىلىق يۈز بېرىپ، ئاشلىق كانى دەپ ئاتىلىدىغان سەككىز يۈز چاقىرىملىق چىڭچۇەن ۋادىسىدا زىرائەتلەر قۇرۇپ كېتىپ ھوسۇل بەرمىگەنىدى. لەنجۇ سىڭدا نەدە ئۇنچىۋالا ئاشلىق بولسۇن؟

ئۇ مۇشۇلارنى ئويلاپ، بېشىنىڭ ئىچىمۇ - تېشىمۇ قېتىپ، نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالغانىدى. بۇ چاغدا، روسىيە ئەلچىسى سوسنوۋسكىي كېلىپ قالدى. ئۇ روسىيە تەۋەسىدىكى سەننۇر② ئەتراپلىرىدا بۇغداينىڭ كۆپ چىقىدىغانلىقىنى، ئەگەر ئىككى تەرەپ ئاشلىقنىڭ باھاسىدا كېلىشەلىسىلا، روسىيە تەرەپ بۇ قېتىمقى ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىگە ھاجەتلىك بولغان ئون مىليون جىڭ ئاشلىقنى ئۇدۇل گۇچۇڭغا يەتكۈزۈپ بېرىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

— ئەلچى جانابلىرى، روسىيە تەرەپ گۇچۇڭغا يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ئاشلىقنىڭ ھەر يۈز جىڭى ئۈچۈن قانچىلىك ھەق ئېلىشنى خالايدىكىن؟ — دەپ سورىدى زوزوڭتاڭ چوكىسى بىلەن بىر پارچە لوق گۆشنى قىسىپ ئۇنىڭ قاچىسىغا سېلىپ تۇرۇپ.

① بۇ يەردە يىخېيۈەن باغچىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ باغچە مىلادى 1860 - يىلى ئەنگلىيە - فرانسىيە بىرلەشمە ئارمىيىسى بېيجىڭغا بېسىپ كىرىپ يۈەنمىڭيۈەن باغچىسىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ كۆيدۈرۈۋەتكەندىن كېيىن ياسىلىشقا باشلىغان. بولۇپمۇ، شاھسانىيە سىشتەيخۇ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، باغچىنى ياساشنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈرگەن. پۈتۈن دېڭىز ئارمىيىسىگە ئاجرىتىلغان راسخوتنىڭ ھەممىسى مۇشۇ باغچىنىڭ قۇرۇلۇشىغا سەرپ قىلىنىپ تۈگۈتۈۋېتىلگەن.

② سەننۇر — ھازىرقى زەيسان كۆلى.

— ھەر يۈزجىڭ ئاشلىقنىڭ باھاسى توشۇش ھەققىنى قوش-
قاندا جەمئىي يەتتە سەر بەش مىسقال كۈمۈش بولسا قانداق
بولار؟— دېدى سوسنوۋسكىي،— ئەمما، بىز تەرەپنىڭ بىر
قوشۇمچە شەرتىمىز بار. ئەگەر جانابلىرى ماقۇل كۆرسە!
دەپ باقايمۇ؟

— مەرھەمەت!

— روسىيە سودىگەرلىرىنىڭ غەربىي شىمالغا كېلىپ سودا
قىلىشىغا، يەنى ئۇلارنىڭ جەنۇبنىڭ چايلىرىنى جىيايۈگۈەن ئار-
قىلىق روسىيىگە توشۇپ سېتىشىغا رۇخسەت قىلىنىشى كېرەك.

...............

زو زۇڭتاڭ روسىيە ئەلچىسىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ تولىمۇ
مەمنۇن بولدى. چۈنكى، ئۇنىڭ خۇنەندىكى چاي زاۋۇتلىرىدا
ئىشلىنىۋاتقان چايلىرى بازار تاپالماي تاي - تايلاپ بېسىلىپ
قېلىۋاتاتتى. بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن كۈنىگە مىڭ سەر
كۈمۈش زىيان بولۇۋاتىدۇ، دېگەن گەپ ئىدى. زىيان كىم
ئۈچۈن ئاچچىق ئەمەس؟ «ئۇنىڭ ئۈستىگە،— دەپ ئويلىدى
ئۇ،— بۇ نەپ بېرىدىغان ئوقەت ئىكەن، شىئەندىن قومۇلغا
توشۇلىدىغان ئاشلىقنىڭ ھەر يۈز جىڭى ئون بىر سەر كۈمۈشكە
توختايدۇ. تېخى بۇ ئاشلىقنى ئۇزۇندىن ئۇزاق ئادەمسىز
چۆل - جەزىرىلەردىن ساق - سالامەت ئۆتكۈزۈپ كېتىشنىڭ
ئۆزى بىر گەپ، خېيىم - خەتىرىمۇ زور. رۇسلارنىڭ بۇ يەرگە
كېلىپ سودا قىلىشىغا كەلسەك...»

— بولىدۇ. پۈتۈشتۇق ئەمىسە!— دەپ مەمنۇنلۇق بىلەن جاۋاب
بەردى ئۇ،— ئەمما، چاينى خۇنەندىن باشقا جايدىن سېتىۋالماي-
سىلەر. بۇ بىر؛ ئىككىنچىدىن، ئاشلىقنى مورى ئارقىلىق گۇچۇڭ

دېگەن يەرگە يەتكۈزۈپ بېرىسىلەر!...

«ئۆردەكنىڭ گۆشىنى يېسەڭ، غازنىڭ پېيىدا بول» دېگەن بىر ماقال بار. بۇ يەردە روسىيە ئەلچىسى بىلەن زو زۇڭتاڭنىڭ ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئۆز كۆڭلىگە پۈككەنلىرىنى مۇشۇ ماقالىدىن باشقا سۆز بىلەن سۈرەتلەپ بەرگىلى بولمايتتى.

سوسنوۋسكىي زو زۇڭتاڭنىڭ قارارگاھى — جىنتيەنگۈەن قەسرىدىن چىققاندىن كېيىن، دەرھال چار پادىشاھ ئالېكساندىر II گە يوللايدىغان دوكلاتىنى تەييارلاشقا تۇتۇندى.

«كۆپ يىللاردىن بۇيان،— دەپ يازدى ئۇ بۇ دوكلاتتا،— بېيجىڭدا ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەت مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىدى. ۋەزىيەتنى ئىگىلەپ تۇرغاندىلا، ئالاقىدار ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى مانجۇ ئىمپېراتۇرلۇقىنى ئۆز زىممىسىگە ئالىدىغان قىلغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، سۆھبەتنى سانت - پېتىربۇرگتا ئەمەس، بېيجىڭدىمۇ ئەمەس، بەلكى مۇشۇ جايدا ① ئېلىپ بېرىش لازىم. پايدىنى بىرياقتىن بېرىش، بىرياقتىن ئېلىش لازىم. نىھايەت، خىلى قوراللانغان، ئىنتىزاملىق، جەڭ قىلىشقا ماھىر، ئەمما ئۇزۇق - تۈلۈكى ئۈكسۈپ قالغانلىقتىن جەڭ قىلالمايدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالغان قوشۇن بىزنىڭ تەمىنلىشىمىزگە تايانغان ئىكەن، ئۇ ھالدا، شۇنىڭغا دىققەت قىلىشىمىز كېرەككى — بىز ئۇلارغا بىزگىمۇ پۇرسەت بەرگىن، يەنى يول قوي ۋە كېلىشىم ھاسىل قىلىشقا ماقۇل بول، شۇنىڭدا ساڭا ئاشلىق بېرىلىدۇ. ماقۇل بولمىساڭ، ساڭا ئاشلىق تۈگۈل كېپەكمۇ بېرىلمەيدۇ. بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان بارلىق ئاقىۋەتكە ئۆزۈڭ جاۋابكار بولىسەن! دېيىشىمىز كېرەك. بۇ ئارقىلىق زو زۇڭتاڭ ۋە ئۇنىڭ قوشۇنىنى بىزنىڭ تەييارلىقىمىز تەرەپكە جەلپ قىلىشىمىز لازىم...

... بۇ قېتىم، سۆھبەت تولىمۇ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلدى.

① لەنجۇنى دېمەكچى.

كۆزلەنگەن مەقسەت ئەمەلگە ئاشتى. ئۇنىڭ ① شەرقىي تۈركىستانغا ئەسكەر چىقىرىشتىكى مۇددىئاسى — ھەممىدىن ئاۋۋال قەشقەرىيىنى ياقۇببەگنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىش ئىكەن — بۇ ئىش ئايدىڭ بولدى، ھازىرچە، ئىلىغا ئەسكەر تارتىپ بارىدىغان نىيىتى يوق ئىكەن...»

5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، يەنى بەدۆلەتنىڭ ئەلچىلىرى لەنجۇ سىڭغا كېلىپ ساقمۇ ساق بىر ئايدىن كېيىن، زو زۇڭتاڭ ئۆزىنىڭ ۋەكىلى ئارقىلىق ئۇلارنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

قوبۇل مۇراسىمى جىنتيەنگۇەن قەسىرىنىڭ ئىچىدىكى داتاڭنىڭ سەيناسىدا ئۆتكۈزۈلدى.

بەدۆلەتنىڭ ئەلچىلىرى توققۇز تۇياق يۈلتۈز ئارغىمىقىنى كۈمۈش ئېغىزدۇرۇقىدىن تۇتۇپ، داتاڭنىڭ سەيناسىغا يېتىلەپ كىردى. ئارغىماقلارنىڭ ئېگەر - جابدۇقلىرى ئالاھىدە زىننەتلەنگەنىدى. بۇنىڭ ئىچىدە بىر ئارغىماق بۆلەكچىلا كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئېگىرىنىڭ ئۆمۈلدۈرۈكىنىڭ يۈزى ھەر خىل ئالتۇن نەقىشلەر ۋە ئورنىتىلغان لەئىل - ياقۇت كۆزلەر بىلەن كۆرۈنمەي قالغانىدى. ئاتنىڭ ئىشمەك - توقۇملىرى زەر - تاۋاردىن تاشلىنىپ، چۆرىسىگە ئۇقا تۇتۇلغانىدى. ئۇلاڭ باغلىرى قىزىل تاسمىدىن قىلىنغان بولۇپ، چۇچىلىرى ئىككى تەرەپتىن يەرگە ساڭگىلاپ تۇراتتى. بۇ ئارغىماق زو زۇڭتاڭغا بەدۆلەتتىن قىلىنغان ئالاھىدە سوۋغا ئىدى. قالغان ئاتلارنىڭ ئۈستىگىمۇ قىممەت باھالىق زىلچا - گىلەملەردىن يوپۇق ئارتىلغانىدى.

ئاتلارنىڭ كەينىدىن توققۇز ھارۋا تىزىلىپ ماڭدى. بۇ ھارۋىلارغىمۇ توققۇزدىن توققۇز ھەر خىل ئۆي جاھازلىرى،

① زو زۇڭتاڭنى دېمەكچى.

زەرتاۋار بىلەن قاپلانغان تۇلكە، سۇلەيسۇن، بۇلغۇن تېرىلىرىدىن تىكىلگەن قىممەت باھا جۇۋىلار بېسىلغان ئىدى. ئەڭ ئاخىرىدا، بەدۆلەت زو زۇڭتاڭغا ئاتاپ لوندوندىن ئەكەلتۈرگەن ئالتۇن ساپلىق سامازورت تاپانچىدىن بىرى، كۈمۈش دەستىلىك كەشمىر قىلىچىدىن بىرى، كۈمۈش پەتنۇس، جام قاتارلىق ئېسىل سوۋغىلار كەلتۈرۈلدى . يەنە بىر پەتنۇستا بولسا، بەدۆلەتنىڭ ئامراق خوتۇنى تەتەي ئاغىچا نامىدىن زوزۇڭتاڭنىڭ ئامراق قىزى شياۋفاڭ خانقىزغا ئاتاپ ئەۋەتىلگەن، ئاياللار ئىشلىتىدىغان قىممەت باھالىق جاۋاھىرلار، تۈرلۈك يىپەك باش كىيىملەر، قاشتېشى، زۇمرەت بىلەيزۈكلەر، قىممەت باھا تاشلاردىن كۆز قويۇلغان ئالتۇن سىرغا، ئالتۇن ئۈزۈك ۋە ئالتۇن ھالقىلار كەلتۈرۈلدى.

داتاڭنىڭ سۇپىسىدىكى يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا كېرىلىپ ئولتۇرغان زو زۇڭتاڭ قىلچىمۇ سىر بەرمەستىن، ئالدىدىن ئۆتتۈۋاتقان مال - مۈلۈكلەرنى نەزەرىگە ئىلمىغان تەرزدە، ئۇلارغا سالقىن نەزەرى بىلەن قاراپ ئولتۇراتتى. بىر ئازدىن كېيىن، سەينانىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان شىرەلەرنىڭ ئۈستىگە قويۇلۇۋاتقان بۇيۇملار تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتتى. پەقەت بىر - بىرىدىن شوخ، چېچەن، چىرايلىق قارا شەھەر ئاتلىرى ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىنگەندىلا، ئۇنىڭ قاپىقى ئاندىن ئېچىلدى. ھەر بىر ئاتنى ئىككىدىن ئاتچى كۈمۈش زەنجىرى بىلەن كۈمۈش ئېغىزدۇرۇقىدىن تۇتۇپ يېتىلەپ كېلىۋاتاتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئېگىز، ساغرىسى كەڭ، پۇتلىرى ئىنچىكە، يايلىلىرى تەكشى قىرقىلغان. قۇيرۇقلىرى تارالغان، قومۇشقۇلاق نەسىللىك ئارغىماقلار ئىدى. ئۇلار بىر جايدا تىنچ تۇرماي ئويناقشىپ تۇراتتى. ئاسمانغا ھەر چاپچىغاندا، ئېغىزدۇرۇقىدىن تۇتۇپ تۇرغان ئىككى ئاتچى ئاتنىڭ بېشى بىلەن تەڭ يۇقىرىغا كۆتۈرۈلەتتى.

زو زۇڭتاڭنىڭ كۆزى يىراقتىنلا تۆت پۇتى تىزىغىچە ئاق

تۇكلەر بىلەن قاپلانغان قارا ئارغىماققا تىكىلدى. بۇ ئات ئەتراپىغا قاراپ ــ قاراپ قويىۋاتتى. يېنىغا ئادەم كەلسە، كۆزىنىڭ قىرى بىلەن قاراپ، كەينىگە شوخشۇپ، كۆككە قاڭقىش ئۈچۈن تەمشىلەتتى. بۇ ئاتنى زو زۇڭتاڭ ئۆزىگە قالدۇرۇپ، قالغان ئاتلارنى ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن سەركەردىلىرىگە بۆلۈپ بېرىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى...

سوۋغا تەقدىم قىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ بەش كۈندىن كېيىن، زو زۇڭتاڭ ئۆزىنىڭ قارارگاھىدا بەدۆلەتنىڭ ئەلچىلىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى، ئەلچىلەر يېتىپ كەلگىچە، ئۇنىڭ ئاساسلىق ھەربىي ــ مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى داتاڭغا جەم بولۇشقانىدى.

داتاڭنىڭ تۆردىكى شىرەنىڭ كەينىگە قويۇلغان يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا زو زۇڭتاڭ سۇرلۇك قىياپەتتە ئولتۇرغانىدى. ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى بىر قاتار قويۇلغان يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقلاردا ھەربىي ــ مەمۇرىي ئەمەلدارلار ئولتۇراتتى؛ سول تەرەپكە بەدۆلەتنىڭ ئەلچىلىرىنىڭ ئولتۇرۇشى ئۈچۈن قاتار ئورۇندۇقلار قويۇلغانىدى.

زو زۇڭتاڭنىڭ كەينىدە ئۇنىڭ مەلۇمچىسى① تابۇشنىڭ بېگىم ئۆرە تۇرغانىدى. تابۇشنىڭ بېگىمنىڭ ئەسلى ئىسمى تاجىبەگ بولۇپ، ئۇ قۇمۇل ۋاڭى ــ بېشىر ۋاڭنىڭ تەيجىلىرىدىن بىرى بولغان باقىي بەگنىڭ چوڭ ئوغلى ئىدى.

1866 يىلى يازدا، قۇمۇل دىيارىدا خې لاۋۇ تۇڭگانىي، سۈپۈرگە بەگ، يۈسۈپ پاكارلارنىڭ باشلامچىلىقىدا مانجۇ ئىستىبداتىغا قارشى قوزغىلاڭ پارتلىدى. بېشىر ۋاڭ مانجۇ چېرىكلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن بۇ قوزغىلاڭنى رەھىمسىزلەرچە باستۇرۇپ، قۇمۇلدىكى ھېيتگاھ مېچىتىگە كىرىۋالغان مىڭدەك ئۇلۇغ ــ ئۇششاق تۇڭگانىيلارنى قىرىپ تاشلىدى. بۇ

① مەلۇمچى ــ تىلماچ، تەرجىمان.

چاغدا، ئۈرۈمچىدە مانجۇلارنى تارمار قىلغان داۋۇت خەلپە قومۇلدىكى بۇ ۋەھشىيانە قەتلىئامدىن خەۋەر تېپىپ، دەرھال ئۈچ مىڭدەك قوزغىلاڭچىنى باشلاپ، ھېلىقى سوپۇرگە بەگ، يۈسۈپ پاكارلار بىلەن بىللە، مانجۇلار ۋە بېشىرۋاڭدىن بىگۇناھلارنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن قومۇلغا يۈرۈش قىلدى. قوزغىلاڭچىلار تۇغىچىدىن قومۇل شەھىرىگىچە بولغان بىر يۈز ئەللىك چاقىرىم ئارىلىقتىكى ھەرقايسى ئۆتەڭ، قورۇللاردىكى مانجۇ چېرىكلىرىنىڭ ھەممىسىنى قىرىپ تاشلاپ، بېشىر ۋاڭنى تىرىك تۇتۇۋالدى. ئۇنىڭ بېشىغا ئىنسان بېشىغا كەلمىگەن ئازابلارنى سېلىپ، قىرىق كۈن قىيناپ ئۆلتۈردى. بېشىر ۋاڭ كۈپىنىڭ ئىچىدە پوق - سۈيدۈككە مىلىنىپ، قۇرۇتقا يەم بولۇپ، سېسىپ ئۆلدى. ئىككىنچى يىلى، داۋۇت خەلپە بېشىر ۋاڭنىڭ تەيجىلىرىدىن ئابدۇللا بەگ، باقى بەگ، سېلىم بەگ دېگەنلەرنى دارغا ئاسقۇزدى.

كېيىن، مانجۇ ئوردىسىدىن: «بېشىر ۋاڭ سەلتەنىتىمىزگە سادىق بولۇپ خىزمەت كۆرسەتتى. ئۇل زاتقا شاھزادىلىك ئۇنۋانى بېرىلسۇن، ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە قەتل قىلىنغان بەگلەرگە ئابىدە تىكلىنىپ، ئۇلارنىڭ ناملىرى يىلدا بىر قېتىم خاتىرىلەنسۇن. قومۇل ۋاڭلىقى بېشىر ۋاڭنىڭ ۋارىسى غۇلام مۇھەممەتكە بېرىلسۇن!» دەپ يارلىق چۈشتى. بىراق، مەزكۇر غۇلام مۇھەممەت تۇغما پالەچ بولغانلىقتىن، ۋاڭلىق ھوقۇقىنى مېھرىبانۇ ۋەكالىتەن يۈرگۈزدى.

1869 - يىلى، غۇلام مۇھەممەت ساقىيالماي ئۆلۈپ كەتتى. ئوردىنىڭ يارلىقى بىلەن مېھرىبانۇ ۋاڭلىق ئورنىغا رەسمىي ئولتۇردى.

بۇ چاغلار، زو زۇڭتاڭ شەنشى، گەنسۇلاردىكى تۇڭگان يېغىلىقىنى باستۇرۇۋاتقان مەزگىل ئىدى. تۇڭگانىيلارنىڭ ئاتاما-

لىرىدىن داخـىۇ (بەي يەنخۇ)، شياۋخـىۇ (يۇشياۋخۇ) لار ئۇرۇشتا
يېڭىلىپ قېلىپ، 1874 - يىلى 8 - ئايدا قۇمۇلغا قېچىپ چىقتى ۋە
شەھەرنى قورشىۋالدى. مېھرىبانۇ كونىشەھەرگە بېكىـنىۋېـلىـپ
قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەمما، داخۇ، شياۋخۇ-
لارغا تەڭ كېلەلمىدى. شەھەر قولدىن كەتتى. داخۇ، شياۋخۇلار
شەھەرنى كۆيدۈرۈپ تاشلاپ، مېھرىبانۇ باشلىق بىرنەچچە مىڭ
ئادەمنى ئالتە شەھەر تەرەپكە سۈرگۈن قىلـدى. تاجىبـەگ شـۇ
قېتىمقى يېغىدا ئامان قېلىپ، ئىچكىرىسىگە قېچىـپ كېلىۋالغا-
نىدى. كېيىن قۇمۇل ۋاڭـنىڭ ئادەملىرى بۇ ئىشنى خانغا مەلۇم
قىلىش ئۈچۈن لەنجۇغا كەلگەنـدە، ئۇ ئۇلارغـا قوشۇلـۇپ بېيـ
جىڭگە كەلدى. مانجۇ خان جەمەتىنىڭ قۇمۇل ۋاڭلىرى بىلەن
بولغان مۇناسىۋىتى ئەزەلدىن قويۇق ئىدى. تۇڭجى خـان ئەرز
قىلغىلى كەلگەن قۇمۇللۇقلارنى قوبۇل قىلغاندا، كەلگەنلەرنىڭ
ئىچىدىكى قاقباشراقلىرى تىل ياغلىمىچىلىـق قىـلىپ يـۈرۈپ،
خاننىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىپ، مەنسەپ - مەرتىۋىلەرگە ئىگە بول-
دى. تاجىبـەگ ياش، گالۋاڭراق بولغاچقا، گېپىنى ئوڭشاپ قىـ
لالماي، خاننىڭ كەيپىنى ئۇچۇرۇپ قويغاچقا، تۇڭجى خان «تا-
بۇشىڭ»①دېگىنىچە، پېشىنى قېقىپ،خابگاھىغا كىرىپ كەتتى. ئۇلار
قۇمۇلغا قايتقاندا، شىڭشىڭشياغا ئۇلارنىڭ ئالدىغـا چاچـاڭ قىـ
لىپ چىـقـقـانـلار ئۇلاردىـن خـاننىڭ نېمە ئەمـەل بـەرگەنـ
لىكىنى سورىدى. باشقىلار ئۆزلىرى ئېرىشكەن مەنسەپ - مەرتىۋىـ
لەرنى بايان قىلدى، تاجىبەگ بولسا: «خان ھەزرەتلـىرى ماڭا
‹تابۇشىڭ›دېگەن مەنسەپنى بەردى» دەپ جاۋاب بەردى. باشقىـ
لار «‹تابۇشىڭ› دېگەن قانداق ئەمەل ئىكەن؟» دەپ سورىغاندا،
ئۇ: «يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان ئەمەل نامى ئىكەن» دېگەنىدى.
شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئۇنى «تاجىبـەگ» دەپ ئاتـىماسـتىـن،

① تابۇشىڭ — 他不行، ئۇ بولمايدۇ، يارىمايدۇ، دېگەن مەنىسى
بىلدۈرىدۇ.

«تابۇشنىڭ بېگىم» دەپ ئاتايدىغان بولغانىدى. ئاجىبەگ ئۆزاق ئۆتمەي لەنجۇغا قايتىپ كېلىۋالدى ۋە زو زۇڭتاڭنىڭ ئالدىدا مەلۇمچىلىققا تەيىنلەندى.

بەدۆلەتنىڭ ئەلچىلىرى زو زۇڭتاڭنىڭ خادىمىنىڭ يول باشلىشى بىلەن داتاڭغا كىرىپ كەلدى ئۇلار جەمئىي بەش كىشى بولۇپ، ئۇلارغا شايارلىق مۇغەننى ئەخمەت ئاخۇن بىننى موللا رۇستەم دېگەن ئادەم باش ئىدى. بۇ كىشى بەدۆلەتكە يەتتە يىل يىگىت بولغان، تارپان، ئۈرۈمچى ئۇرۇشلىرىدا بەدۆلەتنىڭ يېنىدا بىللە بولغانىدى. ئۇ سۆزمەن، بىلىدىغانلىرى كۆپ، قىزىقچى بىر ئادەم ئىدى.

ئۇلار داتاڭغا كىرىپ تۆردە ئولتۇرغان سۇرلۇك قىياپەتتىكى زو زۇڭتاڭغا قولىنى مەيدىسىگە قويۇپ، سەل - پەل ئېگىلىپ ھۆرمەت بىلدۈردى. زو زۇڭتاڭ ئۇلارغا بىر - بىرلەپ ئىنچىكىلەپ قاراپ چىققاندىن كېيىن، سول تەرەپنى كۆرسىتىپ، ئولتۇرۇڭلار، دەپ ئىشارەت قىلدى.

ئەلچىلەرنىڭ ئىچىدىكى سەللىلىك بىر مويسىپىت كىشى قىرائەت ئاھاڭىدا سوزۇپ ئالدىرىماي پاتىھە ئوقۇشقا باشلىدى:

— بىسمىللاھىررەھمانىر رەھىم! ئەڭ ئالىي ھەقىقەتنى قوغدىغۇچى، بارلىق ياخشىلىق ئىزدىگۈچىلەرنى تۈزەتكۈچى، ئېتىقادچىلارنىڭ دانا داھىيسى، تەقۋادارلارنىڭ تەقۋادارى، لەنجۇ سىڭنىڭ دانا زۇڭدۇسى① — لوشەي دارىن زو زۇڭتاڭ جانابلىرى! يەتتە شەھەرنىڭ سەلتەنەتلىك ئەمىرى ئاتالىق غازى، ئەمىر ئىسلام، بەدۆلەت — مۇھەممەت ياقۇپبەگ جانابىي ئالىيلىرى ساڭا ئەڭ قىزغىن، ئەڭ سەمىمىي سالام يوللايدۇ!

زو زۇڭتاڭ تاتىرىپ، خېلى ئۇزۇنغىچە زۇۋان سۈرمەي

① زۇڭدۇ — باش ھەربىي ۋالىي.

ئۆلتۈردى. بىر هازادىن كېيىن، كۆزىنى ئالايتىپ بىر قارىدى-
دە، كەينىدىكى مەلۇمچى تابۇشلۇق بىگىمگە بۇرۇلۇپ:
— ماۋۇ ئۇزۇن ساقىلى بار چەنتۇ نېمانداق ئۇزۇن پاراڭ
قىلىپ كەتتى؟ سىلەر چەنتۇلار تازا ئەن - قائىدە بىلمەيدىغان
كىشىلەركەنسىلەر. بۇ يەردە ئۇ ئەمەس، مەن پاراڭ سېلىشىم
كېرەكلىكىنى ئۇلارغا ئۇقتۇرۇپ قويى!— دېدى زەردە بىلەن.
تابۇشلۇق بېگىم زوزۇڭتاڭنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن،
دەرهال ئەلچىلەرگە تەرىنى تۇرۇپ، دوق قىلغان تەلەپپۇزدا
سۆزلەشكە باشلىدى:
— هەي، نەپرەتلىك جۇلدۇر كېپەنلەر! كىمنىڭ ئالدىدا
تۇرۇۋاتقانلىقىڭنى ئۇنتۇپ قېلىشتىڭمۇ؟ خان مۇپەتتىش، لەنجۇ
سىڭىنىڭ باش زۇڭدۇ سى زو دارىنىنىڭ ئالدىدا تىز پۈكۈپ، يەر
ئۆپمەيدىغانغا نېمە هەددىڭلار بار؟ زو زۇڭتاڭ جانابلىرىنىڭ
تەپپەنەمنىڭ ① ئىسيانچى چاڭموزىلىرىنى، پاراكەندە تۇڭگانىيلارنى
تىنچىتقانلىقىنى بىلىشمەمسەن؟ تولا گەردەنكەشلىك قىلىشماي،
دەرهال خان مۇپەتتىش جانابلىرىنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ،
ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىشقانلىقىڭنى بىلدۈرۈش!
باش ئەلچى موللا رۇستەم قىلچە تەمتىرىمىدى. ئۇ:
— شالىڭنى چاچرىتىپ، سېغىزخاندەك شاراقلاپلا كەت-
تىڭغۇ؟ كىم سەن ئۆزۈڭ! هەرقانچە يوغىناپ كەتكەن بولساڭمۇ،
سەن يەنىلا ئاشۇ «تابۇشلۇق» غۇ! بىز تېخى سېنى ئۇنتۇپ
قالمىدۇق. سېنىڭ بۇ يەرگە مەهرۇم بولغان ئىمتىيازىڭنى تى-
لەپ، يۇندا يالىغىلى كەلگەنلىكىڭنى كىم بىلمەيدۇ؟ — دېدى.
تابۇشلۇق بېگىم باش ئەلچىنىڭ سۆزلىرىنى بىرىنى قال-
دۇرماي زو زۇڭتاڭغا ئۆرۈپ بەردى.
زو زۇڭتاڭ خۇددى خوخىغا ئولتۇرۇۋالغاندەك بىر ئەندىك-
تى - دە، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى:

① تەپپەنەم — تەپپەك تيەنگونى كۆرسىتىدۇ.

— مانجۇ سەلتەنەتىگە پۈتۈن ئىقلىم باش قويغان،
ئۇنىڭ قىلىچىنىڭ تىغىدىن قورقۇپ، يەر يۈزى تىترى-
گەن. ھەي نادان چەنتۇلار! سىلەرگە مەندەك سەلتەنەت تۇرۇ-
كى بولغان ئادەم بىلەن ئۈزەڭگە سوقۇشتۇرىدىغان مۇنداق
كۈچ نەدىن كەلدى؟ تارىختىن بۇيان، بىزگە قول كۆتۈرۈپ،
مۇشت تەڭلىگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئاخىرىدا تېزەك چىشلىمىدىمۇ؟
سەن خەق نېمەڭگە ئىشىنىسەن؟ ئۆزلىرىڭنى نېمە
چاغلىشىسەن؟

باش ئەلچى ھېيىقماستىنلا تىلىنى قويۇپ بەردى:

— سىلەر بىزگە خالىغانچە زۇلۇم سالساڭلار،
بۇلاپ - تالساڭلار بولىدىكەنۇ، بىز ئىسيان كۆتۈر-
سەك بولمامدىكەن؟ بىز خاتا قىلىپتىمىزمۇ؟ بىز بىر - بىرى-
مىزنى قىرىپ، قان تۆكۈشكەننىڭ ئورنىغا، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلى-
شىپ ئادەمدەك ياشىساق، ئىناق قوشنا بولۇپ ئۆتۈشسەكمۇ بولاتتىغۇ!

— ھوي سولتەك! ئىش كۆرمىگەن نادان! خان مۇپەت-
تىشكە شۇنداق سوئال - سوراق قويۇشقا قانداق پېتىندىڭ؟—
دەپ ۋارقىرىدى تابۇشنىڭ بېگىم مۇللا رۇستەمنىڭ سۆزىنى
ئۈزۈپ تاشلاش ئۈچۈن.

— كۆك ئاسماندا بىرلا قۇياش بار. شۇڭلاشقا بىزدىمۇ
بىرلا خاقان بولىدۇ!— دېدى زو زۇڭتاڭ ئۆزىنى زورىغا بېسى-
ۋېلىپ تۇرۇپ،— بىزنىڭ قەدىمىي يەتتە ئىلا جايدىكى خەلق
سەلتەنىتىمىز ئالدىدا تىزلىنىپ، يەر ئۆپۈشى كېرەك: ھەربىي
ئۈستۈنلۈك كىمدە بولسا، ھاكىمىيەتمۇ شۇنىڭ قولىدا بولىدۇ.
ھاكىمىيەت كىمنىڭ قولىدا بولسا، دۇنيانى شۇ سورايدۇ.
دۇنيانىڭ ئىشلىرى قەدىمدىن تارتىپ شۇنداق بولۇپ كەلگەن. بۇ دې-
گەن تارىخ! بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇنداق بولىدۇ. سىلەر خالاڭلار - خالى-
ماڭلار، ھاكىمىيەت ۋە ھۆكۈمرانلىق سىلەرنىڭ خاھىشىڭلارغا باقمايدۇ.
بىز سىلەرنى بويۇن ئېگىشكە، تىز پۈكۈپ ياشاشقا مەجبۇر

قىلىمىز. سىلەر چاقانلىقىمىزغا سىلىق تۆلەيسىلەر، بەلكى ئۆتكەنكى گەدىنىڭلاردا تۆلىمەي قەرز قالغان سىلىقلارنىمۇ بۇ قېتىم ھەسسىلەپ تۆلەيسىلەر. بىزنىڭ ئارغامچىمىز ئۇزۇن، قانچە ئالدىراپ كەتمەيمىز. بىز ئۇ ياققا يەنە قوشۇن تارتىپ بارىمىز، ئۇ زېمىن بىزگە كېرەك. گەدەنكەشلىك قىلىپ، توپىلاڭ كۆتۈرگەنلىكىڭلارنىڭ ئۆزى كەچۈرگۈسىز چوڭ گۇناھ. بۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر ئۆلۈمگە مەھكۇمسىلەر!

موللا رۇستەم ھەمراھلىرىغا شىۋىرلىدى:

— يۇرت ئايمىقىمىز ئۈچۈن ھەر قانداق ئار-نومۇسقا چىدايلى، قارىغاندا، سالامەت قايتىپ كېتىشىمىز ئاسانغا توختىمايدىغاندەك قىلىدۇ، بۇلار بىلەن بىر پىكىرگىمۇ كېلەلمەيدىغان ئوخشايمىز.

تارىم بويىدىكى شايادا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن موللا رۇستەم كىچىككىدىنلا دادىسىغا ئەگىشىپ تۇزاقچىلىق قىلىپ چوڭ بولغانىدى، ئاڭ① تۇتاتتى. ئوۋچىلىق تۇرمۇشى ئۇنىڭدا ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان مۇشۇنداق بىر خىل جاسارەتنى يېتىلدۈرگەنىدى.

بۇ قېتىم سەپەرگە چىقىش ئالدىدا، دادىسى ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەنىدى:

— يىلپىز ئوۋلاشقا چىققاندا، مەن سېنى كۆپ قېتىم بىللە ئاپاردىم. يىلپىز دېگەننىڭ كۆرمىگەن ئادەمگە سۈرى بار. ئەمما، ئۇ كۆز ئالدىڭدا تۇرغاندا بولسا ئۇنداق بولمايدۇ. ئەس-يادىڭ ئۇنى قانداق ئوۋلاشتا بولىدۇ. بۇنى بىلدىڭمۇ؟ خاقان، دارىن دېگەنلەر ئاسماندىن چۈشكەن كۆك مونچاق ئەمەس! ئۇلارمۇ بىزگە ئوخشاشلا ئىنسان، ھېچ يېرى بىزدىن ئارتۇق ئەمەس. دۈشمىنىڭنىڭ ساڭا قاراپ ۋارقىراپ-جارقىراپ ھەيۋە قىلىشى — ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ باتۇرلۇقىنى كۆرسەتمەيدۇ، سېنىمۇ ئالدىڭغا قاراپ يۈگۈرسەڭ، قورققىنىدىن كۆزلىرى چانىقىدىن

---

① ئاڭ — ئاقسۇ شىۋىسىدە ئوۋ دېگەن مەنىدە.

چىقىپ كېتەيلا دەپ قالدۇ. سەن قورقما، چېكىنمە! چېكىنسەڭلا، دۈشمەن ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىۋالىدۇ...

موللا رۇستەم مۇشۇلارنى ئويلاۋاتقىنىدا، يېنىدىكى بىرەيلەن ئۇنىڭ قۇلىقىغا:

— ئەمدى بىزنىڭ بۇ يەردە تۇرۇشىمىزنىڭ ھاجىتى قالمىدى، — دەپ شىۋىرلىدى.

— چۈشىنىۋاتىمەن، — دېدى موللا رۇستەم ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، — زو زۇڭتاڭ جانابلىرى، بىز بۇ يەرگە تىنچلىق ئىزدەپ، كېلىشىپ قالارمىز دەپ كېلىۋېدۇق، قارىغاندا بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ. قالغان گەپ بولسا جەڭ مەيدانىدا دېيىشەرمىز. بىلىپ قويكى، بىز ساڭا ھەرگىز قۇل بولمايمىز، بىز يۇرتىمىزغا قايتايلى! — دېدى.

زو زۇڭتاڭ ئۇنىڭغا قاراپ كۆزلىرىنى ئالايتتى:

— قايتىش نېمە ۋەجىدىن؟ ئولتۇرۇپ مېھمان بولۇڭلار! — دېدى سوغۇقلا.

موللا رۇستەم ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى زو زۇڭتاڭغا بېشىنى سەل ئېگىپ تەزىم بەجا كەلتۈردى. ئاندىن قەددىنى تىك تۇتۇپ، مەغرۇرانە، مەزمۇت قەدەم بىلەن داتاڭدىن چىقىپ كېتىشتى...

— خاقانلىقىمىز ياقۇببەگنى قوغلاپ چىقىرىپ، قەشقەرىينى قايتۇرۇۋالىمىز، دەيدىغان بولسا، — دېگەنىدى ئەنگلىيە ئەلچىسى ۋېيدمارد لى خۇڭجاڭغا، — ھەر ئىككى تەرەپ ئوخشاشلا شىكەست يەيدۇ. پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ نەپ ئۇندۇرۇۋالىدىغىنى يەنىلا روسىيە بولىدۇ. شۇڭا، ياقۇببەگ ھاكىمىيىتى ئولپان-سېلىق تۆلىمەيدىغان قارام ئەل بولۇشقا ماقۇل بولسا، بۇنى سىلەرمۇ ۋاپىق كۆرسەڭلار، ئەنگلىيە ياقۇببەگ بىلەن خاقانلىقىمىز ئوتتۇرىسىدا كېلىشتۈرمىچى بولۇشنى خالايدۇ.

لى خۇڭجاڭ بۇ چاغدا «جۇڭگو - ئەنگلىيە يەنتەي شەرتنامىسى» نى ئىمزالاشقا قاتنىشىۋاتقانىدى. ئۇ ئەنگلىيىنىڭ بۇ تەكلىپىنى خارجى ئىشلارىيامۇلىغا ئېيتىپ، تەكلىپنىڭ مەزمۇنىنى زو زۇڭتاڭغا يەتكۈزۈشنى بۇيرۇدى.

— ئىنگلىزلار بۇ سالاچىلىقتا يە بىزنى، يە ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتمايدۇ!— دەپ بۇ تەكلىپنى رەت قىلدى زو زۇڭتاڭ.— ئۇلار بۇ ئىشتا ئۆز ھامىيلىقىدىكى ھىندىستاننىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەۋاتىدۇ...

# ئون ئىككىنچى باب

## «بارسا كەلمەس يول»

مىلادى 1876 - يىلى 4 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى.

چوكانتال پەسلى ئۆتۈپ كېتىپ، باش يازنىڭ ئوتتەك ئاپتاپلىق كۈنلىرى يېتىپ كەلدى. زو زوڭتاڭغا ئوردىدىن غەربكە يۈرۈش قىلغۇچى زور قوشۇننىڭ راسخوتى ئۈچۈن ئەنگلىيە خۇيفېڭ بانكىسىدىن ئون بەش مىليون سەركۈمۈش تەڭگە قەرز پۇلى ھەل بولغانلىقى ھەققىدە پەرمان چۈشتى.

زو زوڭتاڭ ۋە ئۇنىڭ قارارگاھىدىكىلەرنى ئۇزاقتىن بېرى قىيناپ كەلگەن راسخوت مەسىلىسى ئاخىرقى ھېسابتا ھەل بولدى. قۇتلۇق كۈنلەرنىڭ بىرىدە قوۋۇقتىن ئەسكەر باشلاپ چىقىش ئەمدى زو زوڭتاڭنىڭ ئالدىدىكى ھەممىدىن مۇھىم بىر ئىش بولۇپ قالدى.

ھەر قېتىمقى ئادىتى بويىچە، زو زوڭتاڭ بەخت - تەلەيىنى بىر سىناپ باقماقچى بولدى. ئۇ، ئالدىنقى سەپ قوماندانى ليۇ جىنتاڭ بىلەن تۇرشاۋۇل قىسىملارنىڭ قوماندانلىرىدىن تەن شاگلىيەن، تەن باسۇي ۋە يۇخۇئېن قاتارلىق سەركەردىلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا، نەنشەن تېغىدىكى مەشھۇر زىيارەتگاھ بولغان مىڭئۆيلەرنى تاۋاپ قىلىشقا ماڭدى.

قومۇشقۇلاق قارا ئارغىماق ئۈستىدە خىيال سۈرۈپ كېتى-

ۋاتقان زو زۇڭتاڭ بىر خىللا تۇرىدىغان ئاسماندا بىر پارچىمۇ بۇلۇتنىڭ يوقلۇقىنى، ئەتراپىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى جىمجىت ئىكەنلىكىنى ۋە ئالاھىدە بولۇپ قالغانلىقىنى توساتتىنلا ھېس قىلدى. بۇ ھال ئۇنىڭغا غەلىتە بىر ئىشتەك تۇيۇلدى. شامال پۈتۈنلەي توختىغانىدى.

ئات ئۈستىدە كېتىۋاتقان زو زۇڭتاڭنىڭ خىيالى بىردەمدىلا ئۆركەشلەپ، ئۇنى يىراق، قەدىمكى چاغلارغا ئېلىپ كەتتى. ئۇ مۇشۇ تاپتا گويا چۆل - جەزىرىلەرنىڭ ياقىسىنى بويلاپ ئۇزاققا سوزۇلغان مەشھۇر يىپەك يولىدا① ھارماي - تالماي كېتىۋاتقان، غەربىي يۇرتقا بارغان، ئۇ يەردىن يەنە سەمەرقەند، پارس، چالجىيە، داكچىن② قاتارلىق جايلارغا ۋە شۇنىڭدەك بەش ئەنەتكەك③ دۆلەتلىرىگە بارغان ئاشۇ ئەجدادلىرىنى كۆرگەندەك بولدى.

بۇ قوۋۇقتىن چىققان يول غەربىي زېمىنگە بارغاندا ئىككى ئاچىغا تارماقلىنىپ كېتەتتى. بۇ يولغا ئاتلىنىپ چىققانلار ئۆزلىرىدىن بۇرۇن ماڭغانلارنىڭ ئۆلۈكلىرىگە ۋە ئۆلگەن ئات - تۆگىلەرنىڭ ئۇستىخانلىرىغا قاراپ، يولنى ئاران - پەرق ئېتىپ ماڭاتتى. بۇ يوللاردا ئات - تۆگىگە تايانماي ماڭغىلى بولمايتتى. ئات - تۆگىلەرلا بۇ سۇسىز دەشت - چۆللەر ئارا نەدە سۇ بار ئىكەنلىكىنى، نەدە بۇلاق بارلىقىنى پۇراپ تاپالايتتى. ئۇلار كېلىۋاتقان دەھشەتلىك ئاپەتتىن — قۇم بورىنىدىن بېشارەت بېرەلەيتتى. شۇڭا، بۇرۇنقىلار: «بوراندىن تۆگىلا بېشارەت بېرەلەيدۇ. قۇم كۆچسە، تۆگىلەر بىر يەرگە

① يىپەك يولى — قەدىمكى زاماندا ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقى بىلەن ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنى تۇتاشتۇرغان مەشھۇر كارۋان يولىنىڭ نامى.

② سەمەرقەند ، پارس، چالجىيە، داكچىن — قەدىمكى دۆلەتلەرنىڭ نامى. ھەممىسى غەربكە جايلاشقان.

③ بەش ئەنەتكەك — قەدىمكى ھىندىستان.

تۈپلىشىۋېلىپ بۇرنىنى يەرگە تىرەپ، تاكى بوران ئۆتۈپ كەتكىچە ماڭماي تۇرۇۋالىدۇ. مۇبادا، تۆگە بولمايدىغان بولسا، بۇنداق بوراندا ئادەمگە ئۆلۈمدىن باشقا يول يوق بولىدۇ»، دەپ يېزىشقانىدى①.

بۇ يوللاردىن ئۆتكەن كىشىلەر قەيسەر ئادەملەر ئىدى. ئۇلار ئالەمنىڭ نېرىقى چېتىدىكى يۇرتلاردىن — ئەنەتكەكتىن، داكچىندىن ۋە ئوتتۇرا دېڭىز بويلىرىدىن چاڭئەنگە كېلىشەتتى. چاڭئەندىن چىققان ئادەملەر بولسا پايانسىز چۆللەرنى بېسىپ ئۆتۈپ، چوغاي تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، خېشى كارىدورىدىن چىقاتتى. ھەيۋەتلىك سوزۇلۇپ ياتقان تەڭرىتاغلىرى، بىپايان دەشت - چۆللەر، ئېگىز كۆكئارت تاغلىرى بۇ ئادەملەر ئۈچۈن ھېچنېمە ھېسابلانمىغانىدى. ئۇلار نەچچە مىڭ چاقىرىملاپ يوللارنى بېسىپ، ھىندىستانغا ۋە پىرسىيىگە يېتىپ بېرىشاتتى. ئۇلار كۈنچىقىش ئەللىرى بىلەن كۈنپېتىش ئەللىرىنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى مۇشۇنداق راۋانلاشتۇرغانىدى. بۇ سەپەردە ئات بىلەن تۆگە ئۇلارغا يار - يۆلەك بولاتتى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ زور قوشۇنى قوۋۇقتىن چىقىشتىمۇ ئات بىلەن تۆگە ئۇنىڭ ئاساسىي قاتناش قورالى بولىدۇ. شۇڭا، ئات بىلەن تۆگىمۇ كۈنچىقىش بىلەن كۈنپېتىش ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى راۋانلاشتۇرۇشتا بۇرۇنقى ئەجدادلاردەكلا تۆھپىكار ھېسابلىنىدۇ...

ئۇ مۇشۇلارنى ئويلاپ كېتىۋېتىپ ئېتىنىڭ بويىنىغا ئاستا ئۇرۇپ قويدى.

قەدىمكى گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ① زېمىنى بولغان بۇ

---

① «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 97 - جىلد.

② گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى — IX ئەسىردە شەرققە كۆچكەن ئۇيغۇرلار مۇشۇ ئەتراپتا قۇرغان ئۇيغۇر دۆلەتلىرىنىڭ بىرى.

پايانسىز سۇجۇ① دالاسى ئۈستىدە قۇياش كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك ئاق نۇر چاچماقتا ئىدى. بۇ ئېگىز - پەس قەدىمكى تۇران دالاسى② خۇددى قىممەت باھالىق نەرسىدەك ئاشۇ قۇياش نۇرىغا چۆمگەنىدى. ھاۋادا كىشىگە يازنىڭ خۇشاللىقىنى ھېس قىلدۇرىدىغان، مەڭگۈ توختاپ قالغاندەك بىر خىل ئىللىقلىق بار بولۇپ، كۈن ئەمدى زادى تۇتۇلمايدىغاندەك، بوران - چاپقۇنلۇق قارا يامغۇر ئەمدى ياغمايدىغاندەك بىلىنەتتى. مەشھۇر «تۇران قوشىقى» ③ دا تەسۋىرلەنگەن ئاشۇ ھەيۋەتلىك مەنزىرە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا قايتا زاھىر بولدى. بۇلۇتلاردىكى ئۆزگىرىشلەردىن ھاسىل بولغان شەكىللەرمۇ بۇ بىپايان قەدىمكى تۇرا دالاسىغا قايتا سايە تاشلاپ ئۆتمەيتتى. قۇياشنىڭ ئاستىدا ئۇلارنىڭ ھالىتى كىشىگە مەڭگۈ توختاپ قالغاندەك تۇيغۇ بەرمەكتە ئىدى. زېمىن ئاسايىشلىق ئىچىدە دەم ئېلىۋاتقاندەك، ئاتلىقلارنىڭ يانلىرىغا ئېسىۋالغان قورال - ياراقلىرىنىڭ جاراقلاشلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ دۇنيادا زادىلا ئۇرۇش بولۇپ باقمىغاندەك ۋە بولمايدىغاندەك تۇيۇلاتتى...

ئات ئۈستىدە كېتىۋېتىپ، سېخىي تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىدىن ئىختىيارسىز تەسىرلەنگەن زو زۇڭتاڭ ئۆزىچە «تۇران قوشىقى»نى ئوقۇشقا باشلىدى:

تۇران دەرياسى چوغاي تېغىنىڭ
باغرىنى بويلاپ ئويناپ ئاقىدۇ.

---

① سۇجۇ ھازىرقى جيۇچۇەن، جىيايۇگۇەن ئەتراپلىرىنىڭ قەدىمكى نامى.

② تۇران دالاسى — چوغاي تاغلىرىنىڭ ئېتەكلىرىنىڭ قەدىمكى نامى. بۇ يەردە ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادى بولغان تۇرانلار ياشىغان.

③ «تۇران قوشىقى» قەدىمكى زاماندىكى داڭلىق ئۇيغۇر نەزمىلىرىنىڭ بىرى، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە ئىجاد قىلىنغان.

ئاسمان گۈمبىزى بارگاھسىمان،
چەكسىز دالىنى قاپلاپ ياتىدۇ.
كۆرۈنەر كۆپكۆك پايانسىز ئاسمان،
دالىلار كەڭرى كۆز سالساڭ قايان.
ئىسكەندە شامال ئوتلار ئەگسە باش.
سانسىز قوي ـ كالا بولىدۇ ئايان.

كېتىۋاتقان ئات ئىختىيارسىز توختاپ قالدى. زو زۇڭتاڭ چوڭقۇر خىيال ئىچىدىن ئويغىنىپ قارىۋېدى، نەنسەنگە كېلىپ قاپتۇ. نەنسەندىكى بۇددا غارلىرىدا ۋاڭ دەرۋىش دەيدىغان مەشھۇر بىر شەيخ ئىستىقامەت قىلاتتى. زو زۇڭتاڭ مۇشۇ ۋاڭ دەرۋىشنى زىيارەت قىلىشقا كەلگەنىدى.

كىشىلەر بۇ ۋاڭ دەرۋىشنى «ئەۋلىيالىق ماقامىغا يەتكەن» دېيىشەتتى. بۇ ۋاڭ دەرۋىش ياشلىقىدىن باشلاپلا دۇنيانى تەرك ئېتىپ، ئادەملەردىن نېرى، بۇ يەردىكى مىڭئۆيلەردە ئىبادەت بىلەن مەشغۇل ئىدى. زو زۇڭتاڭمۇ باشقا كىشىلەردەك، ئۇنىڭ «ئەۋلىيا»لىقىغا ئىشىنەتتى. شۇڭا ئۇ قوۋۇقتىن ئەسكەر چىقىرىش ئالدىدا بۇ «ئەۋلىيا» بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا پال سالدۇرۇپ كۆرمەكچى بولغانىدى. «خان مۇپەتتىش كەلدى» دېگەننى ئاڭلاپ، ۋاڭ دەرۋىشمۇ غارىدىن چىقىپ، زو زۇڭتاڭنى چوڭ يولدا قارشى ئالدى.

بۈگۈن ئادەم كۆپ ئىدى. مىڭئۆيلەردىكى بۇتلارنى تاۋاپ قىلغىلى كەلگەن ئەر ـ ئايال تاۋاپچىلار ئۇ يەردە مىغىلدايتتى.

زو زۇڭتاڭ «ئەۋلىيا» نى كۆرۈپ ئاتتىن چۈشتى، ئۇنىڭ بىلەن قوش قوللاپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، يېقىن كېلىپ، ئۇنىڭ گۆشسىز، ئىنچىكە قولىنى سۆيدى. ۋاڭ دەرۋىش خان مۇپەتتىشنى ئۆزىنىڭ تاش كېمىرىگە تەكلىپ قىلدى. زو زۇڭتاڭ تەكلىپنى مەمنۇنىيەت بىلەن قوبۇل قىلدى. سەكسەنلەردىن

ئاشقان، قورايدەك ئورۇق، ئەنچىكە ۋە مۇرىسى چىقىپ دۈمچى-
يىپ قالغان بۇ «ئەۋلىيا» ئېخى بەكمۇ ئېتىك ئىدى. ئۇ ئەتراپى-
دىكى ساڭگىلاپ تۇرغان تاشلارنىڭ ئارىسىدا، خۇددى ئۆچكىگە
ئوخشاش ساقىلىنى تىترىتىپ، ئاجايىپ چاققانلىق بىلەن، زو
زۇڭتاڭنى ئېگىز بىر غارغا باشلاپ ماڭدى.

تاغنىڭ بېشىدىكى خادا تاشلار هازىرلا غۇلاپ چۈشىدى-
غاندەك بولۇپ ئېسىلىپ تۇراتتى. غارنىڭ ئىچىدىكى توپا سۇپا
ئۈستىگە ئۈچ - تۆت قەۋەت بورا سېلىنغان، بورىنىڭ ئۈستىدە
بۆزدىن قىلىنغان نېپىز بىر پاختىلىق يېپىنچا يىغىقلىق
تۇراتتى. غارنىڭ بىر تېمىغا دەرۋىش زو زۇڭتاڭنىڭ ياش
ۋاقىتلىرىدا يازغان بىر نەزمىسىنى ئۆز قولىدا خۇشخەت قى-
لىپ كۆچۈرۈپ ئېسىپ قويغانىدى:

غەربىي يۇرتتا لەشكەرلەر سۈرۈپتۇ دەۋران،
چىلبۆرىلەر قورۇپتۇ بىر يېڭى ماكان.
بۇ بىپايان چۆللەردە قاتنايدۇ كارۋان،
سايلاردا بار دەريالار مىڭ يىللاپ ئاققان.
ئەمەلدارغا خوش ياقماپتۇ غەيرىلەر ئېلى،
كىرىشىپتۇ ئالۋان چېچىپ بايلىق يىغقىلى.
سانغۇنلارغا ئېغىر كېلەر بىر نەزەر سالماق،
ئۇۋالچىلىق تارتىپ قاپتۇ پۇقرا ۋە ئايماق.

بۇ جاينىڭ هاۋاسى سوغۇق ئىدى. غارغا كۆركىرەپ
كىرىۋاتقان شامال ساقاللارنى لەپىلدىتەتتى.

زو زۇڭتاڭ ئۆزى يازغان بۇ نەزمىنىڭ چىرايلىق كۆچۈ-
رۈلۈپ تامغا ئېسىپ قويۇلغانلىقىنى كۆرۈپ بەكمۇ مەمنۇن
بولۇپ كەتتى.

قېرى دەرۋىش خان مۇپەتتىشنىڭ مۇشۇ تاپتا ئۆزىگە

چىن كۆڭلىدىن ئىخلاس قىلىۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۇ زوزۇڭتاڭ-نىڭ ئىلتىماسىغا بىنائەن پال ئاچتى. ئۇ بىر قاچا سۇ تەييارلاپ، قول-غا پال چوكىلىرى سېلىنغان بىر قۇتىنى ئالدى. چوكىلارنى شاراقشىتىپ، تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ چىققاندىن كېيىن، قۇتىنى شىرە ئۈستىگە قويدى. ئۇ ھېلى سۇغا قارىسا، ھېلى قۇتىدىكى پال چوكىسىدىن بىرنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا ئۇزاقتىن - ئۇزاق قاراپ كېتەتتى.

دەرۋىش پالدىن دىققىتىنى يىغقاندىن كېيىنلا، زو زۇڭتاڭ چوڭقۇر بىر نەپەس ئالدى. ئۇ ۋاڭ دەرۋىشنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ ئولتۇراتتى. ۋاڭ دەرۋىش چېچىلغان چوكىلارنى قايتا يىغىۋېلىپ، يەنە بىر قېتىم شالاقشىتىپ ئارىلاش-تۇرۇپ چىقىپ، ئۇلارنى يەنە شىرە ئۈستىگە قويدى ۋە پىچىرلاپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— ... مەن دەھشەتلىك، قانلىق جەڭلەرنى كۆردۈم... ئوت دېڭىزى... شەھەر - قىشلاقلار كەينى - كەينىدىن كۆيمەكتە... مانا بىر سەركەردە ئارغىماق ئۈستىدە ئۇچۇپ كېتىۋاتماقتا... ئەنە ئوت... قويۇق ئىسلار تۇرمەل - تۇرمەل بولۇپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلمەكتە...

— ئەۋلىيا! مەن بۇ ئۇرۇشتا غەلىبە قىلالايمەنمۇ؟

— غەلىبە قىلامىش؟ ... ياق! سېنىڭ كۆزلىگىنىڭ ئۆزۈڭنىڭ شان - شۆھرىتى، ھەرگىز غەلىبە ئەمەس... سېنىڭ ئۆمرۈڭ بۇ بىپايان زېمىننى كېزىش بىلەن ئۆتىدۇ. سەن ئالەمنىڭ چېكىگە بارالايسەن... غەلىبە خۇددى ئۇچۇمۇڭدىكى سۇغا ئوخشاش، بارماقلىرىڭ ئارىسىدىن سىرغىپ ئېقىپ كېتىدۇ. بىراق، سەن مۇستەھكەم ئىرادىدىن ساۋۇت كىيىپ، سەۋر يېپىنچىسىنى ئۈستۈڭگە ئارتقان قەيسەر سەركەردە بولۇپ شۆھرەت قازىنىسەن... تارىختا نامىڭ مەيلى ياخشى بولسۇن، مەيلى يامان بولسۇن، ئۆچمەيدۇ... كىشىلەر سېنى ھەم ماختىشىدۇ... ھەم تىللىشىدۇ...

— قېنى ئەۋلىيا، سۆزلەۋېرىڭ. مەن قۇلاق سېلىپ تۇرۇۋېتىمەن!

— ئامىتابا! بۇددا ھېكايەتلىرىدە مۇنداق بىر ئىبرەتلىك ئىش بايان قىلىنىدۇ. سۆزلەپ بېرەي. ساڭا پايدىسى تېگەر، — دېدى ۋاڭ دەرۋىش ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ خاتىرجەم بولۇپ، — ھىندى پادىشاھلىرىنىڭ بىرى بولغان ئاسوكانىڭ ئۈزۈكىدە قىممەت باھالىق بىركۆز بار ئىكەن. بىر كۈنى، ئاسوكا گانگ دەرياسى① بويىغا سەيلە قىلغىلى چىقىپتۇ. ئۇ قولىدىكى ھېلىقى قىممەت باھالىق كۆز قويۇلغان ئۈزۈكىنى بىر تاتيا② نىڭ ئۇستىگە قويۇشقا بۇيرۇق قىلىپ، كىمىكى ئوقيا ئوقىنى ئاشۇ ئۈزۈكنىڭ ھالقىسىدىن ئۆتكۈزەلىسە، ئۈزۈك شۇ كىشىنىڭ بولسۇن! دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ يېنىدىكى تۆت يۈز ئوقياچىنىڭ ھەممىسى ئوق ئېتىپ بېقىپتۇ، تەگكۈزەلمەپتۇ. بىر كىچىك بالا شۇ پەيتتە بىر سارايىنىڭ ئۆگزىسىدە تۇرۇپ ھەر تەرەپكە ئوق ئېتىپ ئويناۋاتقانىكەن، شامال ئۇنىڭ ئاتقان بىر تال ئوقىنى ئۇچۇرۇپ بېرىپ ئۈزۈكنىڭ ھالقىسىدىن ئۆتكۈزۈۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، بۇ بالا مۇكاپاتقا ئېرىشىپتۇ، پادىشاھ ئاسوكانىڭ ئۈزۈكىگە ئىگە بولۇپتۇ. ئوغۇل ئوق بىلەن كامانىنى دەرھال كۆيدۈرۈۋېتىپتۇ. باشقىلار بالىدىن «نېمىشقا ئۇنداق قىلىسەن؟» دەپ سورىغاندا، بالا: «مېنىڭ بۇ دەسلەپكى شۆھرىتىم ئۆزۈمدىلا قالسۇن دېدىم!» دەپ جاۋاب بەرگەنىكەن...

زو زۇڭتاڭ ئالدىنقى سەپ قوماندانى ليۇ جىڭتاڭنىڭ قارارگاھىدا، غەربكە ئەسكەر چىقىرىش ئىشىنى بېكىتىش ئۈچۈن، ھەربىي كېڭەش چاقىردى. كېڭەشتە، ھەممەيلەن بىردەك ھالدا زو زۇڭتاڭ ئوتتۇرىغا قويغان جەڭ قىلىش پىلانىنى — «كۆچنى

① گانگ دەرياسى — ھىندىستاندىكى بىر دەريانىڭ نامى.
② تاتيا — بۇددا مۇنارى.

شىمالغا قارىتىش، ئاۋۋال جەنۇبتا غەلىبە قىلىش» دېگەن قارارنى قوبۇل قىلىشتى.

ئوردىنىڭ تەستىقلاپ يارلىق چۈشۈرۈشى بىلەن، لىيۇ جىڭتاڭنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلغۇچى زور قوشۇنىنىڭ ئالدىنقى سەپ قوماندانى بولۇپ تەيىنلەنگەنلىكى ئېلان قىلىندى. ئۇ زۇڭتۇڭلۇق① تامغىسىنى تاپشۇرۇۋېلىش مۇراسىمىدا، زوزۇڭتاڭغا ئۆزىنىڭ بۇ ئۇلۇغ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماي قېلىشىدىن ئەنسىرەيدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى، زو زۇڭتاڭ ئۇنى رىغبەتلەندۈردى:

— زۇڭتۇڭ دارىن، سىلە ئالدىنقى سەپنىڭ ئومۇمىي ھەربىي ئىشلىرىنى تامامەن باشقۇرۇپ كېتەلەيدىلا! — دېدى ئۇ.

— يوقسۇ، زۇڭدۇ دارىن، بەك ماختىۋەتتىلە! — دەپ جاۋاب بەردى لىيۇ جىڭتاڭ. — مەن ياش، كارغا يارىماي قېلىپ، ھەزرەتلىرىنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقالماي قالۇرمەنمىكىن دەپ ئەندىشە قىلىمەن.

— زۇڭتۇڭ دارىن، سىلە ھەربىي ئىشلاردا قاچاندىن بېرى كارغا يارىماس بولۇپ قالدىلا؟

— ھەربىي ئىشلاردا خاملىق قىلمايدىغىنىم راست. بىراق ئۇنى ئومۇمىي جەھەتتە پىلانلاشتا كارغا كەلمەي قېلىشىمدىن ئەندىشە قىلىمەن.

— سىلە چاقچاق قىلىپ ئېيتىۋاتامدىلا ياكى راست ئېيتىۋاتامدىلا؟

— زۇڭدۇ دارىن، ھەربىي ئىشلاردا مەن قاچان چاقچاق قىلىپ باققان؟

— ھە، ھە! — دېدى زو زۇڭتاڭ سالماقلىق بىلەن، — ئۇنداق بولسا، جانابلىرىنىڭ سەمىگە شۇنى سېلىپ قوياي! كۆڭفۇزىنىڭ تەلىمىنى ئۇنتۇلۇپ قالمىغان بولسىلا، ئۇنىڭ

① زۇڭتۇڭ — بۇ يەردە باش بۇغ، باش قوماندان دېگەن مەنىدە.

مۇنداق دېگىنى ئەسلىرىدە بارمۇ؟ ئادەم تۇغۇلۇشىدىنلا ھەممىنى بىلىدىغان بولۇپ تۇغۇلمايدۇ. ئۆگىنىش ئارقىلىق بىلىدىغان بولىدۇ. ئۆگىنىش دېگەن نېمە؟ «مۇھاكىمە ۋە بايان»① دېگەن كىتابنىڭ بىرىنچى بابىدا: «ئۆگەنگەننى داۋاملىق تەكرارلاپ تۇرماق لازىم» دېيىلگەن. «تەكرارلاپ تۇرماق» دېگەن سۆز بەكمۇ مۇھىم. ئۇستازلار «تەكرارلاپ تۇرماق لازىم» دېگەندىكى «تەكرارلاش» نى قۇشلارنىڭ قايتا - قايتا ئۇچقانلىقىغا ئوخشاتقان. كىچىك قۇش دەسلەپتە ئۇچۇشنى بىلمەيدىغۇ؟ ئانا قۇش باشلاپ ئۇچۇپ بېرىدۇ. كىچىك قۇش ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ئۇچىدۇ. بۇ خۇددى بىزنىڭ ئۆگەنگەننى تەكرارلاپ تۇرغىنىمىزغا ئوخشايدۇ. كىچىك قۇشمۇ قايتا-قايتا ئۇچۇۋەرگەندىن كېيىن، ئاندىن ھەقىقىي تۈردە ئۇچالايدىغان بولىدۇ. مەسىلەن، پېقىرنى مىسالغا ئالايلۇق، ئەينى يىللاردا، ئوردا چاڭموزىلارنى باستۇرغاندا، مەن تېخى ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان تالىپ ئىدىم. ئەمما، لۇ بىڭجاڭنىڭ② قول ئاستىدا سەركەردە بولۇپ قوشۇنغا قوماندانلىق قىلدىم، قوماندانلىقنى مەن ئىلگىرى ھېچ يەردىن ئۆگەنگەن ئەمەسمەن. قىزغىنلىقىم بولغاچقىلا، ئۇرۇشتا قوماندانلىق قىلىشنى ئۆگىنىۋالدىم. خەن شىن③ ئالىي قوماندان بولۇشتىن ئىلگىرى، بۇ ئىشنى نەدىن ئۆگىنىپتىكەن؟ پادىشاھ خەن جىڭدىنىڭ④ تۆرىسى دۈيىڭمۇ بىراقلا ئالىي قوماندان بولغانىدۇ؟ خەن ۋۇدى⑤ زامانىسىدىكى ئالىي سانغۇن ۋېي چىڭمۇ ئەسلىدە بىر چارۋىچىدىن كېلىپ چىققان

---

① «مۇھاكىمە ۋە بايان» — كۇڭزىنىڭ ئېيتقانلىرىغا ئاساسەن شاگىرتلىرى تەرىپىدىن رەتلەنگەن كىتابنىڭ ئىسمى.

② لو بىڭجاڭ — تەيپىڭ تيەنگو دېھقانلار ئىنقىلابىنى باستۇرغان جاللات، شۇ چاغلاردا خۇنەن - خۇبېي ئۆلكىلىرىنىڭ باش ھەربىي ۋالىيسى ئىدى.

③ خەن شىن — خەن گاۋزۇنىڭ ئالىي سانغۇنى.

④، ⑤ خەن جىڭدى، خەن ۋۇدى — خەن سۇلالىلىرىنىڭ پادىشاھلىرى.

ئەمەسمىدى؟... مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك ئىشنى ئېسىڭىزدە مەھكەم تۇتۇشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمەن: بىرى، بىلىدىغاننى بىلىمەن، دېيىش، بىلمەيدىغاننى بىلمەن دېمەسلىك كېرەك. ئادەم كەمتەرلىك قىلسا، ئاسمان يىرتىلىپ كەتمەيدۇ؛ ئىككىنچى، چوڭ پىلاننى، چوڭ ئىشنى تۇتۇڭ. ھەرگىز جۇ گېلىياڭ① دەك ئۇششاق - چۈششەك ھەممە ئىشلارغا چات كىرىۋالماڭ! چوڭ ئىشلار دېگەندە، ئومۇمىي ۋەزىيەتكە دائىر ئىشلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. قەدىمكىلەرنىڭ كىتابىنى ئوقۇپ چۈشەنگەن بولسىڭىزلا، بۇ ئىشنى قىلىپ كېتەلەيسىز. مەسىلەن، مەن شەنشى، گەنسۇلاردىكى پاراكەندە تۇڭگانىيلارنى تىنچىتقاندا، مەن باشقۇرىدىغان ئىش ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئەمما، ئۆزەملا پالاقلاۋەرمەي، قول ئاستىمدىكى سەركەردىلەرنىڭ ئىناق - ئىتتىپاقلىقىغا تايىندىم. «پالنامە»② دە: «قوش قىلىچلىق ئادەم يېڭىلمەس» دېيىلگەن؛ ئۈچىنچىدىن، ھەربىي ئىنتىزامنى ئالاھىدە تەكىتلەش لازىم. «نەسىرنامە»③ دە: «سېپىلنى ئېگىز سوقساڭ، ئېلىڭ ئەمىن تاپۇر، قاتتىق جازا قوللانساڭ، ئاسايىشلىق ئورنار» دېيىلگەن، قالغان ئىشلاردا كۆپرەك مەن ئەۋەتكەن مۇشاۋۇر جۆخۇەن ھەزرەتنىڭ مەسلىھەتىنى ئاڭلاڭ!

— بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا، — دېدى لىۇ جىڭتاڭ بىر تەرەپكە قىيسايغان جاۋغايلىرىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ، — بىزنىڭ ئاساسىي دۈشمىنىمىز ۋە رەقىبىمىز — قوشۇنغا كېتىدىغان ئوزۇق - تۈلۈك بىلەن يەم - خەشەك بولىدۇ. قۇۋ لوپاشا بۇنى ئوبدان چۈشىنىدىكەن. ئۇ بىزنىڭ قوشۇن تارتىپ بارىدىغانلىقىمىزنى ئاڭلاپ، ھەرقايسى قورۇللاردىكى ئاشلىق، يەم - خەشەك ۋە ئوت - چۆپلەرنى كۆيدۈرۈپ تاشلىدى. شۇڭا، بىز ئۇ ياققا چىقىش بىلەنلا، ئالدى بىلەن تىنچ پۇقرالارغا ھۇجۇم قىلايلى، تىنچ ئاھالە تېخى ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرمىدى،

① جۇ گېلىياڭ — ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدە ئۆتكەن ھەربىي ئالىم، سىياسىئون.

②، ③ — قەدىمكى كىتابلارنىڭ نامى.

بىزگە ئېھتىياجلىق بولغان لازىمەتلىكلەرنى يوشۇرۇپ قويۇشقا ياكى كۆيدۈرۈپ تاشلاشقا ئۈلگۈرمىدى. بىز ئۇلارغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىشىمىز لازىم، خۇددى قىبرى بۆركۈت ئاسماندىن تۇيۇقسىز شۇڭغۇپ چۈشۈپ، بەخىرامان يۈرگەن ئۆلجىسىنى بىراقلا چاڭگىلىغا ئالغاندەك. ئاھالە قورالسىز، ئۇلار ئۇرۇشنى قوشۇن بىلەن قوشۇن ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ، دەپ ئويلايدۇ. ئەمدى قوشۇنلىرىمىزنىڭ مۇسۇلمان چەنتۇلارنىڭ چېگرىسى ئىچىگە كىرگەندە، قايسى تەرەپتە، قايسى يولدا مېڭىشنى تاللاشقا كەلسەك، بۇ زۇڭدۇ جانابلىرىنىڭ پىكرى بويىچە بولسۇن.

زو زۇڭتاڭ ئولتۇرغانلارغا سالقىن نەزەرى بىلەن بىر قۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن، سۆز باشلىدى:

— يەتتە شەھەردىكى چەنتۇلار بىزنىڭ يۈرۈش قىلىپ ئۇ ياقلارغا بېرىشىمىزنى خېلىدىن بېرى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتىدۇ. چۈنكى لو پاشا ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى باج - سېلىقلارنى ھەددىدىن تاشقىرى كۆپەيتىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلار يەنە بىزدىن قورقۇپمۇ تۇرۇۋاتىدۇ. مېنىڭ ئايغاقچىلىرىم ئېلىپ كەلگەن خەۋەرلەردىن قارىغاندا، يەتتە شەھەرنىڭ ئەمىرلىرى كېڭەش ئۆتكۈزۈپ، تاغ ئۈستىلىرىگە قاراۋۇل قويۇپ، ياغاچ - تاشلار بىلەن ئىستىھكام قۇرماقتىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يەتتە شەھەر قوشۇنلىرىنىڭ باش قوماندانلىقىنى لو پاشا ئۆز ئۈستىگە ئالامدۇ ياكى شاۋ پاشا① ئۆز ئۈستىگە ئالامدۇ دېگەننى تالاش - تارتىشمۇ قىلىۋېتىپتۇ. بۇ توغرۇلۇق تېخىچە بىرلىككە كېلەلمەپتۇ. بۇ بىھۇدە تالاش - تارتىش تۈپەيلىدىن ئۇلار ۋاقىتنى قولدىن بېرىۋاتىدۇ. ھازىرچە مېنىڭ ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۇلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنىنى قۇدرەتلىك كۈچ قىلىپ ئۇيۇشتۇرۇپ، بىزگە ئالدى بىلەن ھۇجۇم قىلىدىغان بىرەر قوماندانىنىڭ چىقىشىغا كۆزۈم يەتمەيدۇ.

---

④ شاۋ پاشا — بەدۆلەتنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ھەققۇلىبەگنى دېمەكچى

— زۇڭدۇ دارىننىڭ سۆزى توغرا! — دەپ ماقۇللاشتى ئولتۇرغانلار، — زۇڭدۇ دارىننىڭ تەڭداشسىز قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلىشقا جۈرئەت قىلالايدىغان ئادەم ئۇلاردىن چىقمايدۇ!

كېڭەشتە ئولتۇرغانلار ئارىسىدا يۇفامىلىلىك بىرەيلەنمۇ بار ئىدى. ئۇ مۇشۇ تاپتا تولىمۇ بىئارام بولۇۋاتاتتى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ قوشۇنى ئۇرشاۋۇل قىسىملارنىڭ تەركىبىدە بولۇپ، ئۇ ئالدىن مېڭىشقا بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالغانىدى. قوشۇن قوۋۇقتىن چىققاندىن كېيىن، چەنتۇلار رايونىدا جەڭ قىلىشقا توغرا كېلەتتى. ھالبۇكى، ئۇلار مۇسۇلمان بولسىمۇ، ئەمما، بۇ يەردىكى پاراكەندە تۇڭگانىيلاردىن ئۆزگىچە بولغان بىر تايىپە مۇسۇلمانلار ئىدى. ئۇ خىيال سۈرۈۋېتىپ، بۇنىڭدىن ئون بەش يىل ئىلگىرى يۈز بەرگەن مۇنداق بىر ئىشنى ئېسىگە ئالدى:

1861 - يىلى، گەنسۇنىڭ ۋۇۋېي ئەترابلىرىدا ئېغىر قۇرغاقچىلىق يۈز بەردى. نۇرغۇن ئادەملەر قەھەتچىلىك تۈپەيلىدىن ئۆي بېسىپ قىرىلىپ كەتتى. مۇشۇ ئاپەتتە، يۇفامىلىلىك بىر دېھقاننىڭ ئايالى ئالتە ياشلاردا بار بىر قىز بىلەن ئەمدىلەتىن ئۈچ ياشقا كىرگەن بىر ئوغۇلنى ئېرىگە قالدۇرۇپ، ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتتى. ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار دېگەندەك، بۇ يۇفامىلىلىك دېھقان جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، قىزىنى يېتىلەپ، ئوغلىنى يۈدۈپ يۇرتىنى تاشلاپ قېچىپ چىقتى. ئۇ غەرب تەرەپتە جان باقماق ئوڭاي ئىكەن، دەپ ئاڭلاپ، غەربكە — قۇمۇل تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇلار يول بويى ئۇچرىغان ئۆيلەردىن بىر - ئىككى بۇردا زاغرا موما تىلەپ ئېلىپ، ئوت - چۆپلەرنىڭ يىلتىزىنى كولاپ يەپ، مېڭىشنى داۋاملاشتۇردى. ئۇنىڭ قىزى ئوت - چۆپ يىلتىزىنى كولاشتا بەكمۇ چاققانىدى. بىردەمدىلا بىر ئېششەك كولاپ كېلەلەيتتى.

دادىسى قىزىنى ماختاپ:

— قىزىم، مېنىڭ ئاپئاق قىزىم، بەك ئىش ئۇقىسىز جۇمۇ! مەن سىزنى چوقۇم بېقىپ قاتارغا قوشىمەن،— دەيتتى.

ئۇلار مىڭبىر تەسلىكتە سۇجۇ ئەتراپلىرىغا يېتىپ كېلىشتى. ئەمما، جىيايۇگۇەن بىلەن قۇمۇلنىڭ ئارىلىقىدا ئادەمسىز، ئوت - گىياھ ئۈنمەيدىغان ناھايىتى كەڭ بىر دەشتنىڭ سوزۇلۇپ ياتقانلىقىنى ئۇلار نەدىن بىلسۇن؟ قاتتىق قات ئېدىرلىق، كۆز يەتكۈسىز ئۇپۇق... ئۇلار ئالدىمىزدا ئادەم بار يەرلەر باردۇر، يېتىپ بېرىۋالايلى دېگەن ئۈمىدنىڭ تۈرتكىسىدە، قەدەملىرىنى ئاران - ئاران يۆتكەپ كېتىپ باراتتى. ئاخىرى، ئاتا - بالا ئۈچەيلەن چېتى كۆرۈنمەيدىغان بىر دەشت ئىچىگە كىرىپ قالدى. ئۇلار ئوزۇق - تالقان ۋە ئىچىدىغان سۇيىنى ھەرقانچە تېجەپمۇ تېجەپ قالالمىدى. ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق ئۇلارغا خۇددى چىلبۆرىلەردەك ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى:

— دادا، قورسىقىم ئاچتى، قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى،— دەپ زارلاندى ئۈچ ياشلىق ئوغلى ئاخىر چىدىيالماي.

— ئاپئاق ئوكام، چىدىغىن، سەل چىدىغىن، بولامدۇ، يەنە ئازراق ماڭساقلا، ئادەم بار يەرگە يېتىۋالىمىز، نان، سۇ تېپىلىدۇ،— دەپ ئۇكىسىنى ھەدەپ ئۈمىدلەندۈردى ئاچىسى، ئۇ ئۆزىمۇ قاتتىق ئېچىرقىغان ۋە چاڭقىغانىدى.

— قىزىم، ئاپئاق قىزىم، پۇتىڭىز بەك ئاغرىپ كېتىۋاتامدۇ؟— دەپ سورىدى بىلىپ تۇرۇپ دادىسى ئامالسىزلىقتىن:

— ياق، دادا، پۇتۇم ئاغرىمىدى،— دېدى كىچىك قىز غەيرەتلىنىپ، گەرچە ئۇنىڭ كىچىك پۇتلىرى قاپىرىپ نەچچە يېرىدىن تېشىلىپ كەتكەن بولسىمۇ.

بىراق، چوڭ ئادەم چىدىيالمايۋاتقاندا، كىچىك بالىنىڭ ھالى نېمە بولماقچى؟ ئۇزاققىچە ئاچ قېلىپ، چاڭقاپ، ئورۇقلاپ

قورايدەك بولۇپ قالغان بۇ كىچىك قىز ئاخىرى ماغدۇرىدىن كېتىپ يىقىلدى. ئۇنىڭ قولىدىن يېتىلەپ كېتىۋاتقان دادىسى قىزنىڭ قوللىرىنىڭ مۇزلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدى.

ئۇ دەرھال توختاپ، ئۇچىسىدىكى سېۋەتنى يەرگە ئالدى:

— ئازراق دەممىزنى ئېلىۋالايلۇق.

بىراق، ھېلىقى كىچىك قىز بىر يىقىلغان پېتى قايتا قوزغىلىپ ئورنىدىن تۇرالمىدى.

شۇنچە كەڭ، كۆك ئاسماننىڭ ئاستىدا، شۇنچە پايانسىز زېمىن ئۈستىدە، ئۇلارغا كىممۇ ياردەم قىلار؟ — ھەە!

ئاتا — بالا ئۇچى بىر — بىرىگە تارتىشىپ تۇرىدىغان بولسا، بۇ چۆلدىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى تىرىك چىقىپ كېتەلمەيتتى.

نىھايەت، دادا ئەڭ ئاخىرقى قارارغا كېلىشكە مەجبۇر بولدى:

— قىزىم، ئاپئاق قىزىم، دادىڭىزنىڭ باغرى تاش ئەمەس. سىزگە زادىلا چىدىمايدۇ. بىر — بىرىمىزگە مۇشۇنداق تارتىشىپ ئولتۇرىدىغان بولساق، بۇ چۆلدىن بىرىمىزمۇ ساق چىقىپ كېتەلمەيدىغان ئوخشايمىز...

دادا گېپىنى زادىلا داۋاملاشتۇرالماي قالدى. ئۇنىڭ بوغۇزىغا بىرنېمە كەپلىشىپ قالغاندەك، ئاۋازى چىقماي قالغانىدى. قىز دادىسىغا تىكىلىگىنىچە قاراپ تۇرۇپ قالدى. دادىسىنىڭ كۆزىدە ياش ئەگىپ تۇراتتى. دادىسى نېمە دېمەكچى بولىدىكىنە؟ ئالتە ياشلىق بۇ زېرەك قىز ئاخىر دادىسىنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشەندى! ئۇ ھەممىسىنى چۈشەندى! ئۇ ئاغزىنى ئۇمچەيتتى — يۇ، شۇنچە ئۈمەللەيمۇ ماغدۇرى يەتمىدى، دېمەكچى بولغىنىنى ئاغزىدىن زادىلا چىقىرالمىدى.

ئېغىر سۈكۈت ھۆكۈم سۈردى. ئاخىرى ئۇنىڭ ئاغزىدىن دېمەكچى بولغانلىرى فونتاندەك ئېتىلىپ چىقتى:

— دادا، جېنىم دادا، مېنىڭ بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن. سىز، ئۇكامنى ئېلىپ، بۇ يەردىن تېز كېتىڭ!

قىزچاق بېشىنى دادىسىنىڭ تىزىغا قويىدى - يۇ، ئەمما يىغلىمىدى، ئۇ دادىسىنىڭ تىزىنى چىڭ قۇچاقلىغىنىچە:

— دادا، جېنىم دادا! مەن سىزنى يەنە كۆرەلەرمەنمۇ؟— دېدى.

دادا ھېچنېمە دېمىدى. ئۇ مۇشۇ تاپتا ئېغىزىنى ئاچسىلا، قەلبىدىكى دەرد - ئەلەمى بىراقلا تۆكۈلەتتى - دە، ئۆزىنى زادىلا تۇتۇۋالالماي قالاتتى. ئۇ ياشاڭغىراپ خىرەلەشكەن كۆزلىرى بىلەن قىزىنىڭ سۇلغۇن چىرايىغا قارىدى. قوللىرى بىلەن قىزىنىڭ توزۇپ تۇرغان چېچىنى سىلىدى. ئاندىن ئۇنىڭ ئورۇقلاپ قورايدەك بولۇپ قالغان ئۇچىسىنى بىر ھازاغىچە سىلاپ تۇردى.

ئالاھەزەل بىر بۇردا ناننى يەپ بولغۇدەك ۋاقىت ئۆتكەن بولسا كېرەك. قىز بېشىنى ئاستا كۆتۈردى ۋە قولىنى ئىتتىك تارتىۋالدى. ئۇ دادىسى بىلەن ئۇكىسىغا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، كەسكىن ئاۋاز بىلەن:

— نېمە قاراپ تۇرىسىلەر، ماڭماي!— دەپ زارلىدى.

قىز سۆزىنى تۈگىتىپلا كۆزلىرىنى يۇمدى ۋە قوللىرىنى تاشلاپ سۇنايلىنىپ يېتىپ قالدى. ئۇنىڭ توپا باسقان چىرايىدىن بىر خىل خاتىرجەملىك چىقىپ تۇراتتى.

دادا خۇددى ئارقىسىدىن بىرى ئىتتىرىۋەتكەندەك ئالدىغا دەلدۈگۈنۈپ كەتتى. ئۇ بىر ھازادىن كېيىن ئۆزىگە كەلدى - دە، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. يەردە سۇنايلىنىپ ياتقان قىزىنىڭ جانسىز گەۋدىسىنى ئىككى قولى بىلەن يەردىن يېنىك كۆتۈرۈپ ئالدى، ئاندىن ئۇنى يول ياقىسىدىكى بىر دۆڭنىڭ ئۈستىگە ئاۋايلاپ ياتقۇزۇپ قويغاندىن كېيىن، قىزىنىڭ يۈزىنى يول تەرەپكە قارىتىپ قويىدى. ئاندىن ئەتراپنى چالمىلار بىلەن

ئىھاتە قىلىپ تۇسۇپ قويدى.

— قىزىم، بىچارە قىزىم. سىزنى بېقىپ قاتارغا قوشالمىغان دادىڭىزنى كەچۈرەرسىزمۇ؟ دادىڭىز ئۇ ئالەمگە بارغاندا سىزنىڭ قەرزىڭىزنى ئاقلايدۇ، ئاڭلاۋاتامسىز؟

دادا مۇشۇ گەپلەرنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، دۆڭدىن چۈشتى ۋە ئوغلىنى يۇدۇگەن پېتى ئالدى ـ كەينىگە قارىماستىن يۈگۈردى. بۇ قېتىم ئۇ غەرب تەرەپكە ئەمەس، بەلكى شەرق تەرەپكە — ئۆزلىرى كەلگەن تەرەپكە قاراپ ماڭغانىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش بۇلدۇقلاپ قۇيۇلۇۋاتاتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ قايسى تەرەپكە ماڭغانلىقىنى ئۆزىمۇ ئاڭقىرالماي قالغانىدى.

ئۈچ ياشلىق ئوغۇل دادىسىنىڭ مۈرىسىدىكى سېۋەتتە ئولتۇرۇپ بىر دەم كېتىۋاتقان دادىسىغا قارىسا، بىر دەم دۆڭنىڭ ئۈستىدە يېتىپ قالغان ئاچىسىغا قارايتتى. ئۇ نېمە ئىش بولغانلىقىنى مانا ئەمدى چۈشەندى!

— ئاچام قالدى. ئاچا! مېنىڭ ئاچام!...

قىز كۆزلىرىنى سەل ئېچىپ، يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان دادىسىنىڭ قارىسى كۆزدىن يىتكۈچە قاراپ تۇردى...

نىھايەت، دادىسى بىلەن ئۇكىسىنىڭ قارىسى كۆزدىن يىتتى...

— دادا، جېنىم دادا! — دەپ ئېچىنىشلىق ئىڭرىدى ئۇ، — ئۇكام، جېنىم ئۇكام!...

قىز ئۆزىنى زادىلا تۇتۇۋالالمىدى. ئۇ يىغلاۋېرىپ ئاخىرى ھالىدىن كەتتى، ئۇنىڭ بېشى قۇرۇق توپىنىڭ ئۈستىگە چالمىنى تاشلىغاندەك چۈشتى.

قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكى ئۇنىڭ ئېسىدە قالمىدى. ئەمما، قىزنىڭ ئەسەبلىرى ئېچىپ تارتىشىپ كەتكەن قورسىقىنىڭ پىژىلداپ ئاغرىشىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، ئۇنى يەنە ھوشىغا كەلتۈردى. قىزنىڭ ئىچى تارتىشىپ كۆيگەندەك بولۇپ

كېتىۋاتقانىدى. قاتتىق چاڭقاپ كەتكەنلىكتىن، قېلىن گەز باغلاپ كەتكەن لەۋلىرى چاك - چاك يېرىلىپ كەتكەنىدى.

— چاڭقاپ ئۆلەي دەپ قالدىم، — دەپ ئىڭرىدى ھالسىزلانغان قىز، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۇكىسىنى يۆدۈپ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان دادىسىنىڭ سىماسى زادى كەتمەيتتى. دادىسىنىڭ: «قىزىم، بىچارە قىزىم، سىزنى بېقىپ قاتارغا قوشالمىغان دادىڭىزنى كەچۈرەرسىزمۇ؟ دادىڭىز ئۇ ئالەمگە بارغاندا سىزنىڭ قەرزىڭىزنى ئاقلايدۇ!» دېگەن گېپى ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ھېلىمۇ جاراڭلاپ تۇراتتى، ئۇكىسىنىڭ نالىسى يەنە ئاڭلىنىۋاتاتتى:

— ئاچا، مېنىڭ ئاچام!...

تۇساتتىن تۆگىنىڭ كولدۇرما ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى: «كولدۇرۇڭ ... كولدۇرۇڭ ...» ئاستا، بوغۇق ئەمما ئېنىق چىقىۋاتقان بۇ رىتىم يىراقتىن يەر تېگىدىن كېلىۋاتقانىدى.

ئۇ خاتا ئاڭلىمىغانىدى! كارۋان كېلىۋاتاتتى. بۇ كارۋان غەربتىن كېلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدى. تۆگىلەر ئاستا، ئەمما سالماق قەدەم تاشلاپ بارغانسېرى يېقىنلىشىپ كېلىۋاتاتتى.

ئېخ، چۆل كېمىسى — تۆگە! ئۇلار قەددىنى رۇس تۇتقان ھالدا، باشلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، مەغرۇرلۇق بىلەن ئالغا قاراپ كېتىۋاتقانىدى.

تۆگىلەر ھېلىقى كىچىك دۆڭنىڭ ئالدىغا يېقىنلاشقاندا، باشلامچى تۆگە تۇيۇقسىز پۇشقۇرۇۋەتتى:

— بوف!...

تۆگە ئادەتتە تولىمۇ سەزگۈر كېلىدىغان ھايۋان، ئۇ بىر-نېمىنىڭ ھىدىنى سەزگەنىدى! بىرىنچى تۆگىنىڭ ئۈستىدە مۈگدەپ ئولتۇرغان بىر ئۇيغۇر — كارۋانبېشى ئالاق - جالاق بولۇپ ئەتراپقا قارىدى - دە، دۆڭنىڭ ئۈستىدە ياتقان كىچىك بىر قىزنى كۆردى. تۆگىچىلەر تۆگىلىرىنى چۆكتۈرۈپ، دەرھال دۆڭگە قاراپ يۈگۈرۈشتى.

— تىرىك ئىكەن! تېخى تىنىقى بار ئىكەن! — دەپ ۋارقىرىدى كارۋانبېشى، — تېز بولۇڭلار! سۇ ئەكېلىڭلار، ئۇنىڭ چاڭقاپ كەتكەنلىكىنى كۆرمەيۋاتامسىلەر؟

تۆگىچىلەر قىزنىڭ ئاغزىغا سۇنى ئاز - ئازدىن تېمىتىپ بېرىشۋېدى. ئۇ ئاخىرى هوشىغا كەلدى. ئۇنىڭ قاپقارا ئىككى كۆزى پىلدىرلاپ تۇراتتى.

— خەنسۇنىڭ قىزى ئوخشايدۇ. قانداقمۇ تاش يۈرەك ئادەم تاشلاپ كەتكەندۇ بۇنى؟

— بولدى قىلىڭلار، ئاۋۋال ئۇۋىتىلگەن ناننى ئۇنىڭغا ئاز - ئازدىن يېگۈزۈڭلار، بىراقلا جىق يېگۈزۈۋەتمەڭلار. سۇنىمۇ ئاز - ئازدىن بېرىڭلار، بولمىسا، تىقىلىپ قېلىپ ئۆلۈپ قالىدۇ، — دېدى كارۋانبېشى.

— يە، ماۋۇ ناننى! — دېدى تۆگىچىلەردىن بىرى، ئەمما قىز ئۇلارنىڭ نېمە دەۋاتقىنىنى چۈشەنمەي قاراپ تۇراتتى.

كارۋانبېشى ئىچكىرىسىگە تۆگە يېتىلەپ كۆپ كەلگەنلىكتىن، خەنزۇ تىلىنى بىلەتتى. ئۇ قىزدىن گەپ سورىدى.

قىز سۇ ئىچىپ، نان يېگەندىن كېيىن، خېلىلا جان كىرىپ روھلىنىپ قالغانىدى. ئۇ كارۋانبېشىنىڭ سورىغانلىرىغا ئېنىق جاۋاب بەردى. ئۇلارغا دادا - بالا ئۈچەيلەننىڭ كەچۈرمىشلىرىنى يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلەپ بەردى.

— بىچارە قىز، يىغلىماڭ! بىز سىزنى تاشلاپ كەتمەيمىز. قېنى، دەڭا، دادىڭىز بىلەن ئىنىڭىز قايسى تەرەپكە قاراپ ماڭدى؟

بۇ چاغدا كۈن ئولتۇراي دەپ قالغانىدى. قىز كۈنگە قاراپ، دادىسى بىلەن ئۈكىسىنىڭ ئۆزلىرى كەلگەن تەرەپكە — كۈنچىقىش تەرەپكە قاراپ ماڭغانلىقىنى دەپ بەردى.

— بىزمۇ شۇ تەرەپكە قاراپ ماڭغاندۇق، — دېدى كارۋانبېشى، — قورقماڭ، بىز تېزرەك مېڭىپ، دادىڭىز بىلەن

ئۆكسىگىزنى قوغلاپ يېتەيلى!

ئۇلار قىزنى بىر تۆگىنىڭ ئۈستىگە جايلاشتۇرۇپ قويغاندىن كېيىن، يولنى داۋاملاشتۇردى.

تۆگىچىلەر ماڭغاچ پاراڭلاشماقتا ئىدى.

— ئىنسان ئەمەسمۇ؟ — دېدى كارۋانبېشى، — ئۇنىڭدا نېمە گۇناھ بار؟ بىچارىلەرگە ياردەم قولىنى سۇنۇش بىز خەقنىڭ ئەجدادىمىزدىن داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئۇدۇمى. ھەر بىرىمىز ئازراقتىن پۇل يىغىش قىلىپ ئۇنىڭغا بېرەيلى. مانا مەن بىر سەر ئاتىدىم. قالغانلىرىڭلار يېرىم سەردىن بېرىڭلار، ئىككى ـ ئۈچ سەر تەڭگە يىغىش قىلىپ بېرەيلى. ئاتا ـ بالا ئۈچەيلەن مۇشۇ پۇلغا تايىنىپ جېنىنى جان ئەتسۇن!

«ئۆكسۈمسۈ ـ چۈشۈمسۈ بۇ؟ — دەپ ئويلىدى قىز، ئۆزىنىڭ مۆجىزىلەردىكىدەك تەلىيى ئوڭ كېلىپ ئامان قالغانلىقىغا زادى ئىشەنگۈسى كەلمەي، — نېمىدېگەن ئىنساپلىق ئادەملەر بۇ!...»

ئۇ تۆگىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئالدى تەرەپكە ھەدەپ بويىنىنى سوزۇپ قارايتتى. ئەمما، دادىسى بىلەن ئۆكسى كۆرۈنمەيتتى.

— ئەنە ئاۋۇ كېتىۋاتقان ئادەم مېنىڭ دادام ئەمەسمۇ! — دەپ ئويلىدى قىز ئالدى تەرەپتە كېتىۋاتقان بىر ئادەمنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ.

بىچارە دادىسى ئۆكسىنى يۈدۈپ، ھارغىن قەدەملىرىنى ئاران ـ ئاران يۆتكەپ كېتىپ باراتتى.

— دادا، جېنىم دادا! ئۆكام، جېنىم ئۆكام! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى قىز تۆگىنىڭ ئۈستىدە تاقەت قىلالماستىن.

كارۋانبېشى كېتىۋاتقان تۆگىلەرنى توختىتىپ، ئىزدىغا چۆككۈردى ـ دە، قىزنى تۆگىدىن چۈشۈرۈپ، ئۇنى داڭقېتىپ تۇرۇپ قالغان دادىسىنىڭ ئالدىغا يېتىلەپ كەلدى. دادا

كۆزىگە ئىشەنمەي قالدى!

— قىزىم! — دەپ ۋارقىرىغىنىچە قىزىنى باغرىغا مەھكەم بېسىپ يىغلاپ كەتتى ئۇ.

— ئاچا! جېنىم ئاچا! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇنى كۆرۈپ ئۇكىسى.

كارۋانبېشى قىزچاقنىڭ دادىسىنىڭ قولىغا ئۆزلىرى يىغىش قىلغان ئىككى يېرىم سەر تەڭگىنى تۇتقۇزدى ۋە بىر - ئىككى كۈنگە يەتكۈدەك نان - سۇنى قالدۇرۇپ قويغاندىن كېيىن، تۆگىلىرىنى يېتىلەپ كېتىپ قالدى.

بۇ فامىلىلىك دېھقان ھېلىقى كارۋانبېشىغا ھەدەپ باش ئۇرۇپ، «ئىنجاتكارىم» دەپ رەھمەت ئېيتىپ قالدى....

شۇنداق قىلىپ، دادا - بالا ئۈچەيلەن ھېلىقى ئۇيغۇرلار بەرگەن ئىككى يېرىم سەر تەڭگە ۋە نان - سۇغا تايىنىپ چۆلدىن چىقىۋېلىشتى. ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇلارمۇ لەنجۇغا ئامان - ئېسەن يېتىپ كېلىپ، شۇ يەردە ماكانلاشتى.

زو زۇڭتاڭ گەنسۇ، شەنشى تۇڭگانىيلىرىنىڭ ئىسيانىنى تىنچىتقاندا، ھېلىقى بۇ فامىلىلىك دېھقان چېرىكلىككە يېزىلىپ، زو زۇڭتاڭغا ئاتباقار بولدى. ئۇ جەڭلەردە پىداكارلىق كۆرسىتىپ، زو زۇڭتاڭنى بىرنەچچە قېتىم خەتەردىن ساقلاپ قالدى...

4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، جىيايۈگۈەن قوۋۇقىنىڭ ئالدىغا ھەربىي قىسىملار سەپ - راس تىزىلىپ كەتكەنىدى. بۈگۈن قەدىمدىن تارتىپ داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئادەت بويىچە قوۋۇقتىن چىقىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈۋاتقانىدى. بۇ مۇراسىمغا خان مۇپەتتىش زو زۇڭتاڭ ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلدى. ئۇ،

لیۇ جىڭتاڭ باشلىق ئالدىنقى سەپ قوشۇنلىرىنىڭ سەركەردىلىرىگە ئۆز قولى بىلەن شاراپ تۇتتى. شاراپ بىر قېتىم ئايلانغاندىن كېيىن، ئۇ قوۋۇق ئالدىغا تىكلەنگەن بىر قەدىمكى ئابىدىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، يېنىدىكى لیۇ جىڭتاڭدىن سورىدى:

— زۇڭتۇڭ داردىن! بۇ ئابىدىدىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسى نېمە؟

زۇڭدۇ دارىنغا مەلۇم بولغايكى، — دېدى جاۋابەن لیۇ جىڭتاڭ ئىككى قولى بىلەن هۆرمەت بىلدۈرۈپ تۇرۇپ، — ئابىدىدە: «قوۋۇقتىن چىققان ئون ئادەمدىن بىرىلا ساق يانىدۇ»① دەپ يېزىلىپتۇ ، بۇ «بارسا كەلمەس يول» دېگەنلىك بولىدۇ.

— بىلدىم! ئەمما، هازىرقى مەنىسىچۇ؟

........................

— بۇ سۆزنى، — دېدى زو زۇڭتاڭ ئۆچكە ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ، — «بۇ قوۋۇقتىن چىققان هەر ئون باهادىردىن توققۇزى غەربىي يۇرتتا يىلتىز تارتىپ چېگرا ساقلايدۇ. قالغان بىرى سەپتىن بوشاپ يۇرتىغا قايتىدۇ» دەپ چۈشەنسەك توغرا بولىدۇ. شۇنىڭدىلا، بۇ ئابىدىدىكى سۆزنىڭ چىن مەنىسىگە يەتكەن بولىمىز...

نەزمە:

ئۇرۇشلاردا زەپەر تاپار شاھ ئەگەر،
قورسىقى توق، خۇشال بولسا ئەسكىرى.
گەر يوق بولسا ۋاپا بىلەن ئىنتىزام،
ئۇرۇشلاردا جان تىكمەيدۇ هەر بىرى.

— شەيخ سەئدى

① «قوۋۇقتىن چىققان ئون ئادەمدىن بىرىلا ساق يانىدۇ» (十出还一) دەپ يېزىلغان بۇ ئابىدە هېلىمۇ جيايۈگۈەندىكى ئاشۇ ئورنىدا تۇرماقتا.

# ئون ئۈچىنچى باب

## كوروپاتكىن كورلىدا

> مەككارلىق ئوقىنى دوستلۇق
> ياسى بىلەن ئاتسا دەل تېگىدۇ.

مىلادى 1876 - يىلى 6 — 11 - ئايلار.

بۇنىڭدىن ئون سەككىز كۈن بۇرۇن ئوشتىن ① يولغا چىققان روسىيە ئەلچىلەر ئۆمىكى مىڭيول② قورۇلىنىڭ قورۇلبېگى ئەھمەتقۇلىنىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەرگە يېتىپ كەلدى.

بۇ ئەلچىلەر تاشكەنتتىكى گوبېرناتور مەھكىمىسىدىن يولغا چىقىپ 6 - ئاينىڭ باشلىرىدا ئوشقا يېتىپ كەلگەنىدى.

باش قىش بولغاچقىمۇ، كېچىچە توڭلاپ قېتىپ كەتكەن يەر چۈش بولغاندا، كۈننىڭ كۈچىسىز تەپتىدىن ئېرىشكە باشلاپ، يوللار پاتقاق، تېيىلغاق بولۇپ كېتەتتى. ئۇزۇن يول مېڭىپ ھارغان ئاتلار پاتقاقتا ھېلىدىن - ھېلىغا تېيىلىپ، مۈدۈرۈلۈپ، ئات ئۈستىدىكى يولۇچىنى چوڭقۇر خىيالدىن

---

① قىرغىزىستاندىكى بىر شەھەرنىڭ نامى. كوروپاتكىن بۇ يەرگە 6 - ئاينىڭ باشلىرىدا يېتىپ كەلگەنىدى.

② قەشقەر شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى قەدىمكى بىر قورۇلىنىڭ نامى.

ئۈيغىتىپ تاشلايتتى. ھارۋىدىكى يولۇچىلارمۇ بۆرە ۋە تىسىن تېرىلىرىدىن قىلىنغان كەڭ ياقىلىق سەنسەن جۇۋىلىرىغا تېخىمۇ چىڭ ئورىنىۋېلىپ، خىيال سۈرۈشۈپ كېتىۋاتاتتى. بىر قاغا يول بويىدىكى يەككە - يېگانە دوڭغاق جىگدىگە قونۇپ، قاناتلىرىنى يايدى - دە، جىگدىنىڭ شېخىدا بىر ئىرغاڭلىۋېتىپ، ئېچىنىشلىق ھالدا ئىككى قېتىم قاقىلدىۋەتكەندىن كېيىن جىمىپ قالدى ۋە خىيالغا چۆكتى. غەمكىن قىش مەنزىرىسىنىڭ تەسىرىدىن ھەممە چوڭقۇر خىيالغا غەرق بولغانىدى.

قىش كۈنلىرىنىڭ تۇتۇق بۇلۇتلىرى ئاسماندا قايغۇلۇق ھالدا بىر ياققا سۈرۈلمەكتە ئىدى. خىيالغا چۆككەن سوغۇق ھەم سۈزۈك ئاسمان ئارىلاپ - ئارىلاپ سوزۇلۇپ كېتىۋاتقان كۈل رەڭ بۇلۇتلارنىڭ ئاراشلىرىدىن تۆۋەنگە مارىلاپ قارايتتى. كەڭ زېمىن نەم ھاۋادا پاتقاق ھىدىغا چۆمگەنىدى. جاي - جايلاردىكى كەنتلەر، جىرالار، ئېگىز تاقىر تاغلار ۋە يىراقتا ئاقىرىپ كۆرۈنۈۋاتقان سۇۋادان تېرەكلەر خۇددى ئۆلۈكنىڭ چىرايىدەك تاتىرىپ كۆرۈنەتتى. دالادىكى كۆللەردە نېپىز مۇز تۇتقان بولۇپ، بۇ كۆللەر ئۆلۈكنىڭ كۆزىدەك پارقىراپ قالغانىدى.

پوۋىسكىدا ① ئولتۇرغان مىنىستىر ئەلچى، چارروسىيە ئارمىيىسى باش شتابىنىڭ پولكوۋنىكى ئالېكسېي نىكولايېۋىچ كوروپاتكىن مۇشۇ تاپتا چوڭقۇر خىيالغا چۆمگەن بولۇپ، پوۋىسكىنىڭ يېنىدا ئاتلىق كېتىۋاتقان ئەھمەتقۇلنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالمىدى. روسىيە ئەلچىلەر ئۆمىكى تاشكەنتتىن ئايرىلغاندا، تۈركىستان گوبېرناتورى②، گېنېرال كولپاكوۋىسكى جانابلىرى ئۆمەكنىڭ بارلىق ئەزالىرى شەرىپىگە ئۆزىتىش زىياپىتى بەرگەنىدى. ئۇ زىياپەتتە قەدەھ سۆزى سۆزلىدى.

① پوۋىسكا — تۆت چاقلىق رېسورلۇق مەپە.

② ئۆلكە باشلىقى، باش ۋالىي.

③ كولپاكوۋىسكى بۇ چاغدا تۈركىستانغا گوبېرناتور بولغانىدى.

— قەشقەر سودا مەركىزى بولۇش سۈپىتى بىلەن، — دېگەندى ئۇ، — چاكتو ①نى بېسىپ چۈشىدىغان ئۇرغۇن ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ سىياسىي جەھەتتە مەيلى روسىيە ئۈچۈن بولسۇن، مەيلى ئەنگلىيە ئۈچۈن بولسۇن، ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە بىر شەھەر ھېسابلىنىدۇ. چار پادىشاھ ئالېكساندىر II جانابىي ئالىيلىرىنىڭ دانا تەدبىرى بويىچە، بىزنىڭ بېيجىڭدىكى خارجى ئىشلار ۋەكىلىمىز بارون ۋرانگېل جانابلىرى مانجۇ ئىمپېراتورلۇقىنىڭ خارجى ئىشلار ۋەكىلى لى خۇڭجاڭ دارىن جانابلىرى بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەتتە ئورتاق تونۇشقا كەلگەچكە، ئىلى ۋەقەسى② ئوڭۇشلۇق بىر تەرەپ قىلىنىدى.

ئۇ سەل توختىۋېلىپ، ئاندىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— باش شتاب ئوفىتسېرى بارون، كاپىتان كولبارس③ باشچىلىقىدىكى روسىيە ۋەكىللەر ئۆمىكى قەشقەردە ئەمىر ئىسلام، ئاتالىق غازى بەدۆلەت جانابىي ئالىيلىرى

---

① چاكتو — روسىيىنىڭ يىراق شەرقىتىكى بىر شەھىرىنىڭ نامى.

② 1870 - يىلى قىشتا، بەدۆلەتنىڭ قوشۇنلىرى ئۈرۈمچىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ماناس ئەتراپلىرىغا بېسىپ كەلدى، بەدۆلەتنىڭ ئىلىدا ئەنگلىيە پەرەس ھۆكۈمرانلىق ئورنىتىشىدىن ئەنسىرىگەن چارروسىيە دەرھال ئىلىغا ئەسكەر چىقىرىش قارارىغا كەلدى. 1871 - يىلى 2 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ۋە 3 - ئاينىڭ 14 - كۈنى چاقىرىلغان ئىككى قېتىملىق ساراي يىغىنىدا، ئالېكساندىر II ئىلىغا ئەسكەر چىقىرىش توغرىسىدا رەسمىي يارلىق چۈشۈردى. شۇ يىلى 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى چارروسىيە قوشۇنلىرى ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ ئىلىغا ھۇجۇم قىلدى. 7 - ئاينىڭ باشلىرىدا، ئىلى سۇلتانلىقى ئۇرۇشتا يېڭىلىپ تەسلىم بولدى.

③ بارون، كاپىتان A·B كولبارس روسىيە ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ 1872 - يىلى 6 - ئايدا قەشقەرگە كەلگەندى.

بىلەن كۆرۈشكەندە، سودا كېلىشىمى① ئىمزالاشقا مۇۋەپپەق بولغان بولسىمۇ، ئەپسۇس، «ئاۋۋال چىققان قۇلاقتىن كېيىن چىققان مۈڭگۈز ئېشىپ كېتىپتۇ» دېگەندەك، ئىنگلىزلار

① چارروسىيە ۋەكىلى بارون، كاپىتان كولبارس 1872 - يىلى 6 - ئايدا قەشقەرگە كەلگەندە، ئالدىن تەييارلانغان روسىيە - قەشقەرىيە شەرتنامىسى:
ئەركىن سودىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان تۆۋەندىكى ماددىلارنى ياساۋۇل گېنېرال، فون. كائۇفمان جانابلىرى بىلەن يەتتە شەھەرنىڭ ئەمىر ئىسلامى بەدۆلەت جانابىي ئالىيلىرى بىرلىكتە ئوتتۇرىغا قويغان ۋە بىردەك ماقۇل كۆرگەن.

بىرىنچى بۆلۈم

بارلىق روسىيە پۇقرالىرى دىنىي ئېتىقادىنىڭ مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، يەتتە شەھەر پۇقرالىرىنىڭ تا بوگۈنگە قەدەر ۋە بۈنىڭدىن كېيىنمۇ روسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ پۈتۈن دائىرىسى ئىچىدە سودا - تىجارەت قىلىشقا ھوقۇقلۇق بولغىنىغا ئوخشاش، يەتتە شەھەرگە بېرىپ تىجارەت قىلىشقا ھەمدە يەتتە شەھەر پادىشاھىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايون ۋە شەھەر - بازارلاردىن ئۆزلىرى زىيارەت قىلىشنى خالىغان جايلارغا بېرىشقا ھوقۇقلۇق. يەتتە شەھەرنىڭ ئەمىر ئىسلامى بەدۆلەت جانابىي ئالىيلىرى ئۆز زېمىنى دائىرىسى ئىچىدە روسىيە پۇقرالىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە، ئۇلارنىڭ سودا كارۋانلىرى ۋە بارلىق تەئەللۇقاتلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە پۈتۈنلەي كاپالەتلىك قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى قوغداشقا مەسئۇل بولىدۇ.

ئىككىنچى بۆلۈم

روسىيە سودىگەرلىرى يەتتە شەھەرنىڭ سودا سارايلىرى بار شەھەر ۋە بازارلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئۆزلىرىنىڭ ماللىرىنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن كارۋان سارايلىرىنى ئۆزىچە ئىگىلەشكە ھوقۇقلۇق. يەتتە شەھەرلىك سودىگەرلەرمۇ روسىيىنىڭ يېزا - قىشلاقلىرىدا شۇنداق قىلىشقا ھوقۇقلۇق.

كېيىن قەشقەردە بىزنى بىسىپ چۈشتى. بىز قەشقەر تەۋەسىدە كېيىمىز گەپ بولىدىغان ۋەزىيەتنى دەرھال ۋۇجۇدقا چىقارمايدىغان بولساق، ئەمدى كېچىكىپ قالىمىز.» پوۋۇسكا قەشقەرنىڭ كاتاك يوللىرىدا ئاستا چايقىلىپ كېتىپ باراتتى. ئۇ، كولپاكوۋىسكىنىڭ سۆزلىرىنى ئويلاپ كېتىۋېتىپ.

---

## ئۈچىنچى بۆلۈم

روسىيە سودىگەرلىرى ئەگەر لازىم تاپسا، يەتتە شەھەرنىڭ ھەممە شەھەر - بازارلىرىدا ۋەكالەتچى (ئاقساقال) قويۇشقا ھوقۇقلۇق. ئاقساقالنىڭ ۋەزىپىسى — دائىمىي بازارلاردىن خەۋەر ئېلىش ۋە قانۇنلۇق گۇمرۇك بېجى ئېلىش. يەتتە شەھەرلىك سودىگەرلەرمۇ تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى بازارلىرىدا ئەنە شۇنداق ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولىدۇ.

## تۆتىنچى بۆلۈم

روسىيەدىن يەتتە شەھەرگە توشۇپ كېلىنگەن ياكى يەتتە شەھەردىن روسىيەگە توشۇپ بېرىلگەن بارلىق تاۋارلاردىن باھاسىغا قاراپ 2.5% باج ئېلىنىدۇ. ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا، بۇنداق باج يەتتە شەھەر تەۋەسىدىكى مۇسۇلمانلار تاپشۇرىدىغان باجنىڭ نىسبىتىدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ.

## بەشىنچى بۆلۈم

روسىيە سودىگەرلىرى ۋە سودا كارۋانلىرىنىڭ ئەركىنلىكى ۋە بىخەتەرلىكى تولۇق تەمىن ئېتىلىدۇ. ئۇلار يەتتە شەھەر زېمىنى ئارقىلىق يەتتە شەھەر بىلەن چېگرىداش مەملىكەتلەرگە ئىختىيارىي بېرىپ كېلەلەيدۇ. يەتتە شەھەردىن كەلگەن سودا كارۋانلىرىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئوڭايلىقتىن بەھرىمەن بولىدۇ، روسىيەگە تەۋە بولغان زېمىندىن ئۆتەلەيدۇ.

يۇقىرىقى شەرتنامە 1872 - يىل 4 - ئاينىڭ و - كۈنى تاشكەنتتىن ئەۋەتىلدى.

تۈركىستان باش ۋالىيسى گېنېرال فون. كائۇفمان جانابلىرى بۇ شەرتنامىگە ئىمزا قويدى ۋە مۆھۈرنى باستى.

«تايمس» گېزىتىنىڭ 1875 - يىلى 6 - ئايدىكى بىر سانىدا سىر. هېنرىي راۋلىنسونىنىڭ مۇنداق دەپ يازغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى:

«...ئەگەر روسىيە قورال كۈچى بىلەن ۋە ياكى يەرلىك هۆكۈمرانلارنىڭ ئىلتىماسىغا بىنائەن، شەرقىي تۈركىستان① دا دومىنئون قۇرسا — مەسىلەن، پەرغانىدىكى هەرقايسى خانلىقلاردا قۇرغان دومىنئونلىرىغا ئوخشاش — هەمدە تىبەت ۋە ۋاهان ئارقىلىق ئايرىم - ئايرىم هالدا كەشمىر ۋە كابۇل② بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىۋالسا، ئۇ هالدا، شەك - شۈبھىسىزكى، دۆلىتىمىزگە نىسبەتەن ئىنتايىن زىيانلىق ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ بېرىدۇ. بىز ئىشنى سودا مۇناسىۋىتى جەھەتتە ئويلاشمىغان تەقدىردىمۇ، دۆلىتىمىزنىڭ ئۇ يەردىكى باشقا مەنپەئەتلىرىنى نەزەردە تۇتۇشىمىز كېرەك، بۇ مەنپەئەت شەك - شۈبھىسىزكى، ئەمىر ئىسلامنىڭ مۇستەقىل هاكىمىيىتىنىڭ داۋاملىق ساقلىنىپ تۇرۇشىغا باغلىق بولۇپ قالدى...»

«تايمس» گېزىتى ئەنگلىيە پادىشاهلىق زوراۋانلىق مەھكىمىسىنىڭ كۆز قارىشىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان

---

يەتتە شەھەر ئەمىر ئىسلامى ئاتالىق غازى بەدۆلەت مۇھەممەت ياقۇپ بەگ جانابىي ئالىيلىرى ئۆزىنىڭ بۇ شەرتنامىگە قوشۇلغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، تارىخىي هىجرىيىنىڭ 1289 - يىلى ماهىي رەجەپىنىڭ 24 - كۈنى (1872 - يىل 6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى) يېڭىساردا بۇ شەرتنامىگە ئۆز مۆھۈرىنى باستى.

بۇ شەرتنامە تۆرە كولباۋىسنىڭ ۋاستىچىلىكى بىلەن تۈزۈلدى.

① شىنجاڭنى دېمەكچى.

② كەشمىر بىلەن ئافغانىستان شۇ مەزگىللەردە ئەنگلىيىنىڭ دومىنئونلىرى ئىدى.

گېزىت ئىدى.

خىيال بىلەن بولۇپ كەتكەن كوروپاتكىن يېنىدا ئاتلىق كېتىۋاتقان ئەھمەتقۇلىنىڭ «ئەنە قەشقەر!» دېگىنىنى ئاڭلىماي «نېمە دەيسەن؟» دېگەندەك قىلىپ، ئۇنىڭغا تەئەججۇپلىنىپ قاراپ قالدى.

— جانابىي مىنىستىر ئەلچى، قەشقەرگە كەلدۇق! قايىلىسىلا، ئەنە ئاۋۇ پارقىراپ تۇرغان گۈمبەز ھەزرىتى ئاپپاق خوجىنىڭ مازارگاھى بولىدۇ،— دەپ زوق - شوخ بىلەن سۆزلەپ كەتتى ئۇ.

ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ تەرجىمانى سونارگولوۋ ئۇنىڭ سۆزىنى كوروپاتكىنغا تەرجىمە قىلىپ بەرگەندىن كېيىنلا، ئاندىن ئۇ ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشەنگەندەك قىلىپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى...

ئۇلار قەشقەر شەھىرىگە كېلىپ تاكى 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە، بەدۆلەتنىڭ رۇخسىتىنى كۈتۈپ تۇرۇشتى. بۇ چاغدا بەدۆلەت كورلىدا ئىدى.

ئەلچىلەر ئۆمىكى قەشقەردە تۇرغان دەسلەپكى ئۈچ كۈندە، ئۇلارنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرى بەگقۇلىبەگ تەرىپىدىن ئۈزلۈكسىز تەقىپ قىلىندى. كېيىن، بۇنداق تەقىپ نىمىشقىدۇر ئۈزلۈكىدىن بوشاپ، ئەركىن - ئازادە ھەرىكەت قىلىشقا رۇخسەت قىلىندى. 12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى بەدۆلەتتىن «جانابىي ئەلچى تۆرىنى ھەمراھلىرى بىلەن قوشۇپ كورلىغا ئېلىپ كېلىڭلار!» دېگەن پەرمان كەلدى. شۇنداق قىلىپ، روسىيە ئەلچىلەر ئۆمىكى يەنە يولغا چىقىپ، 1877 - يىل 1 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئىككىنچى دارۇ سەلتەنەت — كورلا شەھىرىگە يېتىپ كەلدى.

بەدۆلەت كورلىدا قەلئە ياساتقانىدى. بۇ قەلئە تۆت چاسا، ئىككى قوۋۇقلۇق قەلئە ئىدى. قوۋۇقلارنىڭ بىرى تاغ

تەرەپتە بولۇپ، باشئەگىم دەرۋازىسى دەپ ئاتىلاتتى؛ يەنە بىرى تۆۋەنكى تەرەپتە بولۇپ، تۆۋەنكى دەرۋازا دەپ ئاتىلاتتى. بۇ ئىككى قوۋۇق ئارىسىدا تۈز بىر كوچا بولۇپ سېپىل ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن بىرمىڭ يەتتە يۈز ئون چامدام كېلەتتى. شەھەر ئىچىدە دۇكانلار كۆپ ئىدى. قەلئە بۇنىڭدىن بىر نەچچە يىل ئىلگىرى سوقۇلغان بىر سېپىل بىلەن ئىھاتە قىلىنغان بولۇپ، سېپىل ناھايىتى نېپىز بولغانلىقى ئۈستىگە، يان تەرەپتىن مۇداپىئەلىنىدىغان ئەسلىھەلىرىمۇ يوق دېيەرلىك ئىدى. سېپىلنىڭ ئومۇمىي ئايلانمىسى تۆت چاقىرىم كېلەتتى. شەھەرنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىگە ئۈچ چاقىرىم كېلىدىغان يەردە بىر قورغان بولۇپ، شەكلى تۆت چاسا ئىدى. بۇ قورغانمۇ ئەتراپىدىن سېپىل بىلەن ئىھاتە قىلىنغان، ھەر بىر تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن ئۈچ يۈز چامدامدىن كېلەتتى، تۆت بۇرجىكىدە خوختىلىرى بار ئىدى. سېپىلنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن ئۈچ غۇلاچ كېلەتتى. قورغاننىڭ شەھەر تەرەپكە قارايدىغان بىرلا دەرۋازىسى بار ئىدى. قورغاندا جەمئىي بەش دەستە ئەسكەر تۇراتتى، ئۈچ زەمبىرەك بار ئىدى.

كورلىدىن ئون ئىككى چاقىرىم يىراقلىقتا — شەرقىي - شىمال تەرەپتە — توپتېرەك دەپ ئاتىلىدىغان جايدا قورۇق قورغىنى بار ئىدى. بۇ قورغاننىڭ ئىككى دەرۋازىسى بولۇپ، ئارىلىقى يۈز چامدام كېلەتتى. قورغاننىڭ ئومۇمىي ئايلانمىسى تەخمىنەن تۆت يۈز چامدام ئىدى. قورغان ئىچىدە ئەسكەرلەر ياتىدىغان ئۆيلەر بار ئىدى. دەرياغا تەخمىنەن ئوتتۇز چامدام ئۇزۇنلۇقتا بىر كۆۋرۈك سېلىنغان بولۇپ، قارشى قىرغاققا مۇشۇ كۆۋرۈك بىلەنلا ئۆتكىلى بولاتتى. قورغاندا باشئەگمنى قوغدايدىغان ئالتە يۈزدەك ئەسكەر بار ئىدى. ئۇلارغا شىر-مۇھەممەت پەنساد دېگەن كىشى باشچىلىق قىلاتتى.

روسىيە ئەلچىلىرى كورلا شەھىرىگە يېتىپ كېلىپلا،

ئىككىنچى كۈنى بەدۆلەت ئۇلارنى قوبۇل قىلدى.

— بەدۆلەت جانابىي ئالىيلىرى، بىزلەر بولساق جانابىي ئالىيلىرىنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىپ، كەڭ زېمىنلىرىدا تۇنجى قېتىم مۇشۇنداق ئۇزاق سەپەر قىلىشقا مۇيەسسەر بولغان رۇسلاردۇرمىز، — دېدى روسىيە ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى، مىنىستىر ئەلچى پولكوۋنىك كوروپاتكىن بەدۆلەتنىڭ ئۆمەك شەرىپىگە بەرگەن كۈتۈۋېلىش زىياپىتىدە، — بەدۆلەت جانابىي ئالىيلىرىنىڭ خىزمەتچىلىرى سەپىرىمىزنى ئاسانلاشتۇرۇش يۈزىسىدىن، بىزگە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە قولايلىق شارائىت يارىتىپ بەردى. بۇنىڭ ئۈچۈن، مەن تۈركىستان گوبېرناتورى، گېنېرال كولپاكوۋسكى، نامىدىن جانابىي ئالىيلىرىغا ئېھتىرام بىلدۈرىمەن ۋە كۆپتىن - كۆپ تەشەككۈر ئېيتىمەن!

سونارگولوۋ كوروپاتكىننىڭ سۆزىنى ئۇدۇللۇق تەرجىمە قىلىپ بەردى. بەدۆلەت ئۆزىنىڭ چۈشەنگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، بېشىنى ھەدەپ لىڭشىتىپ ئولتۇراتتى.

— سىلەر بىزنىڭ ئەزىز مېھمانلىرىمىز، — دېدى بەدۆلەت جاۋابەن سۆز قىلىپ، — بىز قۇدرەتلىك يېرىم پادىشاھ، تۈركىستان گوبېرناتورى گېنېرال كولپاكوۋسكى جانابلىرى بىلەن بولغان دوستلۇقىمىزنى چىڭىتىشنىلا ئۈمىد قىلىمىز. چۈنكى، بىز ناتىۋان بىر ئادەممىز، شۇڭا، سىلەرنىڭ ياردىمىڭلارغا موھتاجمىز.

بەدۆلەتنىڭ سۆزىنى ئۇنىڭ خارجى ئىشلار ئەمەلدارلىرىدىن بىرى بولغان زامانخان ئەپەندى رۇسچىغا تەرجىمە قىلىپ بەردى.

— بىز قەشقەردىن كورلىغىچە بولغان بۇ ئۇزاق سەپىرىمىزدە، — دېدى كوروپاتكىن، — مۇنبەت يۇرتلارنى، ئۈنۈمسىز چۆل - باياۋانلارنى بېسىپ ئۆتتۇق، كىشىلەر

بىلەن ئۇچراشتۇق. بەدۆلەت جانابىي ئالىيلىرىنىڭ سەلتەنىتى ئاستىدىكى پۇقرالارنىڭ ياۋاش - مۆمىن ئىكەنلىكىنى كۆردۇق. شۇنىڭغا تېخىمۇ چوڭقۇر ئىشەندۇقكى، بەدۆلەت جانابىي ئالىيلىرى قۇدرەتلىك بىر ئەلنى قۇرۇپ چىقىپلا قالماي، بەلكى، ئۇنى دانالىق بىلەن ئىدارە قىلىدىغان كۈچ - قۇدرەتكىمۇ ئىگە ئىكەن.

زىياپەتنىڭ ئاخىرىدا، كوروپاتكىن روسىيە ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ بۇ قېتىم قەشقەرگە كېلىشىدىكى مەقسىتىنىڭ بۇ يەردىكى خەلق بىلەن روسىيە خەلقى ئوتتۇرىسىدا ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان سەمىمىي دوستلۇقنى تېخىمۇ كۈچەيتىش ئىكەنلىكىنى قايتا - قايتا ئىزھار قىلدى.

بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، بەدۆلەتنىڭ خارجى ئىشلار ۋەكىلى زامانخان ئەپەندى روسىيە ئەلچىلىرى چۈشكەن مېھمانخانىغا كەلدى. ئۇ بەدۆلەتنىڭ تاپشۇرۇقىغا ئاساسەن روسىيە ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەتلىشىشكە باشلىدى.

1877 - يىل 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، زامانخان ئەپەندى كوروپاتكىنغا بەدۆلەتنىڭ نامازشامدىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن خۇسۇسىي سۆھبەتلىشىشنى خالايدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. بەدۆلەت ئادەتتە، ئاخشىمى تولىمۇ خۇش كەيىپ بولاتتى. شۇڭا، ئۇ ئەڭ يېقىن، ئەڭ قەدىرلىك دەپ تونۇغان مېھمانلىرىنىلا نامازشامدىن كېيىن قوبۇل قىلاتتى.

كوروپاتكىن بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا سونارگولوۋنى ئېلىپ بەدۆلەتنىڭ ھۇزۇرىغا يېتىپ كەلدى. بەدۆلەت ئۇنى خۇددى بىرىنچى قېتىمدىكىدەكلا قىزغىن كۈتۈۋالدى. ئۇ مېھمانلارنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ روسىيە تەرەپنىڭ چېگرىسىنى بېكىتىش ھەققىدىكى پىكرىنى ئاڭلاپ بېقىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

— مېنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرىمنىڭ ئاساسىي مەقسىتى،—

دېدى كوروپاتكىن، — پادىشاھلىقىمىز بىلەن بەدۆلەت جانابىي ئالىيلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنى تېخىمۇ چىڭىتىش، مۇشۇ مەقسەتكە بىنائەن، روسىيىنىڭ ھازىرقى پەرغانە ئۆلكىسى بىلەن بەدۆلەت جانابىي ئالىيلىرىنىڭ تەسەررۇپىدىكى زېمىنىنىڭ چېگرىلىرىنىڭ ئاساسىي ئايرىلىش نۇقتىلىرىنى بەلگىلەپ چىقساقمىكىن دەپ قارايمەن.

— مىنىستىر ئەلچى جانابلىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى ئېنىق كۆز قارىشىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىلگۈم كېلىدۇ. مالال كۆرمىسىڭىز دەپ باققان بولسىڭىز؟

— تۈركىستان گوبېرناتورى، گېنېرال كولپاكوۋسكى جانابلىرى مېنى جانابىي ئالىيلىرىنىڭ ھۇزۇرىغا ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىدىغان چاغدىلا، بۇ چېگرىلارنىڭ كېسىپ ئۆتىدىغان مەلۇم نۇقتىلىرىنى ماڭا كۆرسىتىپ بەرگەنىدى. مۇبادا، بەدۆلەت جانابىي ئالىيلىرى تۈركىستان گوبېرناتورىنىڭ ئارزۇسى بويىچە چېگرا سىزىقىنى قوبۇل قىلىشنى خالىسا، بۇ ئەمىر ئەسلام، ئاتالىق غازى بەدۆلەت جانابىي ئالىيلىرىنىڭ قۇدرەتلىك روسىيە بىلەن بولغان ئىناق قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىشنى خالايدىغانلىقىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك دەلىلى بولۇپ قالغۇسى.

— بۇ زېمىن بىزگە ئەجدادلىرىمىزدىن مىراس قالغان. ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ تەقدىرىمۇ بەندىنىڭ تەقدىرىگە ئوخشاش خۇدانىڭ ئىرادىسى بويىچە بولىدۇ، — دېدى بەدۆلەت پىيالىدىكى پۇراقلىق لۆڭجىڭ چېيىنى بىر ئوتلىۋالغاندىن كېيىن، — بەزى ھۆكۈمرانلار ئۆز دۆلىتىنى دانالىق بىلەن ئىدارە قىلغانلىقتىن، ئۆز دۆلىتىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى نامايان قىلالىدى ۋە ئۆز دۆلىتىنىڭ زېمىنىنى كېڭەيتەلىدى. بەزى ھۆكۈمرانلار بولسا، ئۆزلىرىدىكى بىرمۇنچە نۇقسانلار تۈپەيلىدىن، بۇنداق

كۆچ - قۇدرەتتىن مەھرۇم بولۇپ، ئاتا - بوۋىلىرى ۋە ئەجدادلىرىنىڭ بىرقانچە ئەسىرلەردىن بۇيان قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنىمۇ قولدىن بېرىپ قويدى.

— جانابىي ئالىيلىرى، ناھايىتى ھەق گەپ قىلدىلا. قوقان بۇنىڭدىن ئون ئۈچ يىل ئىلگىرىلا، پۈتۈن ماۋەرەئۈننەھىر①دە ئەڭ قۇدرەتلىك بىر دۆلەت ئىدى. ئۇنىڭ چېگراسى غەربتە چىمكەنت شەھىرىگە، شەرقتە قۇرتقا قورغىنىغا، جەنۇبتا قەشقەر تۇزلەڭلىكىگە چىققىلى بولىدىغان تاغ تىزمىلىرىغا تۇتىشاتتى، قوغۇشۇن كېنى② بىلەن تاشقورغان ئۇنىڭ چېگرىسىدىكى ئالدىنقى سەپ قاراۋۇلخانىلىرى بولۇپ ھېسابلىناتتى.

— ئەچكى نىزا ۋە خۇدايارخاننىڭ لىگتاسىملىقى تۈپەيلىدىن، دەسلەپتە بۇ دۆلەتنىڭ بەزىبىر شەھەرلىرى قولدىن كەتتى. ئارقىدىن ئەسلىدىن تارتىپلا قوقان خانلىقىغا تەۋە بولۇپ كېلىۋاتقان پۈتكۈل پەرغانە ۋادىسى ئاق پادىشاھنىڭ ئىمپېرىيىسىگە قوشۇۋېلىندى،— دېدى بەدۆلەت ئىستىھزا بىلەن.

— بەدۆلەت جانابىي ئالىيلىرىنىڭ پەرمانىغا بىنائەن يېڭىدىن قۇرۇلغان ئوقسالۇر③، مەشرەپ④، ئۇلۇغچات⑤، ناغرا چالدى⑥، جىغىن⑦ ۋە ئەركەشتام⑧ قاتارلىق قورۇللار ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، قەشقەردىن ئوشقا بارىدىغان يولنى بويلاپ نۇرنىڭ تەبىئىي چېگرىسىغىچە كېڭەيدى. شۇنىڭدەك يەنە، ئۆزكەنت شەھىرىگە بارىدىغان يولنى بويلاپ، ئالايغۇ ۋادىسىدىكى ئويتالنىڭ تەبىئىي چېگرىسىغىچە بېرىپ يەتتى،— دېدى كوروپاتكىن.

① تارىخىي جۇغراپىيەۋى يەر نامى. ئادەتتە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سىر دەرياسى بىلەن ئامۇ دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدىكى يەرلەرنى كۆرسىتىدۇ.

②، ③، ④، ⑤، ⑥، ⑦، ⑧ يەر ناملىرى. جۇڭگو چېگرىسى ئىچىدە، ھازىرقى ئۇلۇغچات ناھىيىسىگە قارايدۇ.

— روسىيە ھۆكۈمىتىمۇ بوش كەلگىنى يوققۇ؟ مىنىستىر ئەلچى جانابلىرى، — دېدى بەدۆلەت. — قوقان خانلىقىنى ئىشغال قىلىۋالدىڭلار، ئۇنىڭدىن تاشقىرى، ئۆزۈڭلار ئىگىلەش زۆرۈر دەپ ھېسابلىغان تاغلىق جايلارنىڭ ھەممىسىگە ئىچكىرىلەپ كىرىۋالدىڭلار. ئىسپارا①، ئۇچقۇر②، غۇلجا، چېلەك③ ۋە ياركەنت④ قاتارلىق جايلارنىمۇ ئىشغال قىلىۋالدىڭلارغۇ؟ پۇقرالىرىمىز بۇرۇندا ئەنجانغا ئۇدۇل بېرىپ — ئۇدۇل قايتىپ كېلەلەيتتى. ھالا بۈگۈنكى كۈندە، زاستاپىلىرىڭلاردىكى سولداتلىرىڭلار تەرىپىدىن توسۇلۇپ قېلىپ، بارغانلار قايتالمايۋاتىدۇ، كەلگەنلەر كېتەلمەيۋاتىدۇ......

— بىزنىڭ چېگرىمىز سىزنىڭ پۇقرالىرىڭىزغا ھەرقاچان ئوچۇق. ئادەملىرىڭىز بىمالال بېرىپ - كەلسە بولۇۋېرىدۇ.

— سۆزۈمگە ئىشەنمەيسىزمۇ؟ — دەپ ئىستىھزا بىلەن كۈلدى بەدۆلەت. — تېخى يېقىندىلا يۈز بەرگەن بىر ۋەقەنى سىزگە ھېكايە قىلىپ بېرىشىمىز مۇمكىن.

— قېنى، مەرھەمەت! قۇلىقىم سىزدە...

— بىزدىن ئىمىرھەمزە ئىسىملىك بىر سودىگەر ئەنجانغا بارغىنىكەن، ئۇ يەردىن رۇس يېرىگە بېرىپتۇ. ئۇ چاغدا، رۇسلار بىلەن پەرغانە ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولۇۋاتقانىكەن. ئۇ قەشقەرگە قايتىپ كەتمەكچى بولۇپ يولغا چىقىپتۇ. چېگرىدىغا كەلگەندە زاستاپىتىكى رۇس سولداتى ئۇنى توسۇپ قويۇپ چېگرىدىن ئۆتكىلى قويماپتۇ. ئۇ ئۇنى دەپ - بۇنى دەپ، ھېلىقى رۇس سولداتىنى زادىلا قايىل قىلالماپتۇ. سولدات: «ئەگەر چېگرىدىن ئۆتۈپ ئۆز يۇرتۇڭغا كەتمەن دېسەڭ، ئالدى بىلەن ئانكىت تولدۇرىسەن. ئانكىتنى ناچالنىكىمىز تەستىقلىغاندىن كېيىن، ئاندىن سېنى قويۇپ بېرىمىز» دەپتۇ — دە، بىر پارچە ئانكىتنى

①، ②، ③، ④ — يەر ناملىرى. ھازىر قازاقىستان چېگرىسى ئىچىدە.

قولىغا ئېلىپ ھېلىقى ئىمىر ھەمزە دېگەن كىشىدىن سوراپتۇ:

— نو! ئىسىم؟

— ئىسمىم مىر مىرەمىزى مىرزاشاھ ئابدۇ كاششاپ يارمۇھەممەت قۇل خوجا،— دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئۇ.

سولدات يەنە:

— نو! فامىلەڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. ھېلىقى كىشى چىرايىنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ:

— فامىلەم مىرزا ساتتار مەترېھىم ئابدۇ شاگىيۇ ئەمىردىن مەمەت ئەيسا خان خوجا،— دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. رۇس سولداتنىڭ ئىمانى ئۇچۇپ:

— نو، يېبېتتۋايمات، بۇ كايدا پاتادى؟ بارسا كېرەك، كەتسە كېرەك!— دەپ ئىمىرھەمزىنى قويۇپ بېرىپتۇ. بىز كولبارس تۆرە بىلەن سودا كېلىشىمى تۈزۈشكەندە، ئىككى ئەل پۇقرالىرى ئەركىن - ئازادە بېرىپ كېلىشىدۇ، دەپ كېلىشكەندۇق. بۇ جانابىي مىنىستىر ئەلچىنىڭ ئېسىدە بولسا كېرەك؟

— چېگرىنىڭ قاتتىق قامال قىلىنىشى تامامەن باسمىچىلارنىڭ تىنچ پۇقرالارنى پاراكەندە قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن بولۇۋاتقان ئىش،— دېدى ئالدىراپ - تېنەپ كوروپاتكىن،— تۈركىستان گوبېرناتورى ئۆزىنىڭ تەسەررۇپىدىكى پەرغانە ئۆلكىسىدىكى روسىيە ئاھالىسىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تىنچلىقى ئۈچۈن، بىز ئىككى تەرەپنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا لىنىيىسىنىڭ بەزى ئاساسىي نۇقتىلىرىنى تۆۋەندىكىچە ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە بەدۆلەت جانابىي ئالىيلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىشنى خالايدۇ: بۇ چېگرا لىنىيىسى سۆگەك تاغ ئېغىزى① دىن باشلىنىپ،

① جۇڭگو بىلەن قىرغىزىستان ئوتتۇرىسىدىكى تاغ ئېغىزى، ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ تويۇن يېزىسى تەۋەسىدە.

ئۇلۇغچات قورغىنى① ئارقىلىق مالتابار تېغى② بىلەن ئۆتۈشى كېرەك. سۆڭەك تاغ ئېغىزى چىمكەنت بىلەن جانابىي ئالىيلىرىنىڭ زېمىنى ئوتتۇرىسىدىكى چېگرىنىڭ غەربىي - جەنۇبىدىكى ئەڭ ئاخىرقى نۇقتىسى بولۇشى شەرت. شۇنداق بولىدىكەن، ئۇ ھالدا ئۇلۇغچات قورغىنى، ناغرا چالدى، جىغىن ۋە ئەركەشتام قاتارلىق قورۇللارنىڭ ھەممىسى روسىيىگە تاپشۇرۇپ بېرىلىشى لازىم...

كوروپاتكىن ئۇلۇغچات بىلەن مالتا بارنى بۇنىڭدىن كېيىنكى چېگرا نۇقتىسى قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويغانىدا، بەدۆلەت خۇددى تىكەندە ئولتۇرۇۋالغاندەك ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى. ئەمما، تاكى كوروپاتكىننىڭ سۆزى تۈگىگەنگە قەدەر ئۆزىنى قاتتىق بېسىۋېلىپ پاراڭ قىلمىدى. ئاندىن ئۇ ئېيتقان جايلارنى روسىيىگە ھەرگىزمۇ ئۆتكۈزۈپ بەرمەيدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ بۇ چېگرا نۇقتىلىرىغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقى بارلىقىنى ئەپچىللىك بىلەن ئوتتۇرىغا قويدى ۋە زامانخان ئەپەندىگە كوروپاتكىننى كۆرسىتىپ تولىمۇ ھاياجانلانغان ھالدا:

— ئۇ مېنىڭ ناغرا چالدى بىلەن ئۇلۇغچاتنى روسىيىگە بېرىۋېتىشىمنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. بۇ ھازىرقى چېگرىنى بىزنىڭ تەۋەيىمىزنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ تۆت يۈز چاقىرىم كەڭلىكتە سوزىمىز دېگەن گەپ! نەدىمۇ ئۇنداق ئاسان ئىش بار ئىكەن؟ مەن روسىيىنىڭ بۇ يولسىز زېمىن تەلىپىنى قەتئىي رەت قىلىمەن! ئۇ زېمىن بىزگە ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن مىراس قالغان! — دېدى.

سۆھبەت شۇنىڭ بىلەن ئاياغلاشتى.

كوروپاتكىن ئۇلۇغچات قورغىنى بىلەن باشقا قورۇللارنى روسىيە تەرەپكە ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تارتىنمايلا تەلەپ قىلغانىدا،

① كونا ئۇلۇغچات كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

② مالتابار تېغى جۇڭگو بىلەن تاجىكىستاننىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 6346 مېتىر ئېگىز كېلىدۇ.

مۇنداق ئىككى ئامىلنى ئاساس قىلغانىدى: بىرىنچىدىن، روسىيە ئەلچىلەر ئۆمىكىدىكىلەر ئىككىنچى دارۇ سەلتەنەت — كورلا شەھىرىگە يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى، بەدۆلەتنىڭ تولىمۇ تەس كۈنگە قالغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىشقانىدى. چۈنكى، بەدۆلەت ئۆز ئارمىيىسىنىڭ ۋە پۇقرالىرىنىڭ بۇرۇنقىدەك قىزغىن قوللىشىدىن مەھرۇم بولۇپ قېلىۋاتقانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بەدۆلەتنىڭ خەزىنە ئىمارىتىمۇ كىرىم چىقىمنى قاپلىيالماي، قۇرۇقدىلىنىپ قېلىۋاتقانىدى؛ ئىككىنچىدىن، مانجۇ خاقانلىقى بىلەن بەدۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى يۈز بېرىش ئالدىدا تۇرغان ئۇرۇشتا، ئاخىرقى ھېساپتا، قايسى تەرەپنىڭ يېڭىپ چىقىدىغانلىقى ھازىرچە تېخى مەلۇم ئەمەس ئىدى. شۇڭا، بەدۆلەتنىڭ روسىيىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلغانلىقىغا كوروپاتكىن ئانچە خاپا بولۇپمۇ كەتمىدى. ئۇنىڭچە بولغاندا، بۇ چېگرا لىنىيىسى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا بەكمۇ ئالدىراپ كېتىش ھاجەتسىز ئىدى...

2 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، زامانخان ئەپەندى مىنىستىر ئەلچى كوروپاتكىنغا بەدۆلەتنىڭ ئۇلارنىڭ ھەربىي قوشۇنلارنىڭ مەشقىنى كۆرۈپ باقساق، دېگەن تەلىپىنى ماقۇل كۆرگەنلىكىنى ئۇقتۇردى. ھەربىي مەشق تۆۋەنكى دەرۋازىنىڭ سىرتىدا، كۆنچى دەرياسىنىڭ بويىدىكى توقايلىقتا ئۆتكۈزۈلدى.

شەھەرنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى قورغاندىن ھەربىي ئورکېستىرنىڭ مۇزىكا ساداسى ئىچىدە بەدۆلەتنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر قىسمى — «ئاۋغان دەستىسى» چىقىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ كىيىملىرىمۇ ئاۋغانچە بولۇپ، ئاتلىرىنىڭ رەڭگىگە ئاساسەن، ئاق دەستە، قۇلا دەستە، تورۇق دەستە دېگەن بۆلەكلەرگە بۆلۈنەتتى. ئۇلارنىڭ كىيىملىرىنى ھەربىي فورمىغا ئوخشايدۇ دېگەندىن كۆرە، تولاراق سېرىك ئويۇندىكى ئات ئويۇنى قىلىدىغانلارنىڭ كىيىملىرىگە ئوخشايدۇ، دېسە توغرا بولاتتى. بۇلار دائىم قورغاندا تۇراتتى. بەدۆلەت قەيەرگە بارسا، ئۇنىڭ قاراگاھىنىڭ يېنىدا

ئاۋغان دەستىسىگە ئاتاپ قورغان ياسىلاتتى. ئۇلارغا قورغاندىن چىقىش قەتئىي مەنئى قىلىنغانىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى يىگىرمە بەش - يىگىرمە ئالتە ياشلاردىكى يىگىتلەر ئىدى.

بۇ قېتىمقى ھەربىي مەشقتە، ئۈچ مىڭدەك سەرۋاز چوڭ چاسا سەپ شەكلىدە تىزىلدى. سەپنىڭ مەركىزىدە، سەككىز دانە ئارقىدىن ئوقلىنىدىغان توپ بىلەن قوراللانغان سەككىز سەرۋازلار سۆتىنىسى تۇراتتى. ئۇلارغا جامەدار پەرۋانىچى ئىسىملىك بىر ئاۋغان قوماندانلىق قىلاتتى. سەرۋازلار بەللىرىگە كەڭ چەم كەمەر باغلىغان، بۇ كەمەرلىرىگە ئوق - دورا ۋە پىستان خالتىلىرىنى ئېسىۋالغانىدى. ئۇلارنىڭ تېرە شالۇۋۇرلىرى تولىمۇ كونىراپ كەتكەنىدى، ئۇلار نەيزىلىك بەشئاتار ۋە ئونبىر ئاتار مىلتىقلار بىلەن قوراللانغانىدى. بەزىلىرىنىڭ قولىدا بولسا يەرلىكلەر ياسىغان سۇمبىلىك بەردەڭگى مىلتىقلارمۇ بار ئىدى.

سەرۋازلار كوماندا بويىچە، ھېلى كۆندىلەڭ سەپ بويىچە ئالغا بېسىش ھەرىكىتىنى ئورۇندىسا، ھېلى يېيىلغان سەپ بويىچە ھۇجۇم قىلىش ھەرىكىتىنى ئورۇندايتتى.

سەرۋازلار يېرىم كۈندەك ماھارەت كۆرسىتىپ، بىر قانچە ھەرىكەتلەرنى ئارقىمۇ ئارقا ئورۇندىغاندىن كېيىن، بۇيرۇق بويىچە دەم ئېلىش ئۈچۈن توختىدى. ئۇلار توقايلىقتا بەشتىن - ئونىدىن بولۇپ بۆلۈنۈپ دەم ئېلىپ ئولتۇرۇشتى. دەستىلەرنىڭ باشلىقلىرى ۋە پەنسادلار مەشق مەيدانىدىكى توپا سۈپىنىڭ ئۈستىدە، غىزايەپ، چاي ئىچىپ، چىلىم تارتىشىپ، قۇرۇق پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرۇشتى. چۈشتىن كېيىنكى مەشقنىڭ تېخى خېلى ھايىلى بار ئىدى. مۇراسىم سۈپىسىدا تۇرغان روسىيە ئەلچىلەر ئۆمىكىدىكىلەر چۈشتىن كېيىنكى مەشقنى كۆتمەستىنلا، مېھمانخانىغا قايتىشتى.

دەم ئېلىشىپ ئولتۇرۇشقان سەرۋازلارنىڭ ئىچىدە، ئون نەچچە ياشلىق باللارمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ يېنىدا ئاتمىش - يەتمىش-

لەرگە كىرىپ قالغان قېرى ئادەملەرمۇ ئولتۇراتتى. قېرىلارنىڭ ئىچىدە ھەتتا مىلتىق كۆتۈرۈشكىمۇ ھالى يەتمىگۈدەك دەرىجىدىكى ھالسىز ئادەملەر ۋە كېسەلمەنلەرمۇ بار ئىدى. ئۇلارغا مەشىقتە پەقەت نەيزە كۆتۈرۈپ كېلىشكىلا رۇخسەت قىلىنغانىدى.

تەخمىنەن بىر ئاش پىشمى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، كاناي چېلىندى. سەرۋازلار، يىگىتلەر ئورۇنلىرىدىن سەكرەپ تۇرۇشتى ـــ دە، مىلتىقلىرىنى ئېلىپ ئۆزلىرىنىڭ باشلىقلىرىنىڭ ئالدىغا قاراپ يۈگۈرۈشتى. ئاغرىقلار بىلەن قېرىلارمۇ نەيزىلىرىگە تايىنىپ، دىڭگوكشىپ سۆرەلگىنىچە ئۇلارنىڭ كەينىدىن ماڭدى.

باشلىقلار سەرۋازلىرىنى سەپكە تۇرغۇزدى. ھەربىي ئوركېستىر سەپنىڭ ئوتتۇرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

كوماندا بويىچە، سەرۋازلار ئالدى بىلەن چاسا سەپ تۈزدى. بۇ چاسا سەپنىڭ ئۇدۇل تەرىپىدە تۆت بۆلەك ۋە بەش زەمبىرەك، ئارقا تەرىپىدە ئىككى بۆلەك ۋە بىر زەمبىرەك بار ئىدى. سەپنىڭ يان تەرىپى بىلەن ئارقا تەرىپىدە بىر نەچچە بۆلەكتىن بىر تۈز سىزىق ھاسىل بولدى. بۇ سەپنىڭ ئوتتۇرىسىغىمۇ ئىككى زەمبىرەك ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. سەپ شەكلى جامەدار پەرۋانىچىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە تېز - تېز ئۆزگىرىپ تۇراتتى. ئالدىنقى كۆندىلەڭ سەپ بىردەمنىڭ ئىچىدىلا ئۆز سېپىنىڭ چىرىنغار قىسمى بىلەن سەپنىڭ بىرىنغار قىسمىنىڭ ئۇدۇلىغا يۆتكىلىپ مۇداپىئە شەكلىگە كىردى؛ ئىلغار سەپنىڭ ئاخىرقى قۇرىدىكىلەر يەنە بىر دەمدىلا يان تەرەپكە قوشۇلۇپ چاسا سەپنى تېخىمۇ كېڭەيتتى. بەزىدە، ئىلغار سەپتىكى ئىككى باش بۆلەك تارقىلىپ، يان تەرەپكە ياكى ئارقا تەرەپكە ئۆتۈپ، ئۆز سېپىنى ئىككى قۇردىن تۆت قۇرغا ئۆزگەرتەتتى. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى چاسا سەپ كىچىكلەيتتى. سەرۋازلار زەمبىرەكلەرنى قوللىرى بىلەن ئىتتىرىپ ماڭاتتى. بۇ زەمبىرەكلەر چاسا سەپنىڭ ئىچىگە ئېلىنغان بولۇپ، بۇ چاسا سەپلەر ئالدىغا، ئارقىغا ياكى ئوڭ ـ سول تەرەپلەرگە

بۇرۇلغاندا، سەرۋازلار ھېلىقى زەمبىرەكلەرنى ھارۋىلىرىغا ئولتۇرغۇزاتتى. ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنىڭ تېزلىكىنى كۆرگەن ھەر قانداق ئادەم ھەيران قالاتتى.

چاسا سەپنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرى ئوق ئاتقاندا، سەرۋازلار بىر - بىرىگە ناھايىتى ياخشى ماسلىشاتتى. ئەمما، ئۇلار قوراللىرىنى يىغىۋاشتىن بەتلىگەندە، ھەرىكىتى سەل تەرتىپسىزلىشەتتى.

ئىنگلىز سوكناسىدىن تىكىلگەن فورما كىيگەن، بېشىدىكى قىممەتباھا قاراكۆل كۆرپىسىدىن تىكىلگەن چىرايلىق يېڭىسارچە پاپىقىغا ئالتۇندىن نىشان قادىغان، ئۇزۇن بويلۇق، گەۋدىلىك، قىرىق ياشلاردىكى بىر ھەربىي كۆرەك سۇپىسىدا ئۆرە تۇراتتى. بۇ كىشى — ئەمىر ئىسلام، ئاتالىق غازى بەدۆلەتنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ باش قوماندانى، ئەمرۇل ئۇمرا — ھەققۇلىبەگ ئىدى. ئۇنىڭ يېنىدا ۋىجىككىنە، چاشقان بۇرۇت بىر مانجۇ — بەدۆلەتنىڭ قېيىنئاتىسى خى بويۇن — قۇدالاي تۇراتتى. ئۇقوشۇنلارنىڭ باش مەشقاۋۇلى ئىدى.

بۇ چاغدا، ئەمرۇل ئۇمرا ھەققۇلىبەگ ئوڭ قولىنى يۇقىرى كۆتۈردى. باش مەشقاۋۇل قۇدالاينىڭ كەينىدە تۇرغان بىر مەھرىمى قولىدىكى قىزىل بايراقچىنى يۇقىرىغا بىر كۆتۈرۈپ، ئاندىن يەرگە كېسىپ چۈشۈردى. ھەرىكەتتىكى پۈتۈن قوشۇن ئۆز ئورۇنلىرىدا توختاپ قالدى. ئەمرۇل ئۇمرا بىلەن باش مەشقاۋۇل مۇراسىم سۇپىسىدىن چۈشۈپ، سەپتە تۇرغانلار تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن ھەربىي فورما كىيىشكەن، باشلىرىدىكى يېڭىسارچە پاپاخلىرىغا ئالتۇن، كۈمۈش نىشانلارنى تاقىغان ئەمىرلەشكەرلەر، پەنسادلار، ئۇلارنىڭ كەينىدىن بولسا، قوللىرىغا سەبەند تۇتقان بىر دەستە مەھرەملەر دەستىسى ماڭدى. ئۇچىسىغا ياخشى ھەربىي پەشمەت كىيگەن ئون بەش ياشلاردىكى چەبدەس ئىككى مەھرەم ئەمرۇل ئۇمرا ۋەباش مەشقاۋۇل ئولتۇرغان

ئورۇندۇقلارنى دەس كۆتۈرۈپ ئېلىپ، ئۇلارنى ھەربىيلەرگە خاس قەدەملەر بىلەن، كېتىۋاتقان ئەمرۇل ئۇمرا ۋە باش مەشقاۋۇلدىن ئاۋۋال بېرىپ، سەپتە تۇرغان بىر سەرۋازلار دەستىسىنىڭ چېتىگە قويىدى.

ئەمرۇل ئۇمرا بىلەن باش مەشقاۋۇل سەرۋازلارنىڭ يېنىغا كەلدى — دە، ھېلىقى ئورۇندۇقلاردا ئولتۇردى. ئەمىرلەشكەرلەر، پەنسادلار ئۇلارنىڭ ئىككى تەرىپىدە تىك تۇرۇشتى. قوللىرىغا سەبەند تۇتقان مەھرەملەر ئوفىتسېرلارنىڭ كەينىدە قاتار تىزىلىشىپ تۇردى.

ھەربىي مەشق باشلاندى...

## ئون تۆتىنچى باب

# تازبۇلاقتىكى بۆرە ئويۇنى

مىلادى 1879 - يىلى 7 - ئاي. بەدۆلەتنىڭ كورلـ
دىكى قارارگاھى.

باياتىن ئەمىرلەشكەر داخۇ تۇڭگانىينىڭ مۇلاھىزىلىرىگە
قۇلاق سېلىپ جىم ئولتۇرغان بەدۆلەت قولىدىكى چىلىمنى بىر
شوراپ قويغاندىن كېيىن، ئۇنى يېنىدىكى شىرەنىڭ ئۈستىگە
قويۇپ قويدى.

— ئەمىرلەشكەر، قېنى سۆزلەۋېرىڭ، ئاڭلاپ ئولتۇرۇپتىـ
مىز، — دېدى بەدۆلەت ئۇنىڭ سۆزىنى توختاتقانلىقىنى كۆرۈپ.

— ليۇ جىڭتاڭ باشلاپ چىققان بۇ قارا چېرىكلەر ئاۋـ
ۋالقى قارا چېرىكلەردىن كۆپ پەرقلىنىدۇ، — دەپ مۇلاھىزـ
لىرىنى داۋاملاشتۇردى داخۇ تۇڭگانىي بەدۆلەت ئىجازەت بەرـ
گەندىن كېيىن، — پايدا - زىيان مەسىلىسىدە،
ليۇ جىڭتاڭ ئاۋۋالقى مانجۇ سەردارلىرىدەك سەرـ
لەپ - مىسقاللاپ ئولتۇرمايدۇ. ئۇ جەڭنى بىرىنىڭ كەينىدىن
بىرىنى ئۇلاپ قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇ، تەيپىنەمنىڭ چاڭـ
موزىلىرىنى ئۆزىنىڭ «بۇدۇشقاق جېڭى» ھېيلىسىگە تايىنىپ
يەڭگەن.

— ئەمىرلەشكەر جانابلىرى، ئۇل «بۇدۇشقاق جېگى» دې-
گەن قانداق ھېيلە؟ بىز ئاڭلىمىغانكەنمىزغۇ؟— دېدى بەدۆ-
لەت چىلىمنى قولىغا ئېلىۋېتىپ.

— بۇدۇشقاق قوينىڭ يۇڭىغا بىر چاپلاشتىمۇ، ئۇنى
بىردىن - بىردىن تىرىپ ئېلىۋەتمىگۇچە زادى ئاجرىمايدۇ.
ليۇ جىڭتاڭ بۇدۇشقاقنىڭ ئاشۇ خۇسۇسىيىتىنى ئۇرۇشقا تەتبىق-
لىغان. تەيپىنەمنىڭ چاڭموزىلىرى دەسلەپتە ئۇستۇن كېلىپ،
خاقانلىقنىڭ بىرنەچچە چوڭ شەھىرىنى ئىشغال قىلدى.
ئاستا - ئاستا بېيجىڭگە قىستاپ كەلدى. خاقان شىنئەنگە
قېچىپ كېلىۋالدى. بۇ چاغدا، ھازىرقى لەنجۇ سىگنىڭ زۇڭ-
دۇسى زو زۇڭتاڭ چاڭجياڭ دەرياسى بويىدا تەيپىنەمنىڭ چاڭ-
موزىلىرى بىلەن جەڭ قىلىۋاتقانىدى. ئۇ، ليۇ جىڭتاڭنىڭ «بۇ-
دۇشقاق جېگى» دېگەن ھېيلىسىگە تايىنىپ، ئۇلارنىڭ ھۇجۇمىنى
بىتچىت قىلدى. تەيپىنەمنىڭ چاڭموزىلىرىغا بىر چاپلىشى-
ۋالغان بارمۇ، بىچارىلەرنى ھاردۇرۇپ، ئۇلارنىڭ كۈچىنى خورىتىپ،
تاكى ماغدۇرىدىن كەتكەنگە قەدەر، نەگە بارسا، شۇ يەرگىچە
قوغلاپ بېرىپ زەربە بەردى.

— دەرۋەقە، مۇھارىبىيە ئىشلىرىدا بىر خىللا ھېيلىنى قول-
لىنىۋەرگەن بىلەن بولمايدۇ،— دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى
ئۇ،— بۇ نۆۋەت كۆلىدىن چىققان بۇ قارا چېرىكلەرگە ئەمدى
بۇرۇنقىدەك چارە بىلەن تاقابىل تۇرالمىسىز دېسەك، يېڭىلىپ
قالىمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىزگە قاراپ كېلىۋاتقىنى يېگىرمە
يىلدىن بۇيان توختاۋسىز ئۇرۇش قىلىپ، خېلىلا تەجرىبىلىك
بولۇپ قالغان دۈشمەن. ئۇلارنىڭ سەردارلىرىنىڭ سۆڭىكى
قاتتىق. مېنىڭچە، بىز ئۇلارنىڭ «بۇدۇشقاق جېگى» ھېيلىسىنى
«تاڭگازا ھېيلىسى» بىلەن يېڭىشىمىز لازىم.

— بەللى، بەللى! يېڭى - يېڭى گەپلەرنى ئاڭلىغىلى
تۇردۇققۇ؟ قېنى، ئەمىرلەشكەر جانابلىرى، بۇ «تاڭگازا ھېيلى-

سى» دېگىنىڭىز قانداق ھىيلە؟

— جانابىي ئالىيلىرى، — دەپ سۆز باشلىدى داخۇ تۇڭگانىي ئورنىدىن تۇرۇپ بەدۆلەتكە تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، — بىز تۇڭگانىيلاردا: «بىر گەز ئۆرلىسە شەيتىنى، ئون گەز كۆكلەر مولىسى» دېگەن گەپ بار. كۇچانىڭ تاڭگازىسى ناھايىتى داڭلىق ئىكەنلىكىنى ھەممىمىز بىلىمىز. ئەمما، تاڭگازا تەملىك بولغىنى بىلەن ئۇنى يېمەك تەس، يەم بىلەن يېمىسە، چىشقا چاپلىشىۋېلىپ ئادەمنى ئاۋارە قىلىدۇ. شۇڭا، تاڭگازىنى پارچىلاپ قاقتەك - قاقتەك قىلىپ يېگەندە، ئۇنى يېمەك ئوڭايغا توختايدۇ. بىزمۇ قارا چېرىكلەرگە قارشى ئۇرۇشتا، دەل مۇشۇنداق قىلىشىمىز لازىم. ئۇلارنى پۈتۈن - پۈتۈن پېتى يوقىتىمىز دېسەك، خۇددى بايا مەن دېگەندەك بۇدۇشقاققا ئۇچراپ قالىمىز، ئۇلار تاڭگازىدەك چىشىمىزغا چاپلىشىۋېلىپ، بىزنى ئوسال ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. تاڭگازا يېگەندەك، ئۇلارنى بۆلۈپ پارچىلاپ، ئاز - ئازدىن تالاپەت بېرىپ، خورىتىپ يوقىتىشىمىز لازىم، دۈشمەننىڭ جەڭگىۋارلىقى ئۈستۈن، قورال - ياراقلىرى خىل. ئۇلارنىڭ بۇنداق ئۈستۈنلۈكىنى پەقەت يۇقىرىقىدەك پارچىلاپ زەربە بېرىش ئۇسۇلى بىلەنلا بىتچىت قىلغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، ئالايلۇق، ھەر قېتىم بىز ئۇلارنىڭ بىر ياكى ئىككى سۆتنىسىنى يوقاتساق، ئۇلارنىڭ ئارقا سېپىگە ھۇجۇم قىلىپ پاراكەندە قىلساق، ئۇلارغا زادىلا ئاراملىق بەرمىسەك، ئۇلار ئاخىرى ھالسىرىماي قانداق قىلىدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، دۈشمەن كۆلىدىن چىقىشتا، «ئالدىرىماي ئىلگىرىلەش» چارىسىنى قوللىنىشقا مەجبۇر بولماقتا. پۇرسەتنى چىڭ تۇتالىساقلا، ئۇلارنى ئىلگىرىلەش داۋامىدا ھالسىراتقىلى بولىدۇ.

بەدۆلەتنىڭ بارگاھىدا چاقىرىلغان ھەربىي كېڭەشتە يۇقىرىقى سۆزلەرنى قىلغان بۇ كىشى — 1868 - يىلى شەنشى،

گەنسۇ، نىڭشىيا ئۆلكىلىرىدە كۆتۈرۈلگەن تۇڭگان يېغىلىقىنىڭ سەركەردىلىرىدىن بىرى بولغان بەي يەنخۇ دېگەن كىشى ئىدى، شۇ چاغلاردا، ئىچكىرىسىدە پارتلىغان تۇڭگان يېغىلىقىنىڭ ئىچىدە بەي يەنخۇ باشچىلىقىدىكى تۇڭگان قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ كۈچى ئەڭ زور بولۇپ، بۇ قوزغىلاڭچىلار گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ نىڭجۇفۇ تەۋەسىدىكى دۇڭجىيۈەن دېگەن يەردە بارگاھ قۇرغان ۋە «ئۈن سەككىز قوش» دەپ جاھانغا مەشھۇر بولغانىدى. ئۇنىڭ قول ئاستىدىلا يىگىرمە تۈمەندىن ئارتۇق ئادەم بولۇپ، ھەيۋىسى پۈتۈن شەنشى، گەنسۇ ۋە نىڭشىيا ئەتراپلىرىنى قاپلىغان، شۇڭا، مانجۇ خاقانى ئەنخۇينىڭ شىمالىدا نيەنجۈن① قوزغىلاڭچىلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان زو زۇڭتاڭنىڭ خۇنەن قوشۇنىنى يۆتكەپ كېلىپ، ئۇلارنى باستۇرۇشقا مەجبۇر بولغانىدى.

شۇ يىللاردا، خاقان بۇ ئەتراپلاردا «خەنزۇلار ئارقىلىق تۇڭگانىيلارنى چەكلەش»، «خەنزۇلارنى يۆلەپ، تۇڭگانىيلارنى بېسىش» سىياسىتىنى يۈرگۈزگەنلىكتىن، تۇڭگانىيلار بىلەن خەنزۇلار ئوتتۇرىسىدا ماجىرالار ئۈزۈلمىگەن، خۇن دەۋالىرى پات - پات كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان بولۇپ قالغانىدى②، «يەرلىك ئەمەلدارلار خەنزۇلارغا يان باستى، مەيلى دەۋا ئىشلىرىدا بولسۇن، ياكى جېدەل - ماجىرالاردا بولسۇن ۋە ياكى ئەگرىنى تۈز، تۈزنى ئەگرى قىلىشتا بولسۇن، تۇڭگانىيلارنىلا بېسىپ، خەنزۇلارنى يۆلەپ كەلدى. خەنزۇلار ئادىمىنىڭ كۆپلۈكىگە تايىنىپ، كۆرەڭلەپ جاھانغا پاتماي كېتىشتى. تۇڭگانىيلارنىڭ گېپىنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكى ياكى ئورۇنلۇق ئەمەسلىكىگە

① شۇ چاغلاردا شەنشى، گەنسۇ، سىچۈەن، گۇيجۇ ۋە يۈننەنلەردە پارتلىغان دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ نامى.

② جاڭ جېچىڭ: «داۋگۇاڭ، شيەنفىڭ يىللىرىدا ئەمەلدارلار سورۇنىدا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم» جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1981 - يىل خەنزۇچە نەشرى 241 - بەت.

زادىلا قارىمىدى. ئاخىرى، تۈڭگانىيلار چىدىيالماي بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇلارنىڭ دىلىدىكى غەم - غۇسسىلىرى يىغىلىۋېرىپ، ئاخىرى ئۆچمەنلىككە، قەھر - غەزەپكە ئايلىنىپ، ئۇلارنى ئۆرتەشكە باشلىدى.»① شۇنداق قىلىپ، شيەنفىڭنىڭ 8 - يىلى②، شەنشى ئۆلكىسىنىڭ لىڭتۇڭ دېگەن يېرىدە، تۈڭگانىيلار بىلەن خەنزۇلار ئوتتۇرىسىدا قوراللىق توقۇنۇش پارتىلىدى. بۇ ئەتراپلاردا ئولتۇراقلاشقان خەنزۇلار كۆپ بولغاچقا، خۇيزۇلار خورلۇققا ئۇچرىسىمۇ غەزىپىنى ئىچىگە يۇتۇۋېرىپ، خۇن بولۇپ كېتىشكەندى. ئەمەلدارلار بولسا، بۇ ئەھۋالنى كۆرمىگەنگە سېلىپ، قۇلىقىنى يوپۇرۇپ يۈرۈۋېرەتتى. ئۆلگۈچى خەنزۇ بولسا، قانغا قان، جانغا جان ئېلىپ بېرەتتى. مۇبادا ئۆلگۈچى خۇيزۇ بولسا، يىگىرمە تۆت سەر دەپنە پۇلىنى تۆلىتىپ بېرىسىلا بولدى قىلاتتى③.

«لىڭتۇڭ ۋەقەسى» يۈز بەرگەندىن كېيىن، شەنشى ئۆلكىسىنىڭ سەييارە ئۇگۇتچىسى زىلىڭ ۋاڭيەن: «گەدەنكەش تۈڭگانىيلار ئىسيان كۆتۈردى. ئوردا ئەسكەر چىقىرىپ، ئۇلارنى يىغىشتۇرۇش لازىم»، دەپ جار سالدى④.

زو زۇڭتاڭ ئۆزىنىڭ خۇنەن قوشۇنىنى بۇ ئەتراپلارغا يۆتكەپ كەلگەندىن كېيىن، ئىسيان كۆتۈرگەن تۈڭگانىيلاردىن دەھشەتلىك تۈردە ئۆچ ئېلىشقا باشلىدى. تۈڭجىنىڭ 2 - يىلى⑤

① جاڭ جىجىڭ: «داۋگۇاڭ، شيەنفىڭ يىللىرىدا ئەمەلدارلار سورۇنىدا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم» جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1981 - يىل خەنزۇچە نەشرى 241 - بەت.

② شيەنفىڭنىڭ 8 - يىلى — 1858 - يىلى.

③④ يۈي يىڭشۇ: «شەنشى، گەنسۇلاردىكى تۈڭگانىيلار ئىشىغا ئائىت خاتىرىلەردىن قىسقارتىلما»، 1 - جىلد.

⑤ تۈڭجىنىڭ 2 - يىلى — 1863 - يىلى.

ھەمەل ئېيىدا، مانجۇ قوشۇنلىرى چاڭپەيجېن بازىرىنى قانغا پاتۇردى. «قورغان ئېلىنغاندا، ئۇنىڭ ئىچىدىكى قېرى - ياش، چوڭ - كىچىك، ئۇلۇغ - ئۇششاق، ئەر - ئاياللارنىڭ ئۆلۈشتىن بۇرۇنقى ئاھۇ زارى پەلەكنى قاپلىدى. تاش ئۈستىدە تاش، يەلكە ئۈستىدە باش قالمىدى.»① ئارقىدىنلا، مانجۇ قوشۇنلىرى ۋاڭكېسۇن كەنتىنى توپقا تۇتۇپ، ئۇنى تۈزلىۋەتتى. «ئۆلۈكلەر تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتتى. كاللىلاردىن مۇنار ياسالدى. قانلاردىن دەريا - شاخابچىلار ھاسىل بولدى.»②

زو زوڭتاڭنىڭ قوشۇنلىرى ئىسيانچى تۇڭگانىيلارنى ئۆي - ماكانلىرىدىن قوغلاپ چىقاردى. بۇ قېتىمقى تازىلاشتا، «پىڭچىلىڭ، جىڭگۇ ئارىلىقىدىكى مىڭ چاقىرىملىق يەرلەردە ئادەم ئۇرۇقى قۇرۇتۇۋېتىلدى. ھەممە يەرنى ئاپئاق ئۈستىخانلار قاپلاپ كەتتى. بۇنداق پاجىئە بۇ ئالەمدە زادىلا كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى.»③

بەي يەنخۇ بۇ قېتىمقى جەڭدە يېڭىلگەندىن كېيىن، ئازغىنا بىر بۆلەك ئادەملىرىنى ئېلىپ، شەنشىدىن قېچىپ چىقىپ، گەنسۇدىكى ئاقتاغلىقلار سۇلۇكىنىڭ ئىمامى ماخۇالۇڭغا بېقىندى. ماخۇالۇڭ كۆرۈنۈشتە خانغا ئەل بولغاندەك قىلغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە، ئاستىرتتىن قوزغىلاڭ تەييارلىقىنى ئىشلەۋاتقانىدى. تۇڭجىنىڭ ئونىنچى يىلى④ ھەمەل ئېيىنىڭ 12 - كۈنى، زو زوڭتاڭنىڭ قول ئاستىدىكى سەردار، خۇنەن قوشۇنلىرىنىڭ يەنە بىر داڭلىق ئاتامانى ليۇ جىڭتاڭ «يوشۇرۇن قورال ساق-

---

① «تۇڭگانىيلارنى تىنچىتىش خاتىرىسى»، 1 - جىلد.

② « تۇڭگانىيلارنى تىنچىتىش خاتىرىسى»، 1 - جىلد.

③ زو زوڭتاڭ: «ئاسىي تۇڭگانىيلارغا قوغلاپ زەربە بېرىپ، دۇڭجىيۈەن، پىڭچىلىڭ، جىڭگۇ قاتارلىق جايلارنى تۈزلىۋەتكەنلىك غەلىبىسى ھەققىدە خانغا يوللانغان مەلۇمات»— «خۇيزۇلار قوزغىلىڭىغا دائىر ماتېرىياللار» (3)

④ تۇڭجىنىڭ ئونىنچى يىلى — 1871 - يىلى.

لىغان» دېگەن ئەيىب بىلەن، ماخۇالۇڭ باشلىق بىر مىڭ سەككىز يۈز ئادەمنى تۇتقۇن قىلدى ۋە ئۆلتۈرۈۋەتتى.

تۇڭجىنىڭ ئون ئىككىنچى يىلى① 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، ليۇ جىڭتاڭ ماۋېنلۇ دېگەن يەنە بىر خۇيزۇ ئاتامانىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ بەش مىڭ تۆت يۈز ئادىمىنى قىرىپ تاشلىدى، داخۇ تۇڭگانىي — بەي يەنخۇ قول ئاستىدىكى سەردارى شياۋخۇ تۇڭگانىي② نى باشلاپ، بىر بۆلەك ئادەملىرىنى ئېلىپ قېچىپ چىقىپ، بەدۆلەت — ياقۇپبەگنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى ۋە بەدۆلەت تەرىپىدىن يەتتە شەھەر قوشۇنلىرىنىڭ ئورۇمچى ئالدىنقى سېپىگە ئەمىر لەشكەرلىككە تەيىنلەندى.

بەدۆلەت باشقا ئەمىر لەشكەرلەرنىڭ ئۈندىمەي جىم ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، تامىقىنى قىرىپ قويدى - دە، دىقماق ئوچۇملىرى بىلەن ماش گۈرۈچ ساقىلىنى ئوچۇمداپ، بىر پەس خىيالغا چۆمۈپ ئولتۇردى، ئاندىن خىرقىرىغان ئاۋازى بىلەن ھەسرەت ۋە ئەلەمگە تولغان سۆزلەرنى سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئەمدى جاپالىق كۈنلەر يېتىپ كەلدى!... مانجۇ خاقانى يارىشىش ھەققىدىكى تەلىپىمىزنى رەت قىلدى. بىز ئۈچۈن ئەمدى سۈلھ ئىشىكى يېپىق دېگەن سۆز. ئۈستىمىزگە بېسىپ كېلىۋاتقان بۇ قارا چېرىكلەر بىز ئۈچۈن بىر بالايىئاپەت. دەر ۋەقە، ھەممە ئىش جانابىي ئاللانىڭ ئىرادىسى بويىچە بولىدۇ. بىز پۈتۈن غەيرىتىمىزنى ئىشقا سېلىپ، بۇ دىيارىمىزنى قوغدىماقىمىز ۋە تېزدىن شىجائەت ئېتىمىزغا قامچا سېلىپ، بىزنى قۇتقۇزغۇچى ئاشۇ ئىشەنچلىك سوقماقلارغا چۈشمىكىمىز زۆرۈردۇر. بەزىلەر چېكىنسەك، دېيىشتى... چېكىنسەك، بىزنى ئۆلۈم كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. چېكىنسەك زېمىنىمىز ئاياغ ئاستى قىلىنىدۇ!

① تۇڭجىنىڭ ئون ئىككىنچى يىلى — 1873 - يىلى.

② شياۋخۇ تۇڭگانىي — يۈي شياۋخۇ. كىشىلەر بەي يەنخۇ بىلەن ئىككىسىنى «داخۇ - شياۋخۇ» دەپ ئاتىغان.

ئىپپەتلىك خوتۇن - قىزلىرىمىز قارا چېرىكلەر تەرىپىدىن دەپسەندە
قىلىنىدۇ. مال - بىساتىمىز بۇلاپ - تالىنىدۇ! چېكىنسەك...
نەگە چېكىنىمىز؟
— ھەق سۆزنى قىلدىڭلار، ئەمىر ئىسلام جانابىي ئالىيـ
لىرى،— دەپ بەدۆلەتنىڭ سۆزىنى قوللىدى داخۇ تۇڭگانىي،—
توقسۇننى چىڭ ساقلاپ تۇرالىساقلا، ئالتە شەھەر تەرەپلىرىنىڭ
تىنچ - ئاسايىشلىقى كاپالەتكە ئىگە بولغۇسىدۇر. چۈنكى،
مانجۇلارنىڭ مەقسىتى يالغۇز ئۈرۈمچىنى بېسىۋېلىش بولمىساكېرەك.
شۇنداق ئىكەن، ماناس بىلەن داۋانچىڭ قورغىنى— مانجۇلار ئۈچۈن
ھەلقۇمغا قادالغان قىلتىرىق، پۇتقا سانجىلغان تىكەن، قولـ
تۇققا چىققان چىقان بولىدۇ. شۇڭا، ئاساسىي كۈچـ
مىزنى ماناس بىلەن داۋانچىڭ قورغىنىنى ساقلاشقا قارىتىشـ
مىزغا توغرا كېلىدۇ. مانجۇلار ئالتە شەھەرنى تارتىۋېلىشتا، كۈنـ
چىقىشتىكى چىقتىم قورۇلىدىن كەلسۇن ياكى ئۈرۈمچى تەرەپـ
تىن كەلسۇن، چوقۇم توقسۇننى بېسىپ ئۆتمەي قالمايدۇ. شۇڭا،
ئەمرۇل ئۇمرا قارارگاھىنى توقسۇنغا قۇرۇشى لازىم. شۇنداق
قىلغاندىلا، ھەر ئىككى تەرەپتىن سەلتەنىتىمىزگە كېلىدىغان
خەۋپنى توسۇغىلى بولىدۇ.

ھەربىي كېڭەشتە قوبۇل قىلىنغان قارار بويىچە، ئەمرۇل
ئۇمرا ھەققۇلىبەگكە توقسۇندا تۇرۇپ ئۈرۈمچى بىلەن تۇرپان
ئەتراپلىرىدىكى مۇھارىبىيە ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا تولۇق
ھوقۇق بېرىلدى. ھېكىمخان تۆرە تۇرپاندا تۇرىدىغان، ئەمىرـ
لەشكەر داخۇ تۇڭگانىي ئۈرۈمچىدە تۇرىدىغان بولدى. قۇتۇبى،
گۇمۇدى ئەتراپلىرىدا تۇرۇشلۇق مارپىندىنىڭ تۇڭگان قوشۇ-
نىنىڭ مانجۇلارنىڭ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي قالغان
ئەھۋالدا ئۈرۈمچىگە چېكىنسە بولىدىغانلىقى قەيت قىلىندى.

شۇ چاغدا، بەدۆلەتنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ھەرقايسى جايـ
لاردىكى ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى مۇنداق ئىدى:

تۇرپان شەھرىدە، تۈركىلەنگى مىلتىق ۋە قىلىچ بىلەن قوراللاندۇرۇلغان ئۈچ مىڭ بەش يۈز يىگىت، بەش مىڭ سەرۋاز بولۇپ، جەمئىي سەككىزمىڭ بەش يۈز ئەسكەر بارئىدى. ئۇلارغا داخۇ تۇڭگانىنىڭ يەتتە مىڭدەك ئەسكىرى ۋە يىگىرمە يەتتە دانە توپ قوشۇپ بېرىلگەنىدى. بۇ قوشۇنغا ھېكىمخان تۆرە قوماندانلىق قىلاتتى؛

توقسۇندىكى ئەمرۇل ئۇمرا بارگاھىنىڭ ئىلكىدە تۈركىلەنكى مىلتىق بىلەن تولۇق قوراللاندۇرۇلغان تۆت مىڭ يىگىت، ئىككى مىڭ سەرۋازدىن تەشكىل قىلىنغان ھىماتچى قوشۇن بار ئىدى. ئۇلارغا بەش دانە توپ سەپلەپ بېرىلگەنىدى. ئۇلارغا يەنە كورلىدىن ئاتمىش دانە توپ ئەۋەتىپ بېرىلمەكچى بولدى؛

داۋانچىڭ قورغىنىدا تۈركىلەنكى مىلتىق بىلەن قوراللاندۇرۇلغان ئىككى مىڭ سەرۋاز بولۇپ، ئۇلارغا ئاران ئىككى دانە توپ سەپلەپ بېرىلگەنىدى. بۇ توپلار بىر ئات سۆرەيدىغان، ئۈچ جىڭلىق ئوق يەيدىغان چىقىن توپ ئىدى. بۇ قوشۇنغا ئەمىرلەشكەر ھەيدەر قۇل پەنساد ئىدى؛

ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلغان ھالدا گۇمۇدى، قۇتۇبى ئالدىنقى سىپىدە سەككىز مىڭدەك يىگىت ۋە سەرۋاز بولۇپ، ئۇلارغا 20 دانە توپ سەپلەپ بېرىلگەنىدى. ئۇلارغا ئەمىرلەشكەر داخۇ تۇڭگانىي قوماندانلىق قىلاتتى. بۇ قوشۇن بەدۆلەتنىڭ ئەڭ خىللانغان قوشۇنى بولۇپ سانىلاتتى.

كورلىدىكى بەدۆلەتنىڭ بارگاھىدا، ئالتەيۈز ئاتمىش چىنداۋۇل، ئىككى مىڭ بەش يۈز يىگىت بولۇپ، جەمئىي ئۈچ مىڭ بىر يۈز ئاتمىش لەشكەر بار ئىدى. ئۇلارغا ئۈچ دانە توپ سەپلەپ بېرىلگەنىدى؛

ئاقسۇ، باي ۋە كۇچا شەھەرلىرىدە جەمئىي ئالتە مىڭ ئالتە يۈز يىگىت ۋە سەرۋاز بار ئىدى، ئۇلارغا يىگىرمە دانە توپ سەپلەپ بېرىلگەنىدى؛

مارالبېشى، قەشقەردە ئون ئىككى مىڭ يىگىت ۋە سەرۋاز

بار ئىدى، ئۇلارغا يىگىرمە دانە توپ سەپلەپ بېرىلگەنىدى؛ يەكەن، يېڭىسار ۋە خوتەندىكى يىگىت ۋە سەرۋازلارنى قوشقاندا، بۇ جايلاردا جەمئىي يەتتە مىڭدەك لەشكەر بار ئىدى؛ شۇنداق قىلىپ، بەدۆلەتنىڭ قولىدىكى يىگىت - سەرۋازلىرىنىڭ ھەممىسىنى قوشقاندا ئەللىك مىڭدىن، توپ - زەمبىرىكى بىر يۈز ئوتتۇزدىن ئاشاتتى.

كۆلىدىن چىقىۋاتقان قارا چېرىكلەر تۇرشاۋۇل قوشۇن ۋە ھىماتچى قوشۇن دەپ ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈنگەنىدى:

تۇرشاۋۇل قوشۇن قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق لىۋ جىڭتاڭ قوماندانلىقىدىكى خۇنەن قىسىملىرى، جياڭ ياۋ قوماندانلىقىدىكى ئەنخۇي قىسىملىرى ۋە شۇي جيەنبياۋ قوماندانلىقىدىكى سىچۇەن قىسىملىرى ۋە شۇنىڭدەك يېڭىدىن ئىلى جاڭجۇنلىكىگە تەيىنلەنگەن جىن شۈن قوماندانلىقىدىكى قىسىملاردىن تەشكىل قىلىنغان بولۇپ، ئاتلىق ۋە پىيادە لەشكەرلەردىن جەمئىي بىر يۈز ئون يەتتە قوش — قىرىق يەتتە مىڭ بەش يۈز ئەللىك چېرىك بار ئىدى؛

ھىماتچى قوشۇن جىن يۈچاڭنىڭ غالىب قوشۇنى، يى كەيجۇننىڭ ئەمىنلىك قوشۇنى، سۇڭ دىيلونىڭ ژاندارما قىسمى، فەن مىڭنىڭ ئاق ئاتلىقلار قىسمى ۋە زو زۇڭتاڭنىڭ چىنداۋۇل قىسمىدىن تەشكىل قىلىنغان بولۇپ، ئاتلىق ۋە پىيادە لەشكەرلەردىن جەمئىي ئوتتۇز ئۈچ قوش — ئون ئالتە مىڭ بەش يۈز چېرىك بار ئىدى.

تۇرشاۋۇل قوشۇن قۇۋۋۇقتىن چىقىپ شىڭشىڭشيا ئارقىلىق قۇمۇلغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، قارارگاھىنى قۇمۇلغا قۇردى ۋە «ئۈرۈمچى تەرەپلىرىگە يۈرۈش قىلىپ، ئالتە شەھەرگە تېگىش قىلىش» پىلانى بويىچە، يەنە چىرىنغار قوشۇن ۋە بىرىنغار قوشۇن دەپ ئىككىگە ئايرىلدى.

تومۇز ئايلىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرى، قاسىم پولكان ئۆز يىگىتلىرىنى ئېلىپ پىچاننىڭ تازبۇلاق دېگەن يېرىگە ئىككى

كېچە ـ كۈندۈزدە يېتىپ بېرىش ھەققىدىكى پەرماننى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، دەرھال يولغا چىقىش تەييارلىقىنى ئىشلەشكە كىرىشتى.

تازبۇلاق ـ پىچانىدىكى چىقتىم قورۇلىنىڭ ئۈستىدىكى بىر غولنىڭ نامى ئىدى. بۇ غول قۇمۇلدىن تۇرپانغا ئۆتىدىغان قەدىمكى كارۋان يولى ئۈستىگە جايلاشقان بولۇپ، ئۇرۇشتا ئىككى تەرەپ تالىشىدىغان مۇھىم ئۆتكەل ـ چىقتىم قورۇلىنىڭ كىرىش ئېغىزى ئىدى. مانجۇلارنىڭ بىرىنغار قوشۇنلىرى بارىكۆلدىن چىقىپ ئۇدۇل تۇرپانغا ئۆتۈشتىمۇ مۇشۇ يەر ئارقىلىق ئۆتمىسە، قۇمۇل بىلەن تۇرپاننىڭ ئارىلىقىدىكى چۆلدىن قانات ياساپمۇ ئۆتەلمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، رۇسلار مانجۇلار بىلەن تۈزگەن كېلىشىمى بويىچە، زەيساندىن يۆتكەپ بەرمەكچى بولغان ئون مىليون جىڭ ئاشلىقنىڭ بىر قىسمىنى گۇچۇڭدىن چىقتىم قورۇلىغا مۇشۇ يول بىلەن ئۆتكۈزمەكچى ئىدى.

قاسىم پولكان ئەنەيتۇل ئىزچىنىڭ قولىدىن ئوينىقلاپ بىر ئىزىدا جىم تۇرمايۋاتقان چىلانتورۇقنىڭ تىزگىنىنى قولىغا ئالدى ۋە ھەقىقىي چەۋەندازدەك بىر ئىرغىپلا ئېگەر ئۈستىگە چىقتى.

ــخوش، قېنى يىگىتلەر، ئاتلىنىڭلارــ دېدى ئۇ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى سىلكىپ ۋە يورۇپ كەتتى. يىگىتلەر ئۇنىڭ كەينىدىن ئاتلىرىنى قاتۇرىتىپ يولغا چىقىشتى.

سەرەتان ئىسسىقى پىلىلداپ كۆزنى قاماشتۇرۇپ، يىراقتىكى مەنزىرىنى چوڭ قىلىپ كۆرسىتەتتى. سايدا كۆتۈرۈلگەن ئالۋۇن چاڭقاپ كەتكەنلەرگە خۇددى سۈزۈك بۇلاق سۈيىدەك پارقىراپ كۆرۈنەتتى. ئۇلار ماڭسا، ئۇمۇ تەڭ ماڭاتتى، توختىسا توختايتتى. ھاۋا ناھايىتى قىزىپ كەتكەن بولۇپ، قۇياش نۇرى ناھايىتى تولۇق ئىدى. ئەتراپتا چۆل ھاشاراتلىرى گىژىلدىشىپ ئۇچۇپ يۈرۈشەتتى. ئىنتايىن ئاجىز چىقىۋاتـ

قان بۇ سادالار كىشىنى تولىمۇ بىزار قىلاتتى. ئىسسىق چۆل
شامىلى قۇرۇپ قالغان ئادراسمان، سېسىق شىۋاق قاتارلىق چۆل
ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ يوپۇرماقلىرىنى شىلدىرلىتىپ، ئادەمنى
تېخىمۇ سەسكەندۈرەتتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ شىلدىرلاشلىرى
كېتىۋاتقانلارغا جىنلار پىچىرلىشىۋاتقاندەك، خۇددى ئۇلار
توغرۇلۇق غۇلغۇلا قىلىشىۋاتقاندەك بىلىنمەكتە ئىدى.

ئەتراپ تۇتاش كەتكەن چوققىلار بىلەن قاپلانغان بولۇپ،
كىشىگە گويا بىر تۈپ هايۋان قويۇق تۇمانلار ئىچىدە ئۈزۈپ
يۈرگەندەك تۇيغۇ بېرەتتى. بۇلۇتلارغا تاقاشقان بۇ تاغ چوق-
قىلىرىنىڭ باغرىدا بىر تۈپ قارىياغاچ بار ئىدى. بۇ قارىياغاچ
پايانسىز چۆلدىن ئۇچۇپ ئۆتكىچە قانىتى تالغان قۇشلار شاخ-
لىرىغا قونۇپ ئارام ئالسۇن، دېگەندەك ئۇ خىلۋەت جايدا
قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

تاز بۇلاق سايىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ،
بۇلاق بويىدىكى بىر تۈپ قارىياغاچنىڭ غولى سۇ يۈزىگە تې-
گىپ تۇراتتى. بۇلاقنىڭ ئۆپچۆرىسىنى ياپپېشىل كۆكاتلار
قاپلىۋالغان، بولۇق ئۆسكەن ئوت - چۆپلەرنىڭ ئارىسىدىن
شىلدىرلاپ ئېقىپ چىققان سۈزۈك سۇ ئالدى تەرەپتىكى بىر
ئويمانلىققا قۇيۇلاتتى ۋە ئۇ يەردە بىر كۆلچەك هاسىل قىلغانى-
دى. بۇ كۆلچەكنىڭ چەت - ياقىلىرىدا يەنە بىر نەچچە تۈپ
دۇڭغاق قارىياغاچلار ئۆسكەن بولۇپ، شاخلىرى خۇددى ئالدىغا
قاراپ سوزۇلغان قولدەك هېلىقى كۆلچەكنىڭ ئۈستىنى
قاپلىۋالغانىدى. كۆلچەكنىڭ يېنىدىكى ئېقىن
بويىدا غۇژمەك - غۇژمەك بولۇپ ئۆسكەن ئازغانلار ئاپئاق
ئېچىلىپ كەتكەنىدى. بۇ يەر قۇشلارنىڭ، جەرەنلەرنىڭلا توختاپ
ئۆتىدىغان ماكانى بولۇپ قالماي، بەلكى ئۇياق - بۇياققا
ئۆتكەن يولۇچىلارنىڭمۇ جەزمەن توختاپ ئۆتىدىغان ئارامگاهى
ئىدى. بۇ يەردىن يەنە بىر مەنزىل تۆپىگە قاراپ ماڭسا،

موری چېکرىسىدىكى ئىگىز بۆلاق داۋىنىغا يېتىپ بارغىلى بولاتتى. ئۆيەردىن بولسا مورىغا، گۇچۇڭغا ۋە بارىكۆلگە بارغىلى بولاتتى.

قاسىم پولگان ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەندە تاز بۆلاققا يېتىپ كەلدى، ئاندىن ھەرقايىسى غوللارغا چىنداۋۇل، ئىراۋۇل، قاراۋۇللارنى بەلگىلەپ، ئىگىز بۆلاق داۋىنىنى كۆزىتىشكە ئايغاقچى ئەۋەتكەندىن كېيىن، قالغان يىگىتلەرنى ئېلىپ، ئۆي تاشنىڭ① ئۈستىدىكى قىرنىڭ كەينىگە يوشۇرۇندى.

قاسىم پولگان تولىمۇ پاراڭچى ئادەم ئىدى. شۇڭا، ئۇ يىگىتلەرنى زېرىكىپ قالمىسۇن دەپ ئويلىدى بولغاي، ئۇلارغا لاڭقالاردىن قالغان قەدىمكى بىر رىۋايەتنى سۆزلەپ بېرىشكە باشلىدى. ئۇ موخۇركا يۆگەپ تۇتاشتۇرۇپ، ئۇنى قاتتىق بىر شورىۋالغاندىن كېيىن، ھېكايىسىنى باشلىدى:

— ئۆتكەن زاماندا، يىلانلىقتا بىر بوۋاي ئۆتكەنىكەن. بۇ بوۋاي ئۆمۈرۋايەت ھالال مېھنىتىگە تايىنىپ ھايات كەچۈرۈپ كەپتۇ. ئۇنىڭغا ئەجداددىن ئۈچ دانە گۆھەر مىراس قالغانىكەن. ئۇ، يوقسۇللۇقنىڭ دەردىنى كۆپ تارتقان بولسىمۇ، ئەمما بۇ گۆھەرلەرنى قىممەتلىك تەۋەررۈك دەپ بىلىپ، ئەتىۋارلاپ چىڭ ساقلاپ كەپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ، ئايلارنى قوغلاپ يىللار ئۆتۈپتۇ. بوۋايغا ئاخىرى ھاردۇق يېتىپتۇ. ئۆزىنىڭ جان تەسلىم قىلىدىغان ۋاقىت - سائىتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى سەزگەن بوۋاي: «ئاتا - ئانامدىن قالغان بۇ ئۈچ گۆ-

① ئۆي تاش — شەكلى تۆت چاسا ئۆيگە ئوخشايدۇ. بۇ تاش ھېلىمۇ شۇ ئورۇندا تۇرماقتا.

ھەرنى كۆزۈمنىڭ يورۇقىدا ئۈچ ئوغلۇمغا مىراس قىلىپ بېرى-
ۋېتەي. قازارا ئەجەل يېتىپ قالسا، ئۆمۈر ئارزۇيۇمنى دېيەل-
مەي، ئارماندا كەتمەي يەنە!» دەپ ئويلاپتۇ.
ــ بالىلىرىم، مەن ياشىنىپ قالدىم. ئەجەل بوۋرنۇمغا
يۆراپلا تۇرىدۇ،ــ دەپتۇ بوۋاي ئۈچ ئوغلىنى ئالدىغا چاقىرىپ،ــ
مېنىڭ بۇ دۇنيادا قالدۇرۇپ كەتكۈدەك ھېچنېمەم يوق.
قولۇمدا ئاتامدىن قالغان ئۈچ گۆھەر بار. بۇ گۆھەرلەرنى
ئاتامغا بوۋام، بوۋامغا بوۋىسى، بوۋامنىڭ بوۋىسىغا ئۇنىڭ
بوۋىسىنىڭ بوۋىسى مىراس قالدۇرۇپ كەتكەنىكەن. تا شۇنىڭ-
دىن باشلاپ بۇ ئۈچ گۆھەر بىز لاڭقالارغا تەۋەررۈك يالداما
بولۇپ ساقلىنىپ كەپتۇ. ئاتام رەھمەتلىك جان ھەلقۇمغا
كەلگەن چېغىدا، سەكراتتا يېتىپ: «بالام، ھېلىقى ئۈچ گۆ-
ھەرنى بۇزۇپ چېچىۋەتمە! بىز لاڭقالارغا ئاتا مىراس نەرسە
ئۇ، ئۇنى نەسلىمىزنىڭ تەۋەرۈكى دەپ بىل! كۆنلەرنىڭ بىرى-
دە، سەنمۇ مەندەك قېرىپ، ھايات بېغىڭغا قىراۋلار چۈشكەندە،
ئۇلارنى ئۆز ئوغۇللىرىڭغا مىراس قىلىپ قالدۇر! مەن ساڭا
نېمىدېگەن بولسام، سەنمۇ ئۇلارغا شۇنى دە! بۇلار بۇ مىراس-
نى نەۋرىلىرىمگە، نەۋرىلىرىم چەۋرىلىرىمگە، كۆكۈن نەۋرىلىرىم-
گە قالدۇرغاي. شۇنداق قىلساڭ، مەن سېنىڭدىن ئاكىلى -
ئاخىر رازى بولىمەن!» دەپ كۆز يۇمغانىدى. مانا مەنمۇ سىلەر-
گە شۇ تەۋەررۈك سۆزلەرنى تەكرارلاپ ئولتۇرۇپتىمەن...
بىزدە: «كەتمەك بولۇپ كەتكەنلەر كېلۇر، كەتمەنلىنىپ كەت-
كەنلەر كەلمەس» دېگەن ماقال بار. مېنىڭ كۆزۈم يۇمۇلغان-
دىن كېيىن، ئۈچۈڭلار ئىناق - ئىتتىپاق ئۆتۈڭلار. ئۈچ گۆھەرنى

بىر - بىردىن ھەرگىزمۇ ئايرىۋەتمەڭلار، بولمىسا، ئۇلار خاسىيىتىنى يوقىتىدۇ...

سۆزلەپ بولۇپ بوۋاي كۆزىنى يۇمۇپتۇ.

ئۈچ ئوغۇل ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە، بۇ ئۈچ گۆھەرنى بىر يەردە بىرلەشتۈرۈپ چىڭ ساقلاپ يۈرۈپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ. ئۈچ ئاكا - ئۇكا ھېلىقى ئۈچ گۆھەرنىڭ خاسىيىتىدىن يىلدىن - يىلغا روناق تېپىپ، ئەل - يۇرت ئىچىدە ئىناۋەت قازىنىپتۇ.

بىزنىڭ يىلانلىقتا بەكمۇ يىراق بىر يۇرتتىن بىر ئادەم مۇساپىر بولۇپ كېلىپ قالغانىكەن، بوۋاي ئاق كۆڭۈل، مېھرىبان ئادەم بولغاچقا، «بۇمۇ خۇدانىڭ بەندىسىغۇ!» دەپ ئويلاپ، ئۆزى ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ زېمىنىدىن يەر بۆلۈپ بەرگەنىكەن، كارىزىدىن سۇ بەرگەنىكەن. بوۋاي ھەممە ئادەمنى خۇددى ئۆزىگە ئوخشاش ئاق كۆڭۈل دەپ ئويلايدىغان بولغاچقا، ھېلىقى مۇساپىرغا كۆڭۈل سىرلىرىنىڭ ھەممىسىنى يوشۇرماي ئېيتىپ بەرگەنىكەن، ئەمما ئۇ نىيىتى يامان، ئالا كۆڭۈل بىر كانتۇ ئىكەن. ئۇ گۆھەرلەرنى بوۋايدىن ئېلىۋېلىشقا كۆپ ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنى زادىلا قولغا چۈشۈرەلمەپتۇ. بوۋاي ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ ئۆز مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ پۇرسىتى يېتىپ كەلگەنلىكىنى سېزىپ، ھېلىقى ئۈچ بىرتۇغقاننىڭ يەكدىللىك خامىنىغا بۆلگۈنچىلىك ئوتىنى تۇتاشتۇرۇشقا، ئۇلارنى بىر - بىرى بىلەن كاللا سوقۇشتۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىپتۇ.

بۇ ئۈچ ئوغۇلنىڭ چوڭىنىڭ ئىسمى داۋۇت، ئوتتۇرانچىسىنىڭ

ئاۋۇت، كەنجىسىنىڭ ساۋۇت ئىكەن. بىر كۈنى ھېلىقى كاززاپ داۋۇتنى ئۆيىگە چىللاپ راسا مېھمان قىلىپتۇ ھەمدە سۆز ئارىلىقىدا:

— ئاتىڭىز كۆپ ياشىغان، كۆپنى كۆرگەن ئادەم بولسىمۇ، ئەمما ئەقىلدىن ئېيتىمىغان ئادەم ئىكەن.— دەپتۇ.

— نېمىشقا؟— دەپتۇ داۋۇت ئەجەبلىنىپ.

— ئاتىڭىزنىڭ ئەقلى بولسا، ھېلىقى گۆھەرلەرنىڭ ھەممىسىنى سىز چوڭ ئوغۇل بولغانلىقتىن، سىزگە قالدۇرۇپ قويسا بولماسمىدى!

بۇ گەپنى ئاڭلىغان داۋۇتنىڭ ئىچىگە بىر ئوت چۈشۈپتۇ ۋە ئۇنىڭ سۆزىنى توغرا دەپ ھېسابلاپتۇ.

ھېلىقى كانتۇ خۇددى مۇشۇنداق چارە بىلەن ساۋۇت ۋە ئاۋۇتلارنىمۇ ۋەسۋەسىگە سېلىپ، ئۇلارنىڭ تىنچ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىپ تاشلاپتۇ. شۇڭا، دانىشمەنلەر: «كۆڭۈلنىڭ ئالىسى خۇدانىڭ بالاسى» دېگەن - دە!— قاسىم پولگان سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، موخۇركىسىنى يەنە بىر قاتتىق شورىۋالدى - دە، كېيىن ئۇنى ئايىغى تەرەپكە پىرقىرىتىپ تاشلىۋەتتى ۋە ئېيتىۋاتقان ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇردى:

شۇنداق قىلىپ، ھېلىقى كانتۇنىڭ ۋەسۋەسىگە سېلىشى ئارقىسىدا، ئەسلىدە ئىناق - ئىجىل ئۆتۈپ كېلىۋاتقان داۋۇت، ئاۋۇت ۋە ساۋۇتلارنىڭ ئارىسى بۇزۇلۇپ، بىر - بىرىگە دۈشمەن بولۇشۇپ، گۆھەرلەرنى تالىشىپ بىر - بىرىنى ئۆلتۈرۈشۈپتۇ. گۆھەرلەر بولسا ھېلىقى ماكانسىز كانتۇغا قاپتۇ.

ئۇ، بۇ گۆھەرلەرنى ھىيلە بىلەن قولغا چۈشۈرگەنلىكىدىن مەمنۇن بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئەقىل كاراممىتىدىن سۆيۈنۈپ

كېتىۋاتقاندا، ئالقىنىدىكى ھېلىقى ئۈچ گۆھەر پۇررىدە ئۇچۇپ چىقىپ كېتىپتۇ ۋە بىردەمدىلا قامەتلىك پەرىشتە سۈپەت بوۋايلارغا ئايلىنىپ قاپتۇ. بۇ كارامەتنى كۆرگەن ھېلىقى ماكانسىز كانتۇنىڭ ئەقلى لال بولۇپ، ھوشىدىن كەتكىلى تاس قاپتۇ ۋە كۈنپېتىش تەرەپكە قاراپ قېچىپتۇ. شۇ ئان، ھېلىقى بوۋايلارنىڭ بىرى قارا تاغقا ئايلىنىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا توغرا تۇرۇۋاپتۇ. كانتۇ كۈنچىقىشقا قاراپ قېچىپتىكەن، ھېلىقى بوۋايلارنىڭ يەنە بىرى ھەيۋەتلىك ئاق تاغقا ئايلىنىپ، ئۇنى زادى ئۆتكۈزمەپتۇ. ئۇ ئامالسىزلىقتىن يۇقىرى قاراپ قېچىپتىكەن، بوۋايلارنىڭ ئۈچىنچىسى قامەتلىك كۆك تاغقا ئايلىنىپ، ئۇنىڭ يولىدا تۇرۇۋاپتۇ. بۇ چاغدا، بۇ تاغلاردىن مۇنداق سادا كەپتۇ:

— ھەي، قارا يۈز، مەككار، تېجىمەل، ماكانسىز! سەن نېمىشقا ۋاپاغا جاپا قىلىسەن؟ سەن ماكانسىز بولۇپ بىزگە كەلگەندە، ساڭا يەر - زېمىن بەرمىگەنمىدۇق؟ سەن ئاچ - زېرىن قالغاندا، ئاش - نان بەرمىگەنمىدۇق؟ سەن تۇزىمىزنىڭ ھەققىنى ئاقلىمايلا قالماي، بەلكى يۇرتىمىزغا تەپرىقىچىلىك ئۇرۇقىنى تېرىپ، بىر ئوبدان ئىناق - ئىتتىپاق ئۆتۈۋاتقان ئادەملىرىمىزنى ھەبەشىنىڭ چېچىدەك چۇۋۇپ تاشلىدىڭ. ئۇنى ئاز دەپ، يەنە ئۇلارنىڭ بىگۇناھ جېنىغىمۇ زامىن بولدۇڭ. بۇ پاك زېمىننى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ قېنى بىلەن بويىدىڭ! بۇ گۇناھىڭ ئۈچۈن خۇدا سېنى ۋەيلۇن دوزاخقا تاشلايدۇ!..

قاسىم پولگانىنىڭ ھېكايىسى دۈشمەن توغرۇلۇق خەۋەر ئېلىپ كەلگەن ئايغاقچى تەرىپىدىن ئۈزۈپ قويۇلدى. ئېگىز بۇلاق ئەتراپىدا قاراۋۇللۇق قىلىۋاتقان ئىراۋۇلچىلار داۋاندا قاراچېرىكلەرنى كۆرگەندىن كېيىن، دەرھال ئۇتاققا ئايغاقچى ماڭغۇزغانىدى.

— ئوغلانلار، تەييارلىنىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى قاسىم پولگان، بۇ چاغدا ئۇ چىلانتورۇقنىڭ ئۈستىگە ئىرغىپ چىقىپ

بولغانىدى،— ئانىمىز بىزنى ئەركەك دەپ تۇغقان. ئەل-يۇرتىمىز ئۈچۈن، ئۆزىمىزنى بىر كۆرسىتىدىغان پەيت يېتىپ كەلدى... ئاتلىنىڭلار!

قاسىم پولگان يىگىتلىرىنى باشلاپ، ساينى توپتوغرا كېسىپ ئۆتتى. كۈتۈمى ياخشى بۇ ئاتلار ئۆزىگە زادى قامچا تەگكۈزمەيتتى. ئۇلار ئېگىز بۇلاق غولىدىكى ئۆي تاش ئەتراپىلىرىغا كەلگەندە، ئالدىغا ئەنەيتۇل ئىزچى ئۇچرىدى.

— ھازىر دۈشمەنلەر داۋاندىن چۈشتى،— دەپ مەلۇمات بەردى ئۇ.— ئالدىدا بىر سوتنىدەك قارا چېرىك بار. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن بېشىغا لېگەن تەلپەك كىيگەن، مۇرىلىرىگە تاختامۇشۇك تاقاشقان بىرتوپ تۇكباش ئەجنەبىي كانتۇلار ئەللىكتەك تۆگىنى يالاپ مېڭىپتۇ. ئۇلارنىڭ كەينىدە يەنە بىر سوتنىدەك قارا چېرىكلەر بار.

قاسىم پولگان مەلۇماتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئېتىنى دۈدىتىپ قىرغا چىقتى — دە، غولنىڭ ئىچىگە نەزەر سالدى. بۇ چاغدا، دۈشمەنلەر غولغا پۈتۈنلەي كىرىپ بولغانىدى، ئۇ تاكى ئۇلار ئېگىز بۇلاق جىلغىسىنىڭ ئىچىگە كىرىپ بولغۇچە قاراپ تۇردى.

قاسىم پولگاننىڭ كۆرگىنى دەل مانجۇلارنىڭ بىرىنغار قوشۇنلىرىنىڭ چاپقۇر سەردارى ليۇ چۇنيۇەن باشچىلىقىدىكى كورقارائۇسۇن قوشۇنىڭ بىر سوتنىسى ئىدى. ئۇلار ئالدىرىماي — تېنىمەي كېتىشىپ باراتتى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن ماڭغانلار تۆگە كارۋىنىنى يالاپ كېتىۋاتقان كاپىتان كامىنسكىي باشچىلىقىدىكى روسىيە سولداتلىرى ئىدى. ئۇلار ھەيدەپ كېتىۋاتقان تۆگىلەرگە چىقتىم قورۇلغا يەتكۈزۈپ بېرىلمەكچى بولغان ئىككى تۈمەن جىڭ بۇغداي ئارتىلغانىدى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوروقلاپ كېلىۋاتقانلار مانجۇلارنىڭ بىرىنغار قوشۇنلىرىنىڭ بىر ئاتلىق چېرىكلەر ئەترىتى ئىدى. ئۇلارغا يى لىڭئې دېگەن بىر تۇڭلىڭ باش-

چىلىق قىلاتتى.

قاسىم پولكان دۈشمەننىڭ جىلغا ئىچىگە كىرىپ بولغانلىقىنى جەزملەشتۈرگەندىن كېيىن، ئالدى تەرەپكە ئاتلىنىڭلار! دەپ ئىشارەت قىلدى. سايىنىڭ ئىچىدە يوشۇرۇنۇپ ياتقان ئەنەيتول ئىزچى باشچىلىقىدىكى يىگىتلەر دەرھال قارا چېرىكلەرنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى - دە، قارا كۆرسىتىپ قويۇپلا تازبولاق تەرەپكە چېكىندى. مانجۇ سەردارى لىيۇ چۈنيۈەن رۇسلارنىڭ باشلىقى كامىنىسكىي بىلەن بىرپەس كۇسۇرلاشقاندىن كېيىن، قوشۇنغا ئۇلارنى قوغلاشقا بۇيرۇق بەردى، ئۇ ئالدى تەرەپتە قارا كۆرسىتىپ قېچىپ كېتىۋاتقانلارنى دۈشمەننىڭ قالدۇق ئىراۋۇلچىلىرى دەپ ئويلاپ، قىرنىڭ ئۈستىدە ئۆزلىرىگە ئېتىلماقچى بولۇپ تۇرغان ئەجەل مۇئەككەللىرىگە دىققەت قىلمىدى ۋە قوشۇننى باشلاپ ئۇدۇل تاز بولاققا قاراپ مېڭىپ كەتتى.

مانجۇلار تاز بولاققا يېقىن قالغاندا، ئەنەيتول ئىزچى يىگىتلىرىنى باشلاپ، تاز بولاقنىڭ يېنىدىن ئۇدۇل چىقتىم قورۇلى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى ۋە ئۇزاققا قالماي كۆزدىن غايىپ بولدى. دېمەك، تاز بولاقتا دۈشمەن يوق دېگەن گەپ. مانجۇ سەردارى مۇشۇلارنى ئويلاۋېتىپ، خۇددى قاسىم پولكاننىڭ كۈتكىنىدەك، قوشۇنىنىڭ تاز بولاقتا دەم ئالىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ئىسسىقتا ھېرىپ - ئېچىپ كەلگەن قارا چېرىكلەر بولاقنى كۆرۈپ، ھېچنېمىگە قارىماستىن ئۆزلىرىنى سۇغا ئېتىشتى. ئادەملەر ۋە ئۇلاغلار سۇغا راسا قېنىپ، تاماقلىرىنى يەپ بولۇشغا، قاراڭغۇ چۈشۈپ قالدى.

سايىنىڭ ئۈستىگە سۈتتەك يورۇق ئاي كۆتۈرۈلدى. ئەتراپتىن نەدىندۇر بۆرىنىڭ ھۇۋلىغان ئاۋازى كېلەتتى. ئەنەيتول ئىزچى مانجۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى قوغلاپ بارغان ئىراۋۇلچىلىرىنى ئازغاشتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، تىۋىش چىقارماي، ئادەملىرىنى

باشلاپ قاسىم پولكاننىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى.
— بۆرە ئويۇنى تەييار بولدى، ئەمدى باشلىمامدۇق؟ — دېدى ئۇ.
— باشلاڭلار! — دېدى قاسىم پولكان، — بىراق چۇقان - سۈرەن سالماي، تۇيدۇرماي ھەرىكەت قىلىڭلار. بۇ مەلئۇنلارنىڭ ئۈستىدىن تۇيۇقسىز باسقۇن قىلىڭلار - دە، ئۇلارغا ئاۋاز چىقىرىشقىمۇ پۇرسەت بەرمەڭلار!
يىگىتلەر تىۋىش چىقارماستىن، بۇلاق ئەتراپىدا دەم ئېلىپ ياتقان قارا چېرىكلەرنى چەمبەردەك قورشىۋالغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە بىراقلا ئېتىلدى. غەرق مەست ھالدا قاتتىق ئۇيقۇدا ياتقان بۇ قارا چېرىكلەر بىلەن ئاق چېرىكلەر نامەلۇم دۈشمەننىڭ قانداق كېلىپ قالغانلىقىنى بىلىشكىچە ئاڭقىرالماي، مەڭدەپ قالدى. كەڭ سايدا چېپىپ يۈرگەن ئاتلىق لەشكەرلەر مانجۇلارنى جان - جەھلى بىلەن قىرىشقا باشلىدى. لەشكەرلەرنىڭ قىلىچلىرى ئاينىڭ يورۇقىدا كۈمۈشتەك پارقىراپ، يالت - يۇلت قىلاتتى. ئۇلار قولىدىكى ئۇزۇن قىلىچ، يوغان چوماقلىرى بىلەن ئالدىغا دۇچ كەلگەنلىكى دۈشمەننى بىر باشتىن ئۇرۇپ يىقىتىۋەردى. بىر چاغدا:
— ئالۋاستىلار باستى! — دېگەن ئاچچىق ۋارقىراش ئاڭلاندى. ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ، ئەس - ھوشىنى يوقاتقان دۈشمەنلەر قالايمىقان ۋارقىرىشىپ، ئاشۇ بىر سۆزنىلا تەكرارلىشاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرئاز ھوشىنى يىغىۋالالىغانلىرى ئۆلۈم ھەلقۇمىدىن قانداق قېچىپ چىقىشنىڭ غېمىدە قۇترىغان ئىتتەك ئۇتتۇر كەلگەن تەرەپكە ئۆزىنى ئۇراتتى. قالايمىقان قېچىپ ئاتلىق لەشكەرلەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغانلىرىنى لەشكەرلەر بىر چېپىش بىلەنلا يەر چىشلىتەتتى.
قىر - چاپ تۈن بويى داۋام قىلدى. دوڭغاق قارىياغاچنىڭ قۇرۇپ قاغجىراپ كەتكەن شاخلىرىغا قاراسلاپ ئوت تۇ-

تاشماقتا ئىدى. تېڭىقلاردىكى بوغدايلار چاراسلاپ كۆيۈۋاتات-
تى. ئەتراپ ئوت شولىسىدىن خۇددى كۈندۈزدىكىدەك يورۇپ
كەتكەنىدى. دۇنيادىن بىغەم ئۇخلاۋاتقان ۋاقتىدا، تۇيۇقسىز
شەبىخۇنغا ئۇچرىغان مانجۇلار بىلەن رۇسلارنىڭ كۆزلىرى
ئالىچەكمەن بولۇپ، ماڭارغا يەر، كىرەرگە تۆشۈك تاپالماي،
باشلىرىغا ئۇرۇلۇۋاتقان قىلىچ - چوماقلارنىڭ زەربىسىدە
ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە يۈگۈرگىلى تۇردى.

ئاستىدا ئالا ئېتى بار گەۋدىلىك ئېگىز بىر رۇس قاسىم
پولگاننىڭ يان تەرىپىدە قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، چاپ - چاپ
قىلىپ كېلىۋاتاتتى. بۇ — ھېلىقى كاپىتان كامىنسكىي دېگەن
رۇس ئىدى. ئۇنى كۆرگەن قاسىم پولگان چىلانتورۇقنىڭ بېشى-
نى بۇراپ، يېقىنلاپ بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن تۇتۇشتى. كامىنس-
كىي ھەملە قىلىپ ئاۋۋال قىلىچ كۆتۈرۈۋېدى، قاسىم پولگان-
نىڭ بىر ئۇرۇشى بىلەن، ئۇنىڭ قولىدىكى ئەگرى قىلىچ ئوت-
تۇرىدىن ئىككى بولۇپ كەتتى. ئىككىنچى قېتىمدا، قاسىم پول-
گان ئۇنىڭ يەلكىسىگە بار كۈچى بىلەن قىلىچ ئۇرۇپ، ئۇنى
ئاتتىن تىك موللاق چۈشۈردى. بۇ چاغدا رۇسلار ئارىسىدا:

— ۋايجان، كوماندىر كامىنسكىي قازا تاپتى!
كامىنسكىينى ئۆلتۈرۈۋەتتى! — دېگەن ۋارقى-
راشلار ئاڭلاندى. قاسىم پولگان يېڭىباشتىن بولاق تەرەپكە
ئات چاپتۇردى. ئۇنىڭ لەشكەرلىرىمۇ ئۇنىڭ بىلەن قاتارلىشىپ
ئات چاپتۇرۇپ، دۈشمەننى قىر - چاپ قىلدى. ئۇلار ئالدىغا
ئۇچرىغانلىكى دۈشمەننى رەھىم قىلماي غۇلاتماقتا ئىدى.
بىرىنىڭ قولىدا قىلىچ، بىرىنىڭكىدە نەيزە، بىرىنىڭكىدە پالتا،
بىرىنىڭكىدە چوماق بار ئىدى. قارا چېرىكلەر بىلەن ئاق چې-
رىكلەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ بېلى ئۈزۈلگەن، بەزىلىرىنىڭ سۆڭىكى
سۇنغان، بەزىلىرىنىڭ ئۈچەيلىرى چۇۋۇلغان، بەزىلىرىنىڭ قار-
نى يېرىلغان، بەزىلىرىنىڭ جىسمى قانغا بويالغان

بەزىلىرىنىڭ قول - ئايىغى ئۈزۈلگەن، بەزىلىرىنىڭ بولسا كۆزى تېشىلگەنىدى. بىرى جان بەرمەكتە، بىرى قان تۆكمەكتە، بەزىلىرى ئات چاپتۇرىدۇ، بەزىلىرى ئاتتىن يىقىلىدۇ... بۇ جەڭنىڭ مەنزىرىسى ئەنە شۇنداق ئىدى.

قاسىم پولكانىنىڭ ئارىلاپ - ئارىلاپ، ئادەم ئاڭلاپ باقمىغان بۇ دەھشەتلىك جەڭنىڭ ۋاڭ - چۇڭىنى، قارا چېرىكلەرنىڭ كىشىنىڭ قىرىققۇسى كەلگۈدەك ئاچچىق چىرقىراشلىرىنى، ئاق چېرىكلەرنىڭ ياردار ئېيىقتەك ھۆركىرەشلىرىنى، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرىنى، تۆگىلەرنىڭ بوزلاشلىرىنى ۋە قىلىچ - پالتىلارنىڭ بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇپ جاراق - جۇرۇق قىلىشىنى ھەمدە ياردارلارنىڭ ئىڭراشلىرىنى بېسىپ چۇشۇپ:

— يىگىتلەر، غەيرەت قىلىڭلار! باش كۆتۈرتمەڭلار! بۇ كانتۇلارنى ئاياپ ئولتۇرماڭلار!— دېگەن ئاۋازى يىراق - يىراقلاردىن ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى، ئۇ ۋە ئۇنىڭ يىگىتلىرى ياقۇپبەگ ئۈچۈن ياكى ئۇنىڭ ھاكىمىيىتى ئۈچۈن ئەمەس ئۆزلىرى ئۈچۈن جەڭ قىلىۋاتقانلىق ھېسسىياتىغا چۆمۈلگەنىدى.

شۇنداق قىلىپ، گۇاڭشۈينىڭ ئىككىنچى يىلى① يازدىن تارتىپ گۇاڭشۈينىڭ تۆتىنچى يىلىنىڭ باشلىرىغا② قەدەر داۋام قىلغان، مانجۇ خاقانلىقىنىڭ شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش يۈزىسىدىن ئېلىپ بارغان دەھشەتلىك ئۇرۇشىنىڭ مۇقەددىمىسى مانا مۇشۇ تاز بولاقتا باشلاندى③...

---

① گۇاڭشۈينىڭ ئىككىنچى يىلى — 1876 - يىلى.

② گۇاڭشۈينىڭ تۆتىنچى يىلى — 1878 - يىلى.

③ بۇ قېتىمقى جەڭدە، قاراچېرىكلار تولۇق يوقىتىلغاندىن باشقا، يەنە رۇسلاردىن بىرى ئۆلتۈرۈلدى. كۆپى ياردار قىلىندى. رۇس كارۋىنىنىڭ توقسان ئېتى ئولجا ئېلىندى.

苦 难 的 大 地（2）
著　者：阿不都魏力·艾力

新 疆 大 学 出 版 社 出 版
（乌鲁木齐市胜利路14号　邮政编码：8300046）
新疆新华书店发行　新疆新华印刷二厂印刷
850×1168毫米　1/32开本　9.5印张
1997年1月第1版　1997年3月第1次印刷
印数：1——10350

ISBN7—5631—0840—8/Z·151（民文）定价：23.00元